第三届新疆社科优秀期刊 شىنجاڭ بويىچە 3 ـ نۆۋەت باھالانغان ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# يېڭى قاشتېشى

NEW JADE LITERATURE

新玉文艺



2005.4

- تاراقلاپ ئاڭلاندى توپلەي ئاۋازى
- «گېنېرال سۇلايمان»نىڭ ھېكايىسى
- تىرىلىش، ئۆزىنى تونۇش ۋە يۈرەكتىكى سۆز
- تارىخنىڭ بەدىئىي كۆزگۈسى
- بىزدىكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى

ISSN 1002-9206

08

9 771002 920009



«ياشلىق ھەققىدە سۆھبەت» ، «باشلىق بولغاندا» ، «ھەقلىق پاراڭ-
لار» ، «ئۈنئالغۇ» ، «بۇ مېنىڭ يۇرتۇم» ، «مەن خاتا ئوقۇلغان كىتاب»
قاتارلىق ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى ، شائىر ——
ئەرشىدىن راشىدىن ئەپەندى

2005 ـ يىل




# يېڭى قاشتېشى

2005 ـ يىللىق 4 ـ سان

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

(27 ـ يىل نەشرى ، ئومۇمىي 144 ـ سان)

## ھېكايىلەر

«گېنېرال سۇلايمان» نىڭ ھېكايىسى ........................ مۇھەممەدئىمىن ئابدۇۋەلى (10)
ماجىرا ........................ ئوبۇل ھاشىم (19)
تۈنجى قار........................ سالامەت ئۆمەر (23)
مۇھەببەت يالدامىسى ........................ ئابلىمىت ئابلەت (27)
تۇمانلىق جىلۋە ........................ شىرئەلى ئۆمەر (32)

## نەزمىي ئەسەرلەر

تاراقلاپ ئاڭلاندى توپلەي ئاۋازى ........................ غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد (3)
قاتار قاتار تۇرنىلار كەلدى ........................ مۇھەممەت كامال خۇشخۇي (5)
تاشلىۋەتتىم گۆدەك چاغلارنى ........................ ئەنۋەر ھىدايەت (6)
لىرىكىلار ........................ مۇھەممەدروزى ئابدۇقادىر (6)
تۈنەكتە قالغان شېئىرلار ........................ ئۆمەر رەجەپ (7)
يېڭى مەسىلىلەر ........................ مەتقاسىم مەتنىياز (8)
يامغۇر لىرىكىسى ........................ ئابلىز ئابدۇللا (9)
رۇبائىيلار ........................ مەتتۇرسۇن مەتتوختى (9)
قەلبىمنىڭ تۆرىدە نۇرلۇق چولپانلار ........................ ئابلەت ئەخمەت (34)
ئىشقىي نەزمىلەر ........................ مۇھەممەدتوختى ئەھمەد (35)
رۇبائىيلار ........................ ئابدۇلئەھەت داۋۇت تۇركزات (37)
بۇ دۇنيا ھىجرانلىق كېچىدۇر بەلكىم ........................ ئايىمنىسا سۇلايمان (37)
باغرىمدا ئەركىلەر ئۇماق سۆرىتىڭ ........................ ئابلەت غولام (38)
شېئىرلار ........................ ئېزىز مۇھەممەد شەمس (39)
ئىككى مۇخەممەس ........................ ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر (40)
كەپتۈ ........................ خېلىل ئاسىم (41)
رۇبائىيلار ........................ ئەركىن داۋۇت ئوغۇز (41)

باش مۇھەررىر:
ھېجىت باقى
(خوتەن ۋىلايەتلىك ئە-دەبىيات ـ سەنئەتچى-لەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
تۇرسۇنجان مۇھەممەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇھەررىر:
مەتنىياز مەتقاسىم
داۋۇت ئادىل

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى
ئەكبەر سائىم

رۇبائىيلار ........................ مەمەت ئابلەت (42)

ئانا تىلىم ، سەن ھاياتسەن يوللىرىم روشەن .................. گۈلجەملە ھەببۇللا ئۇقيا (42)

ئۆچكەن ئوت ........................ تۇرالسا ئەخمەتنىياز (42)


## نەسرلەر


تىكەن قۇش ........................ ئەنۋەر تاشتۆمۈر (83)


## بىزنىڭ كارخانىچىلىرىمىز


«نەقشۇەن» گىلەملىرى ۋە ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان سىرلار .................. ئۇبۇلقاسىم مەتنىياز يۇرۇگقاش (69)


## ئەركىن پاراڭلار


تىرىلىش ، ئۆزىنى تونۇش ۋە يۈرەكتىكى سۆز ........................ ئەنۋەر ھوشۇر (43)

تارىخنىڭ بەدىئىي كۆزگۈسى ........................ ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن (53)

دىسكوخانا ۋە قىرائەتخانىدىن تۇغۇلغان ئويلار .................. يۇسۇپجان نىياز ئەلقۇت (58)

تەپەككۇر جەۋھەرلىرى ........................ ئەزىز ھاشىم (66)


## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز


شېئىر بىلەن يۇغۇرۇلغان ھايات ........................ سادىر تۇرسۇننىياز (86)


## فېليەتونلار


بىزدىكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ........................ مەتمىن رەجەپ (76)

تەرەققىيات ........................ مۇھەممەتتۇرسۇن قۇربان (78)

كەتكۈلۈك كەلمەس ، كەلسەڭ خوتەنگە .................. داۋۇت ئادىل (80)


## سادا


«يېڭى قاشتېشى» دىكى دېھقان روھى ........................ مەتتۇرسۇن ئېلى (94)


## تەرجىمە كۆزنىكى


تەڭداشسىز بولاڭچىلار ........................ داۋۇت ئادىل (ت) (91)

ئالاھىدە سوۋغا ........................ ئاتىكەم نىزامىدىن (ت) (93)


## كلاسسىك ئەدەبىياتىن


كەنزۇرراغىبىن (قىزىقتۇرۇچىلار غەزىنىسى)دىن تاللانمىلار .................. ئەبەيدۇللا ئەقسەرى (95)


مۇقاۋا بىرىنچى بەتتە: ئىشتىياق بىلەن .................. غەيرەت ئەيسا فوتوسى

مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: قايىنام جاپپار


تەھرىر ھەيئەتلەر:

(ئىسلىمى تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇللا سۇلايمان

ئابدۇلئەھەد قادىرى

ئالتۇنگۇل رەجەپ

ئەنۋەر ھوشۇر

گەزىز مۇھەممەت شەمس

تۇرسۇنجان مۇھەممەت

سدىق قاۋۇز

مىجىت باقى

مۇھەممەت چاۋار

مەتقاسىم ئابدۇراخمان

مەتسىلىم مەتقاسىم

نۇرمۇھەممەت توختى

ئۆمەر رەجەپ

ئۇبۇل ھاشىم

مەسئۇل كوررېكتورلىرى:

ئابدۇرېھىم رۇزىئون
(تەكلىپ قىلىنغان)

تۇرسۇنجان مۇھەممەت

كومپيۇتېردا:

پالقۇن مۇھەممەدروزى



فۇجىمۇھەممەد مۇھەممەد

# تاراقلاپ ئاڭلاندى توپلەڭ ئاۋازى

## مۇھەببەت ئون بەشكە تولمىغان چاغدا

مۇھەببەت ئون بەشكە تولمىغان چاغدا،
كۆرگەنتىم مەن ئۇنى قىرىق سېكىلەك.
ئوينايتتى دالىدا يۇزلىرى تويا،
كۆزلىرى ياش يۇقى، قوغلاپ كېپىنەك.

مۇھەببەت ئون بەشكە تولمىغان چاغدا،
مەكتەپتە ئوقۇيتتى، بۇغداي ئورايتتى.
ئاسمانغا ئاي چىقسا كۈلۈپ، شادلىنىپ،
يۇلتۇزلار ساقىسا يىغلاپ كېتەتتى.

مۇھەببەت ئون بەشكە تولمىغان چاغدا،
دۇنيامۇ ئون بەشكە تولمىغانىدى.
مۇھەببەت ئون بەشتىن ھالقىدى قاچان،
بۇ دۇنيا ۋەيرانە چالغا ئايلاندى.

مۇھەببەت ئون بەشتىن ھالقىدى قاچان،
دۇنيادا سۆيگۈدەك بىر قىز قالمىدى.
سەككىز قىز قەلبىمدە يىغلىدى يۇم ـ يۇم،
مۇھەببەت ئون بەشكە قايتىپ كەلمىدى.

## ئاپرېل، سۆيگۈ كۈيى

سەھەردە قىزىل گۈل ئېچىلىۋاتقاندا،
ئەڭ گۈزەل ھىجرانغا پۈركىنەر جاھان.
كۆز يېشى ئەڭ لىرىك ناخشا بولسىمۇ،
بۇلبۇلنىڭ كۈيىدىن ئاقار قىزىل قان.

ئامرىقىم، ھەركۈنى سۆيگۈ ھازىدار،
ئايرىلىپ كېتىمىز ئۇچراشساق جەزمەن.
مارتتىكى ئالدىراش ھاشارەتلەردەك،
ئاپرېلدا دەسسىلىپ تۈگەيدۇ چىمەن.

چىرايلىق ئېچىلغان سۇلياۋ گۈلدە،
مۇجەسسەم نەقەدەر تاقەت ۋە چىدام.
پاكىز كۆڭۈلنى بەرمەسلىك كېرەك،
چېقىلىپ كەتسىمۇ ئەينەكلەر تامام.

## سائەت بىر بولدۇ بىردەمدىن كېيىن

سائەت بىر بولدۇ بىردەمدىن كېيىن،
ئەگەر ئۇ توساتتىن توختاپ قالمىسا.
ئويلايمەن قاپقارا كۆزلۈك بىر قىزنى،
دېرىزەم ئالدىغا كېلىپ يىغلىسا...

مەن ئاڭا تەسەللى بېرەتتىم مۇنداق:
يىغلىما، ئۆلۈمنى يېڭەر مۇھەببەت.
يىغلىغىن، كۆز يېشى گۈللەردىن گۈزەل،
يىغلىما، كۆز يېشى پاتقاق ۋە مەينەت.

بىردىنبىر يول ئەمەس ئۆلۈم سەن ئۈچۈن،
ۋەلېكىن بىردىنبىر يول ئۇ ئاخىرقى.
يىغلىما، ھايات ئەڭ چىرايلىق شېئىر،
يىغلىغىن، قايغۇلۇق يازدىم مەن ئۇنى.

ئەينەكنى چېقىپ مەن چىقىپ تالاغا،
دەيتتىم ھەم ئۇ قىزغا ھەسرەت ئىچىدە:
يىغلىما،
بارچە سىر ئېچىلار يېرىم كېچىدە.
سائەت بىر بولدۇ بىر دەمدىن كېيىن،
ئەگەر ئۇ توساتتىن توختاپ قالمىسا.

## كارىدور

1

تاراقلاپ ئاڭلاندى توپلەڭ ئاۋازى،
كۆزلىرىم ئىشىكنى، ئاچتى ئالدىراپ.
قۇلىقىم يۈگۈرۈپ چىقتى تالاغا،
قولۇم ۋە پۇتۇممۇ بولدى پاتپاراق.

ئويلىدىم، ئۇ بىر چۈش، قىسقان ئەتىرگۈل،
ئەخلەتلەر لىق تولۇپ كەتكەن بىر كۆڭۈل.

شېئىردىن ئايرىلىپ قالغان بىر ئايال،
ئۆيى يوق، يارى يوق دېۋانە شامال...

ئاخىرقى رېئاللىق بەلكىم ئۇ يوچۇن،
ئاخىرى رېئاللىق يالىڭاچ ئايال.
تاك، تاك، تاك... ئىشىكىم چېكىلدى بىردىن،
چىقسام ئاھ، ھېجىيىپ تۇرار خام خىيال.

2

ئەي يۈرەك، غېرىبلىق باشلانغان سەندىن،
تىرىلگەن ھاياتىم ئۆلۈم ئىچىدە.
فابرىكا قىزلىرى سۆيگۈ ئىگىرگەن،
قاراڭغۇ سېخلارغا سىلىپ ۋەسۋەسە.

توزۇغان دەھشەتلىك چىرقىراپ گۈللەر،
تۇرسىمۇ قەلبىمدە سايراپ مىڭ بۇلبۇل.
ئۆيىمۇ ئۆي ساپايە سوققان ھەم كۆڭلۈم،
دەردىمنىڭ كېيىمى يىرتىلغان جۇلجۇل...

ئۆتمۈشنى نەپرەتكە ئوراش نەھاجەت،
ۋەلېكىن ئەي خوتەن توغقان سەن مېنى.
ماكانسىز ئىت كەبى تاشلاپ كوچىغا،
بىلدۈرگەن بىر ئۇلۇغ ئادەملىكىمنى.

3

كارىدور سوزۇلغان ئۇزۇندىن ئۇزۇن،
بىر ئۇچى مۇھەببەت، بىر ئۇچى نەپرەت.
ئۈزۈلمەس رېتىملىق توپلەي ئاۋازى،
بىر يىرتىق تەقدىردىن بېرىپ بېشارەت.

نەدىدۇ بىر ناخشا يىغلار قان قۇسۇپ،
تېلېۋىزور ئىشتاننى سېلىۋەتتى، ئاھ.
لۈمۈلدەر ياتاقتا شەھۋەت قۇرۇتى،
نە قىلسۇن شەكىلسىز روھلارغا ئىزاھ.

بۇ كېچە مەن بەلكىم ئۆلۈپ كېتىمەن،
ئەي خوتەن جەسەتىم ساڭا ئامانەت.
يېتەر ئۆز يارىغا ھەركىشى چوقۇم،
ئۆلۈمدەك چىن بولسا ئەگەر مۇھەببەت.

## تاز قوشاق

ئۈمىدسىزلىك چاقنايدۇ جامدا،
ئۆلۈك ئاتلار كىشنەيدۇ تامدا.
چىرقىرايدۇ پىنھاندا لەززەت،
ئىت قاۋايدۇ مېھرىبانلىقتا.

ئاققان قۇملار ئەرۋاھ لەشكەرلەر،
ياتقان تەنلەر چەكسىز باياۋان.
ساتار مەڭگۈ يىغلايدىغان قىز،
تاش ئۆز قاتتىقلىقىغا ھەيران.

پارقىرايدۇ پەلەكتە نۇرلۇق،
يېتىملارنىڭ مىسكىن يۇلتۇزى.
دېرىزىدە سەرگەردان چۈشلەر،
يىغلار سۇدا زامانىنىڭ سۆزى.

قولۇمدا دۇتار قىز،
تارى ئۈزۈلگەن، قارنى يېرىلغان.
بارماقلىرىم
سۇنغان، قايرىلغان.

## ئادىل

ـ مېنىڭ ئوغلۇم

1

ئادىل يالىڭاچ ئوينايدۇ،
كۈندىن ئىزا تارتمايدۇ.
ئۆرە تۇرۇپ سىيىدۇ،
بىر، ئىككى، ئۈچ...
سۇيدۇكىدىن ئاتلايدۇ.
ئەينەكلەرنى چاقىدۇ،
يوق ئاڭا قانۇن.
خالىغانچە يىغلايدۇ،
يوق ئاڭا سىياسەت.
ئايىغىنى تەتۈر كىيىدۇ،
لېكىن
يولنى ئوڭ ماڭىدۇ.

2

قوينىڭ بالىسى قوزا،
ئېشەكنىڭ بالىسى تەخەي
كالىنىڭ بالىسى موزاي...
چۈمۈلىلەر ھاشارچى
ئۆمۈچۈك ئىشچى.
خوراز لۈكچەك، قۇشقاچ قىمارۋاز
پاقا ناخشىچى...
قاراڭغۇدىن قورقمايدۇ
جىننى ئىزدەپ توۋلايدۇ.
ئادىل دېگەن ئادىلدۇر
ئوغۇل بالا پادىشاھ.

3

كۆزلىرىگە يېپىلسا كۈگۈم
يىغلىتىدۇ يۇلتۇزلار ئۇنى.
قاراڭغۇدا يۈگرەيدۇ جىنلار،
تاپالماستىن ئىسسىق ئۆينى.

تىرەكلەرنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ،
ئۇ كوچىدىن بۇ كوچىغىچە.
يۈگرەيدۇ دادا!! دەپ توۋلاپ،


يازغۇچى ئوبۇل ھاشىم، خىزمەت ۋە ئىجادىيىتىڭىزگە تېخىمۇ زور ئۇتۇق تىلەيمىز!

تەنهالىقتىن غىرىبلىققىچە.

دادىسى ئۇنىڭ شامال قەلەندەر،
ئانىسىچۇ، سەرسان كېپىنەك.
قوشاق دېگەن چۇۋۇلغان سۇۋەت،
چۆچەك دېگەن تۈۋى يوق چىلەك.

**مۇھەممەت كامال خۇشخۇي**

ئوغۇزخان بار، كۆك بۆرە يوق،
چىن تۆمۈر بار، مىسران قىلىچ يوق،
سادىر بار، ئاق ئات يوق...
چۈنكى، ئۇلار كىچىك، بەك كىچىك
كىردى ئاران بەش ياشقا.
(ئاپتور: گۇما ناھىيىلىك يولۇچى توشۇش بېكىتىدە)

# قاتار قاتار تۇرنىلار كەلدى

## بار ئەزايىم يىغا پۇرايدۇ
(يېڭى يىلغا سوۋغا)

قىراۋ چۈشكەن بېشىمغا يەنە،
ئاققۇلارنىڭ توزۇدى پېيى.
قاتار ـ قاتار تۇرنىلار كەلدى،
چېلىنغاندەك مۇسبەت نېيى.

بار ئەزايىم يىغا پۇرايدۇ،
نەينى چوپان چېلىپ يۈرگەنگە.
ياپرىقىمغا قوندى بىر شەبنەم،
تونۇمايسەن بىرلا كۆرگەنگە.

غېرىب بولدۇم، غېرىبجان تۇرۇپ،
شاھ سەنەمنى شاتىرغا بەردى.
قىرىق بەشتىن ھالقىغان يېشىم،
ئەللىك دۆڭدىن چاكاندا تەردى.

ئاق چېچىمنى بازارغا سالسام،
بېدىك گۈيلار قالدى تالىشىپ.
نېمە كەپتۇ رەستە ئارىلاپ،
ئىت بىلەن قوي يۈرسە يالىشىپ.

چاپىنىمنىڭ ئورنىدا كىيدىم،
ئاق ئالمىنىڭ يۇپۇرمىقىنى.
يېڭى يىلغا كىردىم بەك مەيۈس،
بىلىپ جانىنىڭ ئۇپۇرمىقىنى...

## دېھقان

ئىپار يۇتۇپ، ئىپار تۈزۈتۈپ،
خىزىر كېلەر ئەرش يولىدا.
تەگرى بەرگەن شۇ قىممەت گۆھەر،
ئالماس بىسلىق كەتمەن قولىدا.

تورۇكلايدۇ ئاياغپايىدا،
ئۇپۇق بويلاپ يېيىلغان تىلەك.
نىكەم توزۇپ كەتكىلى قۇياش،
بىراق ئۇچۇ ئىتىزدا ھەلەك.

ئالقان ئاتلىق يىرىق پىچلاردا،
نەچچە «قۇياش» تۆكىدى كۆيۈپ.
لېكىن سادىدا ئاشۇ بۇزرۇكۋار،
قەلب ئۆيۈمگە كىرمەكتە سۆيۈپ.

## سوئاللار تۇغدۇ بىرىنى ـ بىرى

1

قەلبىمنىڭ تۆرىدە لىرىك بىر نەسىر
يالتىرار بوۋامنىڭ كۈمۈش چېچىدەك.
نەۋرەمنىڭ تۈن يەڭلىغ بىر جۈپ كۆزىدەك،
ئاقىدۇ يۈرەكتىن يۈرەككە جىمجىت،
توختاۋسىز مىڭ ئەسىر
سۆيگۈ پىچىدەك.
بىر ئۇچى باقىيدا، بىر ئۇچى پانىي
دۇنيانىڭ قوينىدا ئۈزۈلمەيدىغان.

2

چالىمەن دۇتارنى كونا بىر كۈيگە
يېقىملىق سازلانغان يېڭى پەدىگە.
ئاڭلايدۇ يىراقتىن غەيرى بىر جانۋار،
زوق بىلەن ياش تۆكۈپ
بۈگۈن ـ ئەتىگە.
سورايدۇ بىراۋلار قانداق سازىڭ ئۇ؟
بىز كۈتكەن پەدىگە تۈزۈلمەيدىغان؟!

3

چۆكمەن بۇلاققا تەخىرسىز مىڭ رەت،
تاقاشقا ناۋائى كۆكسىگە ئوردىن.
يۇتىدۇ تىنىقىم بېلىجانلارنى
بىراقكى،
كۆڭلىرىم شېئىرسىز بەئەينى زۇلمەت.
ياتىدۇ يىراقتا غوۋا بىر يۇلتۇز،
پىلىلداپ تۇرغاندەك سامانىنىڭ چوغى.
يورۇقلۇق تاپمىقىم قىممەت ۋە قىممەت،

NEW JADE LITERATURE

سۇئاللار تۇغدۇ بىرىنى ـ بىرى.
قانداق دۇغ بۇلاق ئۇ؟
سۇزۇلمەيدىغان...

## چۈش

تېتىپ يامغۇر تۈزىنى بىردىن،
ئۆكۈپ كەتتى مەجنۇنتال بايا.
كېيەن يىرتىپ بىھايا جانلار،
يۈرەر بۇندا ۋىناستەك گويا.

**ئەنۋەر ھىدايەت**

ئۇچراپ قېلىپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم،
مەغرۇرغىنە كەتتىم زۇۋانسىز.
تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان پېتى،
جىجاپ يەرگە قالايمىقان ئىز.

چۈشۈپ كەتتىم ئۆزۈم ئاستىغا،
تار كوچىدا قەستەن چېلىشىپ.
جۆيلۈپ يۈرسەم ئالماڭلار خودۇك
يېقىلغانمەن ئەسلى پېلىشىپ.
(ئاپتور: گۇما ناھىيىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن)

# تاشلىۋەتتىم گۆدەك چاغلارنى

1

«مەن سېنىڭ» دەپ تىزلىنىپ تۇرۇپ،
باشتا قىلغان سۆزلىرىڭ قېنى؟
ئايۋىنىمدا ئۇچۇرۇپ بوران،
دەرد ـ ئەلەمدە قىينىدىڭ مېنى.
قىلىقىڭدىن ئادەم يىرگىنەر،
قانداقسىگە سۆيدۇممەن سېنى.
شۇنداقتىمۇ تويمىدىڭ يەنە،
يىلىكىمنى شوراپ ھەركۈنى.
ئىنسانلارنىڭ تۈلكە، شەيتانىغا،
ئۆزگەردىمۇ سېنىڭدە كېنى؟

2

كۆپۈك بولۇپ قالىدۇ شۇڭا،
قاراڭغۇدا ئەنسىز يۈرۈشلەر.

**مۇھەممەدروزى ئابدۇقادىر**

ساقىپ كېتەر يىراق ـ يىراققا،
«ئاشىق مەن»، دەپ يالغان كۆيۈشلەر.
يوقۇلىدۇ ئەستىن چۈشسىمان،
ئاھ، پىۋىدەك سوغۇق سۆيۈشلەر.

3

نەچچە ۋاقىتتىن دامىڭغا چۈشۈپ،
تېپىۋالدىم ئەقلىمنى مانا.
تاشلىۋەتتىم گۆدەك چاغلارنى،
سەنمۇ مېنى «ئادەم» دەپ سانا.
مۇز تۇتۇپ لېۋىڭنى، نىگار،
سەن ئۆزۈڭنى ھايات چاغلىما.
زىدە بولۇپ سوۋۇدى يۈرەك،
كەت! بىلىگنى ئەمدى باغلىما!
(ئاپتور: قاراقاش ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىدا)

NEW JADE LITERATURE

# لىرىكىلار

## يۇلتۇزلار

يۇلتۇزلار تۈن كېچىنىڭ بېزىكىدۇر،
كۆزىدىن ئالتۇن نۇرلار چېچىپ تۇرغان.
ئاق قارنىڭ جىلۋىسىگە كۆز قىسىشىپ،
يۈرىكى ھاياجاندىن سوقۇپ تۇرغان.

ئورمانلار سۈكۈتىگە سىلىپ قۇلاق،
ھاياتنىڭ تاماشاسىن بىلىپ تۇرغان.
كۈندۈزنىڭ زېرىكىشلىك ھالىتىنى
بىر ئۆمۈر مەسخىرىگە كۆمۈپ تۇرغان.

سەھرانىڭ قىز قەلبىدەك دالاسىغا،
پاك، قىزغىن سۆيگۈسىنى قېتىپ تۇرغان.
ئۇ ئۈمىد چىرىغىدۇر ئىنسان ئۈچۈن،
نىشانسىز يوللار ئارا يېنىپ تۇرغان.

## ئاسمان

ئاسمان ناخشىسىنى ئېيتماقتا خۇشال،
زېمىن قۇشلىرى قاقماقتا قانات.
تەنھا بوشلۇقتا يانغان شولىلار،
قۇياشنىڭ باغرىغا قوشماقتا سۇبات.

دەريالار ساداسى تارىلار كۆككە،
چېقىنداپ تۇرىدۇ بىر گۈزەل جىملىق.
سۇررەڭ كۈكۈمنىڭ ئويچان قەلبىدەك،
يۇلتۇزلار باغرىنى قاپلىغان لىپىلىق.

قۇملۇقلار قىسسىدۇر يېيىلغان تەكشى،
ئوقۇيدۇ كۆك ئاسمان ئېرىنمەي كۈن - تۈن.
تۆگىلەر تىۋىشى يۈتكەن يوللارغا،
سىڭمەكتە قۇياشتىن تۆكۈلگەن ساپ ئۈن.

ۋاقىتنىڭ نۇرىدەك ناخشىسى چەكسىز،
كۆز تىكەر ئالەمنىڭ باغرىغا تولۇق.
ئۇ كەڭرى بىر ساھىل، ئاق چاچلىق ئانا،
ئادەملەر قەلبىگە چاچىدۇ يورۇق.

### دەرەخ قىز

سايە تاشلاپ تۇرار يېنىمدا،
سىلكىنىدۇ سۇمبۇل چاچلىرى.
ئۇرۇلىدۇ نۇردەك مۇلايىم،
دىلغا ئارام پاك تىنىقلىرى.

سىلكىپ رەڭدار قولياغلىقىنى،
بۇلۇتلارنى چىللايدۇ پەسكە.
جىملىقىنى كۈيلەر ۋاقىتنىڭ،
نېمىنىدۇر ئالغانچە ئەسكە.

بەلكىم سۆيگەن قىزدۇر ئوغۇزخان،
ئاي، كۈن، يۇلتۇز باللىرى بولغان.
كۆرمەك بولۇپ ئەۋلادلىرىنى،
دەرەخ بولۇپ قايتا يارالغان.

**ئۆمەر رەجەپ**

### ئايدىڭ لىرىكىسى

ئاسمان ئوردىسىدىن چىقىپ كەلدى ئاي،
سامان يولىغا تارتىپ ئاقلىق.
يىراق - يېقىنلار ئاچتى پاك چىراي،
ئورمانلار شۇ قەدەر مەغرۇر ۋە سىرلىق.

سەھرا ئۆيلىرى ئاقاردى تاڭدەك،
بىغۇبار تۇيغۇلار چىقاردى قانات.
ساتارنىڭ ئۈنىدىن ياشاردى تىلەك،
مەستخۇشلۇق تېنىگە شۇڭغۇدى قانات.

يېشىل چۆپ ئۈستىگە قوندى ئاي نۇرى،
قۇشلارنىڭ كۆزىدە نۇرلاندى ۋەتەن.
كۆز قىستى يۇلتۇزغا نامازشام گۈلى،
ئىشقىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ باردى تەن.

يۇيۇندى بۇلاقتا گۈزەللىك پىرى،
تاغلارغا ئاتىدى مېھرىنى تولۇق.
ئېچىلدى بىر قىزنىڭ ئۇياتچان سىرى،
چېچىلدى دۇنياغا پىنھان يورۇقلۇق.

(ئاپتور: لوپ ناھىيە ھۇيا يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە)

## تۈنەكتە قالغان شېئىرلار

### دوستلارغا سالام

دىلىمدىن ئەسسالام دوستلار، ئاراڭلارغا يېنىپ كەلدىم،
قۇرۇق قول كەلمىدىم ئەسلا، يېڭى نەزمە يېزىپ كەلدىم.
دىلىمغا نۇر - ئىمان سالغان ئانا مەكتەپتە ئابدۇللا،
شۇڭا ھەرۋاخ بۈيۈك ئۇستاز ۋە يا ئاللاھ بىلىپ كەلدىم.
ھېسابسىز ئېھتىرام ئۇستاز سىدىق قاۋۇزغا مىڭ مەررە،
قولۇمدىن يېتىلەپ شۇ زات مۇشۇ سەپكە كىرىپ كەلدىم.
پەقىر كەلدىم، ئاكام روزى، سېغىل دىلنۇر كۆرۈنمەيدۇ،
ئۇلار كەتتى، كېتىپ قالدى، شۇڭا سەپتە چېنىپ كەلدىم.
شېئىر بىرلە تۇغۇلغانمەن، «يېڭى قاشتېشى»دا چاقناپ،
نىكان ئاستانىدە ۋە يا شېئىر بىرلە كۈلۈپ كەلدىم.
تۈنەكتە قالدى دەپ قالماڭ، مانا ئون يەتتە يىل ئۆتتى،
شېئىرىيەت ئىشقىدا ھەرۋاق گويا چوغدەك يېنىپ كەلدىم.
ھاياتمەن، ئۆچمىدىم ئەسلا «ئۆمەر ئۆلدى» دېسەڭلارمۇ،
دېمەك، مەن ئەسلى بىر ئادەم ئۆزۈمنى ھەم بىلىپ كەلدىم.

### ھەيرانمەن

گۈل - گۈلىگە كەلگەندەك،
ئۇلار بەكمۇ ماسلاشقان.
گويا يۈسۈپ ئوردىدىن،
زۇلەيخانى ئەپقاچقان.

بىرسى ئېسىل قاشتېشى،
بىرسى كۆسەي قاپقارا.
كۆزلىكىنى ئاجايىپ،
باب كېلىدۇ ئۆزئارا.

قىز كۆزلىمەس ئەر - چىراي،
شەرتى: پۇل ۋە «سانتانا».
يىگىت دېمەس يۈز ئابروي،
كۆزلىكىنى باشپاناھ.

NEW JADE LITERATURE

## تۇنجى قار

جانانىمنىڭ لەۋزىدەك،
كىر ـ غۇبارسىز قەلبىدەك،
ياشلىق غۇنچە دەۋرىدەك،
ياغدى مانا تۇنجى قار!

تويغا چاچقۇ چاچقاندەك،
ئاق داستىخان ئاچقاندەك.
شۇنچە هالال، ئاق ناندەك،
ياغدى مانا تۇنجى قار.

## گۈلباغ

يۈرىكىسەن ئەلچى ـ خوتەننىڭ،
مەن كۆز ئاچقان ئانا ۋەتەننىڭ،
جان ئارامى ـ هۇزۇرى تەننىڭ،
قىبلەگاهىم، ئارامىم گۈلباغ.

كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ساڭا،
قىسمەتلىرىم پۈتۈلگەن ساڭا،
ئارمانلىرىم كۆمۈلگەن ساڭا،
قەدىم ـ جايىم ـــ ماكانىم گۈلباغ.

سەندە تاپتىم ئەقىل ـ پاراسەت،
سەندە تاپتىم تۇنجى مۇهەببەت،
شائىرلىقنى تاپتىم تۇنجى رەت،
ئىپتىخارىم، چىن يارىم گۈلباغ.

مەردلىك سەندىن تۇغۇلغان ئۇدۇم،
ئەل ئىشقىدا يانار ۋۇجۇدۇم،
خىزمىتىڭچۈن كۆكسۈمدە قولۇم،
تىلتۇمارىم، مادارىم گۈلباغ.

تەلپۈنىمەن ساڭا هەرئاخشام،
بىر ساڭىلا ئاتالغان ناخشام،
ئىرىقىڭدا سۇ بولۇپ ئاقسام،
كۈچ ـ مادارىم ـــ ئارمىنىم گۈلباغ.

رازى بولغىن! گۈلباغ مېنىڭدىن،
ئەتىۋارسەن مەنچۈن جېنىمدىن،
جىنازامنى ئۆتسۇن سېنىڭدىن،
ئىنتىزارىم ـ بارارىم گۈلباغ.

**مەتقاسىم مەتنىياز**

(ئاپتور: خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىدا)

# يېڭى مەسەللەر

## قاغىنىڭ جاۋابى

توخۇ دېدى قاغىغا:
دوستىمىزنىڭ بىرىسەن.
تۈلكە كەلسە قاقىلداپ،
بالدۇر خەۋەر بېرىسەن.

توخۇ نەسلى سەپ تۈزدۈق
مۇددىئانى بىر قىلىپ.
هۈنىرىڭنى كۆرسەتكىن،
سەنمۇ بىزگە قېتىلىپ.

ئۈچۈپ كېلىپ چوقىساڭ،
تۈلكىنىڭ شۇ كۆزىنى...
قاغا شۇئان «قاق ـ قاق» دەپ
تەتۈر قىلدى يۈزىنى:

ـــ چوقىلايمەن نېمىشقا؟
تۈلكىدە هېچ ئۆچۈم يوق؛
قانىتىم بار قېچىشقا،
ئېلىشقۇدەك كۈچۈم يوق.

جىم تۇرسام، ئۇ تۈلكىۋاي،
ئۈلجىسىنى ئەپ كەتسە.
ئاچ قالامدۇ قۇرسىقىم،
هەممىنى يەپ تۈگەتسە.

كۆڭلۈم خۇشتۇر ـ كۆڭلۈم خۇش،
تۇخۇم تۇغساڭ ئەپ قاچسام.
تۈلكە ئۈركۈپ تاشلاپ گۆش،
تىكىۋەتسە يەپ قاچسام.

## چاشقان دادلايدۇ

يولۋاس بەك يامان دەيدۇ،
هەممىمىزگە خان دەيدۇ.
بۈركۈتنىڭ كۆزى ئۆتكۈر،
قالمايسەن ئامان دەيدۇ.

يولۋاس بۈركۈت دېگەننى،
تونىمايمىز، بىلمەيمىز.
ئۇلار قوغلاپ كەلمەيدۇ،
بىزمۇ يامان دېمەيمىز.

بىراق شۇ ياۋۇز مۈشۈك،
هەممىدىن يوغان، كۈچلۈك.
بىرىمىز ئاڭا ناشتا،
بىرىمىز يەنە چۈشلۈك.

كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ،
ئېتىلسا گەر شىددەتلىك.
يېتىپ كېلەر قىيامەت،
يوق ئۇنىڭدىن قۇدرەتلىك...

نەپسى يامان، ئۇ بەلكىم،
يولۋاسنىمۇ يەپ كېتەر.
تۇتىۋالسا بۈركۈتنى،
هۇزۇر قىلىپ «هاپ» ئېتەر.

## تۇتقۇشنىڭ ئېيتقىنى

ئاق دېسە، ئاق دەپ،
ياق دېسە، ياق دەپ.
كۈنۈم ئۆتتى خاتىرجەم،
قىلماي باشقا گەپ.

NEW JADE LITERATURE



ژۇرنىلىمىز سىزگە ئەرزىگەن بولسا، دوستلىرىڭىزگە تەشۋىق قىلىڭ.

دېمىگەننى دېمەيمەن،
ئۆگەتمىسە بىلمەيمەن.
دوراپ بەرسەم ئىگەم خۇش،
شۇڭا ئېتىم تۇتىقۇش.
شۇ ئىقتىدار، ھۈنىرىم بىلەن
ساقلاپ كەلدىم قوندىقىنى.
مەن يارىغاچ قوندۇرمىدى ھېچ،
بۇ قوندىقتا ئۇنداق ـ مۇنداقنى.
(ئاپتور: ئىيا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ پېنسىيونېرى)

**ئابلىز ئابدۇللا**

## يامغۇر لىرىكىسى

كەچقۇرۇن ناخشىلار ئېيتىماقتا يامغۇر،
سىمىلداپ يوپۇرماق مەڭزىنى سۆيۈپ.
بۇلۇتلار ۋىلىقلاپ كۆلىدۇ ئاستا،
خور ئېيتىپ يامغۇرلۇق پەسلىنى كۈيلەپ.

نەدىندۇر جىمىمىدە كەلدى بىر يىگىت،
ئۆرتىنىپ يۈرىكى، ئەسلەپ گۈلىنى.
يامغۇرنىڭ ناخشىسى سالدى قەلبىگە،
قەدىمكى بىر ناخشا بىر قەدىم كۈينى.

يامغۇرمۇ توختىدى، ناخشىلارمۇ ھەم،
نۇرلاندى كائىنات، نۇرلاندى كۆڭۈل.
خىياللار قەسرىدە پاكلاندى مانا،
قىز قەلبى ئۇلاندى يىگىتكە ئۇدۇل.
(ئاپتور: چىرا ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپتىن)

**مەتتۇرسۇن مەتتوختى**

## رۇبائىيلار

1

قوشنام بار مېنىڭكى موللا، مۇلايىم،
بار ئۇنىڭ ئالدىدا مەستلىك گۇناھىم.
مەن بىغەم ھەركۈنى ئىچىمەن شۇنداق،
مەن ئۇچۇن بەش ناماز ئوقار كۈلگۈنىم.

2

ئاغىنەم يۈرەكلىك مەينى ئىچكەندە،
مەرتلىكى ئۇنىڭغۇ ئەقلى يۈتكەندە.
ئۇڭشۇلۇپ خوتۇنغا يېلىنار شۇنداق،
چىقىرىۋەت جان خوتۇن بۇنى ئۆتكەنگە.

3

تۇرسامۇ ئىچىمەن، ياتسام چاتاق يوق،
ئىچىشنى ئويلايمەن كۆڭلۈمدە بىر زوق.
قورقىما ئاغىنە مەستلىكىم شۇنداق،
ئۇڭشالسام ئاجىز مەن، تېنىمدە كۈچ يوق.

4

ئىچمەيلى ھاراقنى بولدى بەس، ئاداش،
ھەركۈنى شىرمەنى قىلمايلى ھاپاش.
ئىچسەكمۇ ئاز ئىچىپ كېتەيلى ئۆيگە،
ئەتىگە بۇ جاندىن قالدۇرۇپ زاپاس.

5

بىر قوشنام سورايدۇ مەندىن ھەركۈنى،
ئۆيۈڭدە ئادىم كۆپ ھەركۈن ھەرتۈنى.
مەن دېدىم كۆپ ئۇخلاش بىخۇدلۇق ئۆزى،
جىمجىتلىق دوزاختا، ئالەمدە ئۈنى.

6

مەيلى مەن قاۋاقتا، مەككىدە بولاي،
پىيادە ۋەياكى مەپىدە تۇراي.
مەن دېيمەن «ھەيىيامدىن» مىڭ ياخشى پېقىر،
كەل دوستلار شەرىپىڭ بىر رومكا قۇياي.

7

بەتتە بولسۇن ياكى زاغرا ھەركۈنى توي،
پۇل بولمىسا مەيلى نىسىي لىقلاپقىنا قوي.
ئالدىرايمەن مەن ھوجرامغا كەتكىلى،
قىز دېگەنلەر بىر خىيال قېنىمدىكى خۇي.

8

ئەزەلدىن خۇشۇم يوق شېكەر ـ ناۋاتقا،
ئىشىم كۆپ چىقمايمەن رەستە ئاۋاتقا.
تاتلىقىم، دىلكەشىم، سىردىشىم شۇ مەي،
مەستلىكتە بارىمەن كۈندە باغداتقا.

9

ئىچمىسەم بولمايدۇ، بولدۇم مەيخۇمار،
بويىنۇمدا ئىسسىقلىق مەيدىن تىلتۇمار.
ئىچمىگىن دېسەڭمۇ ئىچىمەن جانان،
بىر كۈنى مەست بولۇپ مەي مەندىن يانار.

10

ئادرېسىم ئېنىقتۇ ھەركۈن، ھەرسائەت،
ئىزدىمە مېنى سەن بولۇپ بىتاقەت.
ئىزدىسەڭ ھەركۈنى قاۋاقتا پېقىر،
يۈرىمەن دوستلارغا تىلەپ سائادەت.
(ئاپتور: چىرا ناھىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىدا)


كېلەر يىللىق مۇشتەرى بولۇش ۋاقتىنى قولدىن بەرمىگەيسىز.



مۇھەممەدئىمىن ئابدۇۋەلى

# «گېنېرال سۇلايمان» نىڭ ھېكايىسى

(ھېكايە)

بۇ —— مۇشۇنداق دوقمۇش. تېگىدىكى ئۆستەڭدىن سۇپسۈزۈك سۇ لۆمشۈپ ئېقىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ يەڭگىل شىرىلدىغان ئاۋازى خۇددى مۇزىكىدەك ھارغان، تالجىققان كۆڭۈللەرگە شادلىق - ئاراملىق بەخش ئېتىدۇ؛ كۆۋرۈكنىڭ ئىككى بېشىدىكى ئىككى تۈپ قارا سۆگەتنىڭ يايپېشىل باراخسان شاخ - يوپۇرماقلىرى جەننەتتەك سالقىنلىق ۋە ھۇزۇر ئاتا قىلسا، ئالدى ۋە يان يولدىن ئۆتۈشۈۋاتقان پىيادىلىك، موتوتسىكىلىتلىق، مەپىلىك، ھارۋا، ماشىنا ...لىقلار ۋە ئۇلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى سەۋدا - سەپرانى كېسىپ، بىرخىل روھ ئازادىلىكى ئېلىپ كېلىدۇ.

بۇ —— مۇشۇنداق دوقمۇش - دوقمۇش كۆلكە دۇنياسى، دېموكراتىيە دۇنياسى! بۇ يەردە باشقۇرغۇچى يوق. كىشىلەر ئىستىخىيىلىك ھالدا بىردىن - ئىككىدىن كېلىپ، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن كۇسا ياكى كۆۋرۈكنىڭ سىمۇنتتىن قۇيۇلغان سۆكىسىگە ئولتۇرۇپ ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن پاراڭغا چۈشىدۇ. ئادەم ئاۋۇغانسېرى پاراڭ ئۇلغىيىدۇ. كىمنىڭ نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى دەيدۇ. مۇلاھىزە، مۇھاكىمە قىلىشىدۇ، خەلقئارا ئىشلاردىن تارتىپ، تۇرمۇشتىكى ئۇشتاق - چۈششەك تەرەپلەرگىچە، چۆچەك، لەتىپە، يۇمۇر ئېيتىشىدۇ، مەيدە قېقىپ كۈلۈشىدۇ.

بۇ يەرنى ئەڭ دەسلەپ كىمنىڭ «بايقىغان»لىقى نامەلۇم. لېكىن، ھازىرقى «پۇقرا»لىرى ئاساسەن مۇقىم. بۇ يەرگە كېلىدىغانلار ئەڭ بالدۇر پېنسىيىگە چىققان خادىملاردىن باشلىنىپ، بىكار تەلەپلەر، بوتكا، يايمىچىلار ۋە بىر كۈنلۈك ئېغىر ئەمگەكتىن قولى بوشىغان بازارغا يېقىن جايدىكى ياش دېھقانلار بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئۇلارسىز بۇ بازار —بازار ئەمەس، بۇ يەرسىزمۇ ئۇلارنىڭ كۈنى كۈن ئەمەس!

— ئاۋۇ يەرگە قاراڭلار، - دەيدۇ بىرسى ئۆزئارا بولۇنۇۋاتقان گەپنىڭ تېمىسىنى بۇراپ، —ئاۋۇ خېنىمنىڭ ئالدىغا!

—ھوي، راست، ئالدى ھەجىيىپ قاپتىغۇ؟ -دەيدۇ يەنە بىرسى قەھ - قەھ كۈلۈپ.

شۇنىڭ بىلەن گەپنىڭ خالتىسى تېشىلىدۇ:

—ھەي، ئىشتىنىنىڭ سىيرتمىسىنى تۈزۈك ئېتىپ چىقسا بولمامدۇ تالاغا؟ بۇ كەمدىكى ئايالللار - زە!

—بەلكىم، سىيرتما يولدا بۈزۈلۈپ كەتكەندۇ؟

—ئۇنىمۇ - بۇنىمۇ دەيمىز، ھايا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى دەڭلار، باللار، بولمىسا، ئادەت بويىچە كۆڭلەك ياكى يوپكا كىيىپ چىقسىچۇ؟ ئۇچاغدا ئىشتىنى چۈشۈپ قالسىمۇ كارايىتى چاغلىقتىغۇ؟

—ھەي، ئاغىنىلەر، ئاشۇ سىيرتمىغا بەك ئىشىنىپ كەتكەن گەپ. ئەمما - زە، بۇ كەمدە سىيرتما تۈگۈل، ئادەملەرمۇ يالغان تۇرسا.

—ھەي، ئاداشوي، نېمە دەۋاتىسىلەر؟ ئۇنداقتا، سىلى بىلەن مەنمۇ يالغانمۇ؟

—يالغان بولماي، ئۇيلاپ باقە؟ تېخى تۈنۈگۈنلا ئۇن كويلۇق بىر پۇلنى قاپ بەلدىن يىرتىپ ئىككى قىلىپ قاتلاپ، ئىككى يايمىچىغا يىگىرمە قىلىپ ئۆتكۈزدۇڭغۇ؟

—ھا، ھا، ھا، ... راست بابلاپتىغۇ مەككار يايمىكەشلەرنى!




چىرا ناھىيە بوستان ئوتتۇرا مەكتېپىدىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سېغىنىپ سالام.

ــپەمى باركەن بۇ گۆينىڭ.

ــھەي، ھەي، ئۇيۇلۇڭلار، بالىلار، «ھالالەن ھېسابا، ھارامەن ئازابا» دەيدۇ ئاللاھ ئىگەم، ھەممىدىن ئىنساپ ئۇلۇغ!

ــئاغىنىلەر، ئاغىنىلەر، ــدەيدۇ يەنە بىرسى گەپنى ئۈزگە بوراپ، ـگەپتىن ـ گەپ چىقىپ قالدى ئەمدى، مەن بىر ئىشنى دەپ بېرەي، ئۆتكەن ئايدا بىرسى بىر ئوغۇل بېقىۋالماقچى بولۇپ، شەھەرگە كىرىپتۇ ۋە بالا ساتماقچى بولغان بىرسى بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. سېتىلماقچى بولغان بالا يېگەن ـ ئىچكەندەك، سوقا ـ سەندەلدەك ئوغۇل بالىكەن. خۇش بولۇپ قىممەت باھادا سېتىۋاپتۇ. ئۆيىگە ئەكىلىپ ئىسسىق سۇدا تازا بىر يۇيۇندۇرغانىكەن، ھېلىقى ئوغۇل قىز بالىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

ــنېمە بولۇپ؟

ــھەي، تاڭەي، كىم بىلسۇن ئۇنى؟ ئىشقىلىپ جۈمىكىنىڭ ئورنىغا چۆچەك پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

ــمېڭىڭلا هوي نېرىغا، نەدىكى يالغاننى توقۇيدىكەنسىلەر، تەكشۈرمىگەنمىكەن؟

ــتەكشۈرمەپدىكى؟ سىيدۈرۈپمۇ بېقىپتىكەن.

ــئۇھ، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى ـ ھە؟ ھەررەڭ ـ سەررەڭ ئىشلار...

ــھەرنېمىمۇ دېمىمىز، نامراتلىق دەڭلار ئاغىنىلەر، نامرات بولغاندىكىن پۇلغا ئۇسسايدىغان گەپ، پۇل دېگەن بۇ نېمە ھەركويغا سالىدۇ ئادەمنى.

ــشۇ، شۇ، ھېلىقى سۇنىيە «پولكوۋنىك» بارغۇ؟

ــھېلىقىنى دەيسەنغۇ؟ ھەي ئېستەي، ئاشۇ نېمىنىڭ يولدىن چىقىپ كەتكىنىگە! لېكىن ـ زە، نېمىلا بولسۇن، بىر كۆرگەن ئادەمنىڭ ئىچى ـ تېشىغا ئوت يېقىۋېتىدۇ ـ دە، بۇ.

ــھوي، ئۇنى نېمىشقا پولكوۋنىك دەيسىلەر؟

ــبىلمەمسىز؟ كەسىپداشلىرىنىڭ رەھبىرى ئۇ.

ــتوختاڭلار، ئاداشلار، مەن بىر دەۋالاي، قىزىق ماقما ھېكايەم. ئۆتكەن يىلى ئۇنىڭ تازا دو سۇرگەن ۋاقىتلىرىغۇ؟ مۇشۇ مەزگىللەردە، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزدى، دەپ ج خ ساقچىلىرى ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپتۇ، ھېلىقىدەك ئىشنىڭ دەل ئۈستىدىن تۇتۇپمۇ ئاپتۇ. بىر قاتار سوراقلاردىن كېيىن ئۈچ مىڭ كوي جەرىمانە قويۇپتۇ. ساقچىلار جەرىمانە پۇلنى تاپشۇرۇشنى ئېيتسا، نېمە دەپتۇ، دېمەمسىلەر؟

ــنېمە دەپتۇ؟

ــ«بىر سىنىتىمۇ يوق» دەپتۇ. ساقچىلار «ئۆيۈڭدە، بانكىدا بار» دەپتىكەن، «تەكشۈرۈپ بېقىڭلار، بىر سىنىت چىقىپ قالسا، كاللام بىلەن جاۋاب قىلىمەن، ھەممىسى نېسىگە كەتتى، ئىشەنمىسەڭلار، مانا تېزىملىك، ئالالىساڭلار ئېلىۋېلىڭلار» دەپتۇ ۋە قوينىدىن بىر خاتىرە دەپتەرنى چىقىرىپ ساقچىلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ.

ۋاھ، ساقچىلار كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ھېلىقى تېزىملىكتە ھېلىقىدەك ئىشنىڭ تۈرى، نەرقى، ئىمزا، ۋاقتى، نېسى پۇل، بارماق ئىزى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بارىكەن.

ــتۈرى دېگەن نېمىكەن؟

ــ سۆيۈۋېلىش، قۇچاقلىۋېلىش ۋە يەنە ...مەسىلەن، سۆيۈۋېلىش 30 كوي، قۇچاقلىۋېلىش 50 كوي، ھېلىقىدەك ئىشنى قىلسا...

ــقانچە؟

ــ100!

ــۋاھ، كاساپەت، نەرقىمۇ خېلى بارىكەن ـ ھە؟

ــشۇڭا «پولكوۋنىك» ئۇ!

ــجەملەپ كۆرسە 67 ئادەمگە يېتىپتۇدەك. ئەڭ قىزىقى ئاشۇ تېزىملىكتىن بىر مۇئاۋىن باشلىقنىڭ ئىسمى چىقىپ قاپتۇ.

ــئوھوي، مائىشنى كۆرۈڭ، قايسى ئورۇندىكەن؟

ــبۇياققىراق كېلىڭلار، سىرتتا دەپ يۈرمەڭلار ـ ھە؟

ــدېمەيمىز، دېمەيمىز، سىلى بىز مۇشۇ دوقمۇشنىڭ بىر پۇقراسى تۇرساق.

... ... ــئورۇندىن.

ــھېق، تۈف! كۈندۈزى پەيغەمبەر، كېچىسى بەچچىغەر...

ــنېسى پۇلىسچۇ؟

ــقېتىمى 3، پۇلىسى 90.

NEW JADE LITERATURE

—ئارانلا سۆيەلەيتىكەنما؟
—ياقەي.
—ئەمىسە، نېمانچە ئەرزان؟
—ھەي، نېمانچە كوچىلايسىلەر ئۇنى؟ سۇنىيە ئۈچۈن قازى بولاي دەۋاتامسىلەر ـ يا؟ بىلىسىلەرغۇ؟ مەنسەپدارلار بېزەك كېلىدۇ، ئىش تېپىپ بېرىمەن دەپ گوللىغانىدۇ؟
—يا بولمىسا، ئىجازەتنامە ھەل قىلىپ بېرەي، دېگەنىدۇ؟
—ھا، ھا، ھا...!
—شۇنداق قىلىپ ئاخىرى نېمە بوپتۇ؟
—ساقچىلار ئامالسىز سۇنىيەنى ئىشخانىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.
... ...
مانا مۇشۇنداق، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ياكى كەسپىي تارماقلارنىڭكىدەك ئالدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن مۇقىم تېما يوق.
مەن تەسادىپ بۇ «ئەركىن دۇنيا»نىڭ پارىڭىغا داخىل بولۇپ قالدىم. باشتا نېمە گەپلەر بولدى؟ —بىلمىدىم. مەن بارغان چاغدا بىر گېنېرالنىڭ گېپى بولۇۋاتقانىكەن. كىچىكىمدىن ھەربىي كاتتىۋاشلارنىڭ تەرجىمىھالىغا قىزىقاتتىم. يەنە كېلىپ بۇ، مۇشۇ يۇرتتىن چىققان گېنېرالكەن. ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن ئولتۇرۇپ قالدىم.
گەپ قىلىۋاتقىنى ياشانغان بىر ئوقۇتقۇچى ئىدى.
—مۇشۇ يۇرتتىن بىر گېنېرال چىققان، ـ دېدى، ئۇ، — ئۇنىڭ ئىسمى سۇلايمان، توغۇلۇشىدىنلا مۇشۇ يەرلىك، بەك ئەقىللىق، جىگەرلىك ئادەم ئىدى.
ھەممىمىز ئاغزىمىزنى ئېچىپلا قالدۇق. چۈنكى، بۇ يۇرتتا، ئەزەلدىن ئۇرۇش بولۇپ باقمىغان، 1911 ـ يىلى پادىشاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلغاندىمۇ، 1930 ـ يىللاردا خوتەندە ئىسلام ھاكىمىيتى قۇرۇلغان ۋە يېقىلغان چاغدىمۇ؛ ماجۇڭيىڭنىڭ بىر قىسىم قاچاق ئەسكەرلىرى ئىككى ـ ئۈچ تال ئادىمى ۋە قارا مىلتىققا تايىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى خالىغانچە سوراپ يۈرگەنىدىمۇ؛ بىرەر پاي قارشى ئوق ئېتىلمىغان، ئەكسىچە، ئەزەلدىن «ئاكام كىمنى ئالسا، يەڭگەم شۇ» دەپ ھەممىسى داستىخان يۆگەپ ئالدىغا چىقىشقان. مۇنداقتا، قانداقمۇ گېنېرال چىقسۇن؟ گېنېرال دېگەن گېنېرال، تەدبىرلىك، قورقۇمسىز، ئەركەكنىڭ ئەركىكى. مەن ئالدىنقى يىلى يېزىنىڭ خەلق ئىشلىرى ئىشخانىسىدىن مۇشۇ يۇرتتىن ئەسكەر بولغانلارنىڭ ئارخىپىنى كۆرگەنىدىم. بىر ئەسىردىن سەل كەم ۋاقىت ئىچىدە جەمئىي 33 ئادەمكەن. ئۇلار ھەربىي قىسىمدا ئاشپەز، شوپۇر، قويچى بولۇپ ئىشلەپتۇ. بەزىلىرى ھەتتا، مىلتىق كۆرۈپمۇ باقماي قايتىپ كەپتۇ.
ھېلىقى ئوقۇتقۇچىنى سوئالغا كۆمۈۋەتتۇق:
—مۇئەللىم، ئۇ قاچان، قايسى ئۇرۇشتا گېنېرال بوپتۇ؟
—نېمە ئۈچۈن بۇ گەپنى بىز ئىلگىرى ئاڭلىمايمىز؟
—نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمى تارىخىي كىتابلاردا يوق؟
— ... ...؟
—ئالدىرىماڭلار، ئالدىرىماڭلار، —دېدى مۇئەللىم توت تەرەپتىن يېغىۋاتقان سوئاللارغا جاۋابەن، —بۇ دېگەن چىن گەپ. بىر ـ بىرلەپ دېمەيمەنمۇ؟ ئۇ ھىندىستاننىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى بېسىۋالغان...
—باسمىچىكەن بۇ تېخى؟
—بىزنىڭ بىر قىسىم جايلىرىمىزنى رۇسىيىگە تاشلاپ بەرگەن.
—تۇفى! لەنەتكەردى.
ھەممەيلەن خۇددى چۈشكە ئوخشاش بىرخىل قالايمىقان تەسىرات ئىچىدە ئىلەڭگىپ قالدۇق. نېمە دەيدۇ ـ ھە بۇ ئادەم؟ جۆيلۈۋاتمايدىغاندۇ؟
تۇيۇقسىز بىر ئۇچۇق تۇرغان ئاسمان توپا رەڭگىدە ساغىرىپ كەتتى.
—ھەي، ئاۋۇ يەرگە قاراڭلار، —دېدى بىرسى جىددىيلەشكەن ھالدا شەرقىي ـ جەنۇبىي ئاسمىنىنى كۆرسىتىپ.
قاپقارا تۇمان تۇرۇلۇپ ـ تۇرۇلۇپ مۇشۇ تەرەپكە قاراپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ — شەرقىي ـ جەنۇب بورىنىدىن دېرەك بېرەتتى. شەرقىي جەنۇب بورىنىنىڭ ئۆمرى بەك قىسقا بولسىمۇ، دەماللىققا سۈرلۈك ۋە دەھشەت ئىدى. توپا

تۇزۇتۇپ كۆزنى ئاچقۇزمايتتى، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە دەل ـ دەرەخلەرنى سۇندۇرۇپ، زىرائەتلەرنى چەيلەپ بىر مۇنچە پاراكەندىچىلىكلەرنى قالدۇرۇپ كېتەتتى.

ئەپسۇسلۇق ئىچىدە تارقاشتۇق. شۇنىدىن كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە ھېلىقى «گېنېرال» كۆڭلۈمدىن زادىلا كەتكىلى ئۇنىمىدى. يۇرتىمىز كىچىك، نامرات ھەم قالاق، مۇشۇنداق يەردىن بىر گېنېرالنىڭ چىققىنى ــ يۇرتنىڭ دۆلىتى ئەمەسمۇ؟ بىراق، شارائىت، تارىخىي پاكىتلار بۇ يەردىن بۇنداق بىر ئادەمنىڭ چىققانلىقىغا ھېچبىر يىپ ئۇچى قالدۇرمىغانمىدۇ؟

شۇ كۈندىن كېيىن، بۇ دوقمۇشقا بېرىش ماڭا زادىلا نېسىپ بولمىدى. بەلكى ھېلىقى مۇئەللىم باشقىلارغا ئاللىقاچان سۆزلەپ بەرگەنىدۇ؟

نەچچە كۈندىن كېيىن مەن ھېلىقى ئوقۇتقۇچىنى ئىزدەپ ئۆيىگە باردىم ۋە كېلىش مەقسىتىمنى ئېيتتىم.

—«ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن، —دېدى مۇئەللىم داستىخان سېلىۋېتىپ، —چاي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى.

ئۇ باشتا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىدىن پاراڭ قىلىپ بەردى. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن رەسمىي تېمىغا كۆچتى:

«1975 ـ يىل، 5 ـ ئاي. مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش تايىنى يوقلا بىر ئىش بولۇپ قالغان. جەمئىيەتتە ۋە مەتبۇئاتلاردا «ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى»نى تەنقىد قىلىش ئەۋجىگە چىققان، ئوقۇتقۇچى ھۆكۈمەت ئالدىدىمۇ، پۇقرا ئالدىدىمۇ خۇددى ھۆل تېزەككە ئوخشاش ھەم سەت، ھەم بەدبۇي نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. مەن شۇ چاغدا بىر كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ باش مۇئەللىمى ئىدىم.

بىر كۈنى كوممۇنا ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ بىر ھۆججىتىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ھۆججەتتە، ئادەتتىكىدەك بىر تالاي قۇرۇق پىرىنسىپلار، دەبدەبىلىك سىياسىي شۇئارلار ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، «1 ـ ئىيون» خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى ئالاھىدە ياخشى ئۆتكۈزۈش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. ياخشى نومۇر ئېلىپ چىقىش ـ چىقالماسلىق —ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي مەيدانىنى بەلگىلەيدىغانلىقى يېزىلىپتۇ.

ئىككى سىنىپ، ئىككى يول كۈرىشىگە، سىياسىي مەيدانىغا تاقىلىدىغان، يەنە كېلىپ، تۆۋە قىلىشنى خالىمىغان ئەڭ چوڭ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارنىڭ قۇيرۇقى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى قاش بىلەن كۆزنىڭ ئارىلىقىدەك يېقىن بولغان بۇ ئىشقا جىددىي قارىماي بولامدۇ؟

دەرھال يىغىن ئاچتۇق.

خۇددى ئوغلاق ئويۇنى ئوينىغاندەك ئۇزۇن تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن ئوينىلىدىغان بىرقانچە نومۇرنى بېكىتىپ چىقتۇق. سادىق مۇئەللىم كونكرېت مەسئۇل بولىدىغان، باشقىلىرىمىز ماسلىشىدىغان بولدۇق. ئەمدى «ئۇۋە» دەپ تۇرۇشىمىزغا سادىق بىز ئويلىمىغان بىر ئىشنى كۆتىرىپ قوپتى:

—نەچچە يىلدىن بۇيان بىرىنچىلىكنى ئۇدا قولدىن بەرمەي كەلدىم، —دېدى ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن قوللىرىنى شىلتىپ، — جاپانى مەن تارتتىم، سىلەر سايەمدە جان باقتىڭلار، بىراق، بۇ يىلقىسى سەل چىڭدەك قىلىدۇ. ئېھتىمال، سىياسىي جەھەتتە گۇمانلىق بولۇپ قېلىشنى خالىمايسىلەرغۇ دېيمەن؟ بىراق، مەنلا بولسام بىرىنچى بولۇش دېگەن قانچىلىك گەپتى؟ ئەمىسە، مەن كاللا چىقىراي، سىلەر پۇل چىقىرىڭلار، ئوخشىتالمىسام ماڭا ھېساب بولسۇن!

—نېمە پۇل ئۇ؟ —دېيىشتى ئوقۇتقۇچىلار.

—تەييارلىق ئۈچۈن پۇل كېتىدۇ ئاغىنىلەر، پۇل!

يىغىن ئەھلى بىردىنلا جىمىپ كەتتى. كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ئىرىڭگىدە ئورنىدىن تۇردى:

—ھەي، ھەي، ئەپەندى دېگەن مانا مۇشۇنداق، تۆت تال پۇلنىڭ گېپى چىقىۋېدى قۇمغا چۈشكەن تەڭگىدەك يوقاپلا كەتتىڭلارغۇ؟ بىز قارائاش يېسەكمۇ يۈرىكىمىز قىپقىزىل، سىلەر ئاق ئاش يەپ يۈرىكىڭلار قارىداپ كېتىپتۇ، شۇڭىمۇ «سېسىق توققۇزىنچى» دەپ

NEW JADE LITERATURE

ئاتىغان سىلەرنى. بۇ ئىش مەشەدە ئولتۇرغان ھەربىر ئادەمنىڭ كاللىسىغا تاقىلىدۇ، مەن دەپ قوياي، قوشۇق تۇتۇشتىمۇ سىنىپىيلىك بار ـ ھە؟ ئەتە ـ ئۆگۈن نەچچىڭىز كۆتىڭىزگە تېپىك يېمەڭ...

— ئۇكام، نېمىگە خەجلەيسىزا بۇ پۇلنى؟ — سورىدى يەنە بىر ياشانغان ئوقۇتقۇچى.

— نېمىگە خەجلەيتتىم؟ ئەلۋەتتە، سىبىكىلەك ئوينىمايمەن، مودىل ياسايمەن.

— ھاي، ھاي، سېرىق گەپلەرنى قىلىش — شۇجۇگجۇيىلىق...

— نېمىنىڭ مودىلىنى؟

— ئەڭ چوڭ زوزىپەينىڭ.

— ھە، بولدى، بولدى، تالاشماڭلار، — دېدىمەن، — قانچە پۇلدىن چىقارساق بولار؟

— قىرىق كويدىن، — دېدى سادىق تۆت بارمىقىنى چىقىرىپ.

ياسىن ئىسىملىك خەلق ئوقۇتقۇچىسى نارازىلىق بىلدۈردى:

— مېنىڭ ئايلىقىم ئاران 12 كوي تۇرسا.

ـ دېدىمغۇ؟ ئىقتىسادنى قۇماندان قىلىش شۇجۇگجۇيىلىق، (شيۇجېڭجۇيى دېمەكچى) — دەپ ھۇرپەيدى مۇدىر، — پۇل دېگەن نېمىدى ئۇ؟ بىر سېسىق نەرسە، ھەرقايسىڭىزنىڭ كاللىسىنى قارايتىدىغان.

— ئەجەب، بۇگۈن مۇشۇ سېسىق نەرسە بولمىسا، قىزىرالماي قالىدىغانلىقىمىزدىن ئەنسىرەۋاتىمىزغۇ؟

— نېمە دەيسىلەر ھوي، زوزىپەينىڭ قۇيرۇقى بولۇپ قالماڭلار، يەنە؟ ھە، لوبو! (لاۋباۋ دېمەكچى)

— بولدى، چىقارساق چىقىرايلى، ئۆلۈپ كەتمەسمىزا، — دېيىشتۇق باشقىلار.

شۇنداق قىلىپ 11 ئادەم 40 كويدىن پۇل چىقاردۇق. ھەرنېمە دېگەن بىلەن بۇ خۇمار كۆزدىن ئايرىلىش تەس ئىدى، پۇل تاپشۇرۇۋېتىپ بىر يەرلىرىمىزنىڭ ئېچىشقانلىقىنى ھېس قىلىشتۇق. ھېلىقى خەلق ئوقۇتقۇچىسى يىغلىۋەتتى، ئۇنى دېمىسىمۇ ئۇ بىر «يېتىم ئوغلاق» ئىدى.

ئەتىسى تەييارلىق باشلاندى. سادىق ـ ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىكى بىر داشقال ئىدى. يا ئىشلەتكىلى، يا تاشلىۋەتكىلى، يا ئېزىپ يۇمشاتقىلى بولمايتتى، ھەممىمىز ئۇنىڭدىن قورقاتتۇق. ئۇنىڭ دېگىنى دېگەنىدى. ھەممىمىزنى خۇددى كىچىك بالىلارنى باشقۇرغاندەك باشقۇرغىلى تۇردى.

بىز سادىقنىڭ «زوزىپەي» (كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە قىسقارتىلمىسى بولسا كېرەك) نىڭ مودېلىنى قانداق ياسايدىغانلىقىغا ئالاھىدە قىزىقاتتۇق. ھەم جانلىق، ھەم قىزىقارلىق، چىرىك ئىدىيە تامچىپ تۇرىدىغان بىر نەرسە بولۇپ چىقسا كېرەك، دەپ ئويلايتتۇق. ئەمەلىيەتتە ئۇ تاغارغىلا ئوخشايدىغان بىر نېمە ئىكەن. ئۈچ مېتىر خام (ماتا)، بىر تاغار سامان بىلەن پۈتىدىكەن. سادىقنىڭ «مودىل» دېگەن نېمىسى قورسىقى يوغان بىر قاپاققا ئوخشاش نەرسە بولۇپ چىقتى. بېشىغا قومۇشتىن ئوقيا ياساپ سانچىپ قويدۇق، ئوقيا سانچىلغان جاينىڭ ئەتراپىغا بىر دۆۋەت قىزىل سىياھنى تۆكۈپ قويدۇق. 440 كويغا پۈتكەن «زوزىپەي» مانا مۇشۇ ئىدى...

«1 ـ ئىيۇن» كۈنى مەكتەپ سەيناسى ۋاش ـ ۋاش بولۇپ كەتكەنىدى. ئاپتاپلىق قويۇق توزان ئىچىدە ئادەملەر مىغىلدايتتى، ئالا ـ يېشىل بايراقلار، پىلاكاتلار لەپىلدەيتتى، ئالا ـ تاغىل ئاۋازلار ئىچىدە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ پۈشتەكلەرنىڭ كۇكىرىغىنى ئاڭلىناتتى.

يىغىن سەھنىسىنىڭ ئالدى تەرىپىدە كوممۇنا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش كىشىلىك باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ئولتۇراتتى. بىز باش مۇئەللىم ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىرى كەينىدە — سەھنىنىڭ تۆر تەرىپىدە ئولتۇراتتۇق.

چەك نومۇرى بويىچە بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش نۆۋىتى چۈشتىن كېيىن كەلدى. ھاۋا ئۇتتەك قىزىپ كەتكەن، بىر بالا پېشانىسىدىن ئېقىپ چۈشكەن توزان ئارىلاش ئاچچىق تەردىن كۆزىنى ئاچالمىدىمۇ، ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىنىڭ ئايىغىنىڭ سونجىقىغا دەسسىۋالدى، ئاياغ چۈشۈپ قالدى. يالىداپ تۇرغان قۇم قوقاسقا ئايلانغان. ھېلىقى بالا بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ ماڭالماي قالدى. تىت ـ تىت بولۇپ

كەتتىم. شۇ ئەسنادا سادىق يۈگرەپ كېلىپ بالىنىڭ سۆڭگىچىگە «قاس ـ قۇس» قىلىپ ئىككىنى تېپىۋەتتى. شۇ هامان سەھنىنى غۇل ـ غۇلا كۆتۈرۈپ باستى.

خۇداغا شۈكرى! كاماندا ئالمىشىش بىلەن غەلۋە ـ غۇدۇرمۇ پەسەيدى. ئارىدىكى ۋاقىتتا مەن سەھنىدىن چۈشۈپ ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇ كىيىۋالغان ئاياغ دادىسىنىڭ بولغاچقا، بەك چوڭ ئىكەن، ئۆزىنىڭ ئايىغى يوق ئىكەن. تاپىنى كۆيۈپ ھۆررەك ـ ھۆررەك بولۇپ چىقىپتۇ. مەن سادىقنى تاپالماي ھېلىقى ئوقۇغۇچىغا بىر ـ ئىككى ئېغىز تەسەللى بېرىپ قويۇپ چىقتىم.

ئاخىرقى نۆۋەت قىزىل دۆڭ دادۋي مەكتىپىنىڭ ئىدى. بۇ چاغدا تەرتىپ ھارغان، ئادەملەر شالاڭلاپ قالغانىدى. سۇلايمان ئىسىملىك، ئوتتۇرا ياشلىق، ئەمدىلا ئۈسۈپ چىققان چاچ ـ ساقاللىرى ئاھاك سۈرۈپ قويغاندەك ئاق چانىدىغان ئوقۇتقۇچى ئۆز ماھىرلىرىنى باشلاپ مەيدانغا كىردى.

پاھ، تۇمانلىق ھاۋادا بىردىنلا كۈن چىققاندەك بولدى. مەيدان قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەكلا جىمىدى.

ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى شۇنچە نازۇك، سىپتا، رەتلىك ۋە قۇش پېيىدەك يەڭگىل ئىدى، ئايىغىدىن توپا ئۆرلىمەيتتى، تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى ئالدىدىكى ئىككى ئوقۇغۇچى كۆتۈرۈپ ماڭغان «ۋەتەننىڭ تاغ ـ دەريالىرى تۇتاش قىزىل» دېگەن خەت يېزىلغان تۆت چاسا تاختاي بولۇپ، ئۇنىڭغا ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسى چۈشۈرۈلگەن، خەرىتە ئىچىدە قىزىل بايراقلار جەۋلان قىلاتتى، پۈتۈن مەملىكەت قىپقىزىللىققا پۈركەلگەن، ئۇنىڭدا پۈتۈن جۇڭگولۇقنىڭ غايىسى، ھەرىكىتى ۋە ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش جاسارىتى مۇجەسسەملەنگەن، بەدىئىيلىكمۇ، ئىدىيىۋىلىكمۇ، چوڭقۇرلۇقمۇ، كەڭلىكمۇ بار ئىدى. شەكىل بىلەن مەزمۇن شۇنداق ماسلاشقان بۇ كۆرۈنۈشكە قاراپ ھەيران قالدۇق. تۇيۇقسىز مەيداندىن چاۋاك ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. «تووۋا!» دېدىم ئىچىمدە ـــ چاۋاك ـــ بۇ، 10 يىل ئىلگىرى ئۇنتۇلغان نەرسە ئىدىغۇ؟ بىز 10 يىلدىن بۇيان كۈرەش ۋە تەنقىد قىلىپلا كەلدۇق. كۆيۈنۈشنى، رىغبەتنى، ۋاپانى، مۇھەببەتنى ئاللىقاچان ئۇنتۇدۇق. بىرسىمىز يەنە بىرسىمىزگە دۈشمەن بولدۇق، ھەتتا، ئاتا ـ ئانىمىز، بالا ـ چاقىمىز بولسىمۇ، خەققە مۇشتلا ئاتتۇق، چاۋاك چالمىدۇق. ئاشۇ چاۋاكتىن قەلبىم دەرياچە سۆيۈنۈپ كەتتى. چېكىدىن ئاشقان سىياسىي بىلەن توڭلىتىۋېتىلگەن ئىنسان قەلبىنىڭ تېخى تامامەن ياتلىشىپ ـ ياۋايىلىشىپ كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم.

خۇلاسە كۆڭۈلدىكىدەك بولدى.

قىزىل دۆڭ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ بىرىنچى بولغانلىقى ئېلان قىلىنغاندا، يەنە بىر قېتىم ئالقىش ياڭرىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپكە بارسام ھەممىسى غوتۇلداشقىلى تۇرۇپتۇ.

ـــ ماقۇل، مائاشنى دەستەك قىلغىنىمىز خاتا بولغان بولسا، شۇنچە پۇلنى خەجلەپ دەرىجىگىمۇ ئېرىشەلمەسلىكىمىز نېمە بولار؟

ـــ راست، ئون كويغا خام ئالدۇق، ئىككى كويغا تىكتۈردۇقمۇ دەيلى، قالغىنىچۇ؟ ئاغىنىلەر؟ 440 كوي بۇ!

ـــ مەن ئەمدى ئاۋۇ سىنىپنى ئوقۇتمايمەن، ئاتا ـ ئانىسىغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ مىڭ تەستە مەكتەپكە ئەكەلسەم، ئاۋۇ ئىت چۈشىنى شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا كەپتەر باچكىسىدەك بىر بالىنى تېپىپ يۈرۈيدا! بۈگۈن كەلمەپتۇ مانا! كىم يالۋۇرىدۇ ئەمدى ئۇنىڭغا؟

ـــ سادىق ئەكەلسۇن!

ـــ قېنى ئۇ سادىق چىۋىن؟

ـــ ئۇمۇ كەلمىگەن چېغىۋا.

ـــ خىجىل بولغاندۇ بەلكىم بىزگە قاراشتىن؟

ـــ خىجىل بولامتى ئۇ بەددەس؟

ـــ ئەمدى سادىق بېرىپ يالۋۇرسۇن.

ـــ يالۋۇرساقلا بولىدىغان ئىش بولسىغۇ مەيلىدى، ئەتە ـ ئۆگۈن مەكتەپنى بېشىغا كەيسىچۇ ئاتا ـ ئانىسى؟

ـــ ھە، ئۇ چاغدا «سېسىق توققۇزىنچى» دىن «سېسىق بىرىنچى» گە ئايلىنىمىز، شۇ.

غەلۋىنى يەنىلا مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى بېسىقتۇردى:

—ئەمدى توختاڭلار، —دېدى ئۇ چالۋاقاپ، —تۆت تال سېسىق پۇلۇڭلارنىڭ كېپىنى نېمانچە قىلىسىلەر؟ سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردا دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشى بارمۇ ـ يوق، هە؟ بىرىنچىگە ئۆتۈش بىر سادىقنىڭلا ئىشىمىدى؟ مەن دەپ قوياي: ئېغىزىڭلارنى يۇمۇپراق يۈرۈڭلار، بولمىسا، هە...!

—هەي مۇدىر، بىز پۇل، سادىقاخۇن ئەقىل چىقىرىدىغان، بىرىنچىلىكنى ئالالمىسا، ئۆزى جاۋاب قىلىدىغان بولغانغۇ؟

—بۇ دېگەن سەپسەتە، شۇجۇگجۇيىلىق، شەخسنىڭ رولىنى پارتىيىدىن ئۈستۈن قويۇش!

—ئۆزلىرى ئۆتكەندە بۇ يولىيۇرۇقنى دېمىگەنغۇ؟

—هەي، سەن، سېسىق زىيالى، بولمايدىغان بىر نېمىكەنسەن، قايسى بۇرژۇئازىيىنىڭ غەلۋىرىدىن ئۆتۈپ مۇئەللىم بولۇپ قالدىڭا سەن؟ يەنە كاپشىيدىغان بولساڭ، ئەتە هەيدىگىلى ئىشەكمۇ تاپالمايسەن، هىم، غىژمال ئەپەندەك...

مۇدىر قايىنغىلى تۇردى. ئۇ داۋاملىق مۇشۇنداق قايناپتتى. قالپاق تەگلەپ هەيۋە قىلاتتى، هەيدىۋېتىمەن دەيتتى. بىز بۇنداق چاغلاردا ئاران ئېرىشكەن بۇ «ئەپەندى» چىلىكتىن قۇرۇق قالمايلى، دەپ پەس بولۇپ قالاتتۇق. بۈگۈنمۇ بىردىن ـ ئىككىدىن تاراپ سىنىپقا كىرىپ كەتتۇق.

سادىق كەچكىچە كەلمىدى. ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىسىمۇ كەلمىدى. بىزمۇ ئىزدەپ يۈرمىدۇق.

ئۈچ كۈندىن كېيىنكى بىر كەچتە ئۇقتۇرۇش تاپشۇرىۋالدۇق. ئۇقتۇرۇشتا بۈگۈن كەچتە يىغىن بارلىقى ناهايىتى ئۆتكۈر گەپ ـ سۆزلەر ئارقىلىق ئۇقتۇرۇلغانىدى. بەزى سۆزلەردىن هەتتا تېنىمىز شۈركىنەتتى.

نەچچە كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ ئالدىراپ مەركىزىي مەكتەپ يىغىن زالىغا كىردۇق. تالا تونۇردەك ئىسسىق، زال ئىچى مۇزخانىدەك سۆرۈن ئىدى. نەچچە يۈز كىشىلىك زال ئادىم بىلەن لىق تولغان بولسىمۇ، ئۆلۈكتەك جىمجىت، يىغىن سەهنىسىدە بىز تونۇيدىغان ۋە تونۇمايدىغان بىر نەچچە كىشى قاپىقىدىن قار ياغدۇرۇپ كىدەيگىنىچە ئولتۇراتتى. بىز بىر جىددىي ۋەقەنىڭ بولغانلىقىنى قىياس قىلدۇق: «لىن بياۋدەك مەلئۇندىن يەنە چىقىپ قالدىمۇ مەركەزدىن ـ يا؟» دەيتتى بەزىلەر ئاستا پىچىرلاپ، «ئۇنداقلار مەركەزدىن چىقسا بىزگە بۇنچە قىپ كەتمەس؟ قاراڭلار، ئاۋۇلارنىڭ بۇقىنىڭ تاشقىغا ئوخشايدىغان قاپىقىغا» دېيىشەتتى ئۇنىڭغا جاۋابەن.

مەن يەنە شۇنىمۇ قىياس قىلدىم: «1 ـ ئىيۇن» كۈنى تاياق يېگەن بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يۇقىرىغا ئەرز قىلىپ بارغان بولسا،... بەلكىم، ... جاۋابىنىغۇ سادىق بېرەر، لېكىن، مەن باش مۇئەللىم، ئىشنىڭ بېشى، دېمەك، تاياقنىڭ بىر ئۇچى ماڭا تېگىدۇ. هەممە گەپ هېلىقى باشقۇرۇش هەيئىتىنىڭ مۇدىرى ئارقىلىق ئاققان بىلەن ئۇ ياخشى تەرەپكىلا ئىگە ...مەيلى، نېمىلا بولمىسۇن، ئادىم ئۇرغان ئىش چوقۇم سۈرۈشتۈرۈلىشى كېرەك، سۈرۈشتۈرۈلمىسە...

—دىققەت! —بۇ ئاۋاز مېنى خىيالدىن ئويغاتتى، —ئەڭ ئالىي يولىيۇرۇق: (ماۋزېدۇڭنىڭ سۆز ـ ئۈزۈندىسىدىن بىرنى ئوقىدى) بۈگۈن ناهىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىنىڭ جىددىي قارارى يەتكۈزۈلىدۇ...

سەهنىگە ئىككى قوۋزى ساڭگىلاپ قالغان پاكىنەك بىرسى چىقتى:

—ئەڭ ئالىي يولىيۇرۇق: سىنىپىي كۈرەش تۇتقا، تۇتۇلسا هەممە ئىش يۈرۈشۈپ كېتىدۇ.

ئىنقىلابىي يولداشلار، «1 ـ ئىيۇن» كۈنى بەزى كىشىلەر جىددىي سىياسىي ۋەقە پەيدا قىلدى، سۇلايمان دۆلەت خەرىتىسىدىن پايدىلىنىپ بىر قىسىم زېمىنىمىزنى سەۋىت (سوۋېت) شۇجۇگجۇيىچىلىرىنىڭ قۇماندا تايىقى ئاستىدىكى تاشقى موڭغۇلىيىگە سېتىپ، هىندىستاننىڭ بىر قىسىم زېمىنىنى بېسىۋالدى. بۇ —جىنايەت! سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ سەزگۈرلىكىڭلارنى يوقۇتۇپ، جىنايەت ئالدىدا هىڭگايىشىپ ئولتۇردۇڭلار، چاۋاك چېلىپ، تەنتەنە قىلدىڭلار...

بۇ ئادىم چىڭقىلىپ ـ كۆپچۈپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى. سۆزلىرىنىڭ هەممىسى سىياسىي

NEW JADE LITERATURE

قالپاق، تۆھمەت ۋە ئادەم ئۈركۈيدىغان تەھدىت بىلەن توشقانىدى. كېيىنكى سۆزلىرى قۇلىقىمغا زادىلا كىرمىدى. ئۆز خىيالىم بىلەن قالدىم: «ساتتى»، «بېسىۋالدى» دېگەن نېمە گەپ؟ ئۇ قول بىلەن سىزىلغان خەرىتە تۇرسا. بۇ ئىش كىمنىڭ گېپى بىلەن مۇشۇنداق تەتۈرىسىگە ئۆرۈلۈپ قالغاندۇ؟ جەزمەن بىر مۇناپىق بار. ئاۋۇ خام كاللىمۇ كۆزىنى ئېچىپ قاراپ، كاللىسىنى ئىشلىتىپ باقسا بولمامدۇ؟ ۋاي، قورساق باقتى بىچارە! شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇنداق كاسىلدىغىنچە ئۆلسەك بولمامدۇ؟

—سۇلايمان ئوقۇتقۇچىلىقتىن ھەيدىلىپ ئاممىنىڭ تەنقىد قىلىشىغا تاپشۇرۇلسۇن، قىزىل ئاچا گوڭشىسىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى ياسىن مۇدىرلىقتىن قالدۇرۇلۇپ، سادىق تۇردى مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

زال بىردىنلا تەۋرەپ كەتتى، مەن قاڭقىپلا ئورنۇمدىن تۇردۇم:

—بىمەنىلىك، بىمەنىلىك!

چۇشمە تامدىن ۋارقىراش باشلاندى:

—بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈپ بەرسۇن!

—ئەمدى سۇلايمانغا گېنېرال ئۇنۋانى بەرسەك بولغىدەك!

—شۇنداق، باسمىچى گېنېرال!

—ھەم خائىن گېنېرال!

—بىزدىن گېنېرال چىقتى، مۇبارەك!

—ھوي، ھوي، ئاغزىڭلاردىن بالاغا قالماڭلار، تامنىڭمۇ قۇلىقى بار، ماقما!

—ھوي، دىققەت دېدىم، دىققەت! ئەپەندى دېگەن مۇشۇنداق بولسا، ...—يىغىن باشقۇرغۇچى كاكىرىغىنىچە ئالدىدىكى ئۈستەلنى قاتتىق مۇشتلىدى، —بەزىڭلارنىڭ يۈرىكىگە دەز كەتتى. سىنىپىي كۈرەش دېگەن مانا مۇشۇ، نېمە قىلىق بۇ؟ بىز يەنە بىر قىسىم كىشىلەرگە قارىتا باشقىچىرەك ئۇسۇل قوللانمىساق بولمىغۇدەك، ...تۆۋەندە سا مۇدىر بۇ جىنايەتنى قانداق بايقىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئەمدى ئۇسماڭلارغا قانىسىلەر.

ئۇ بىر نېمە ئۆز سەپداشلىرىنىڭ ئالدىغا قانداق چىقار ـ ھە؟! شۇ تاپتا ئۇنىڭ رەڭگى چىرايىنى بىر كۆرگۈم، كۆزىگە مىقتەك قادالغۇم كېلىپ كەتتى.

شۇنداق خۇنۇك ۋە بىچارە، زەئىپ بىر گەۋدە يىغىن سەھنىسىنىڭ تۆرىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن پەيدا بولۇپ، گىدەيگىنىچە ئالدىغا كەلدى. بۇ —سادىق ئىدى.

—ئىنقىلابىي رەھبەرلەر، —دېدى ئۇ ھودۇققاندەك ئەتراپىغا قارىۋېتىپ، —مەن سۇلايماننى ئۈچ جەھەتتىن پاش قىلماقچى:

بىرىنچىدىن، سۇلايماننىڭ چوڭ بوۋىسى زومىگەر. ئەگەر ئۇ ئازادلىقىچە ياشىغان بولسا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن بولاتتى. ئەپسۇس، بۇ زومىگەر 20 ـ يىللاردىلا ئۆلۈۋالغان، دېمەك، سۇلايمان سىنىپىي يات ئۇنسۇرنىڭ پۇشتى، ئىككىنچىدىن، ئۆتكەن يىلى مەن قىزىل دۆڭ مەكتىپىگە كىرسەم مەكتەپ تېمىغا بىر پارچە رەسىم چىقىرىلىپتۇ، رەسىمدە بىر مۇشتىنىڭ ئۈچ شەيتاننىڭ بېشىغا ئۇرۇلغانلىقى سىزىلغانىكەن. مەن كۆرۈپلا بۇ رەسىمدە مەسىلە بارلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە سىزغان ئادەمنى سۈرۈشتۈردۈم. سۇلايمان سىزغانىكەن. مەن سۇلايمانغا «ماۋۇ ـ ماۋۇ مۇشت نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟» دېسەم، ئۇ «پۇرۇلتارىيات دىكتاتۇرىسىنى» دېدى، «ماۋۇ ئۈچ مايماق بۇرۇنچۇ؟» دېسەم، «شۇنچىلىكنى بىلمىگەن ئادەم ئوقۇتقۇچى بولمەن دەپ نېمە ئىش قىلىدۇ؟» دەپلا كېتىپ قالدى. باشقىلاردىن ئاڭلىسام، ئۇ ئۈچى بارلىق ئەكسىيەتچىلەرگە ۋەكىللىك قىلارمىش. قاراڭلار، كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ؟ دۆلىتىمىزدە سىنىپىي دۈشمەن شۇنچە كۆپمۇ؟ ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان پۇرۇلتارىيات كۆپ سانلىقتا دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈۋاتامدۇ ـ ھە؟ ئۈچىنچىدىن، ھەرقانداق نەرسىگە سىنىپىي كۈرەش نۇقتىسىدىن قاراش كېرەك. سىز يەۋاتقان ھەربىر لوقما تاماق، ھەربىر يۇتۇم سۇ بەلكىم، دۈشمەننىڭ نەرسىسى بولۇشى، ئۇنىڭغا زەھەر قوشۇۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ نۇقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلار ھەقىقىي ئىنقىلابچى ئەمەس. ئېيتايلۇق، سۇلايمان «1 ـ ئىيۇن» كۈنى ھېلىقى نەرسىنى كۆتۈرۈپ چىققاندا، سىلەر ھىجىيىپ ـ كالچىيىپ، ھەتتا، چاۋاك چېلىشىپ كەتتىڭلار، مەن بۇ ئادەملەرنىڭ ئەقلىگە چىۋىن چۈشكەنمىدۇ؟ دەپ قالدىم. پائالىيەتتىن كېيىن ھېلىقى نېمىنىڭ ماسشتابىنى تېپىپ ھېسابلاپ كۆرسەم،

ياman غەرەز قازاننىڭ قوڭغىدەك ئاشكارا بولدى: موڭغۇلىيە بىزنىڭ زېمىنىمىزغا 100 كىلومېتىردەك كىرىپ قاپتۇ. ھىندىستاننىڭ بىر قىسىم زېمىنى بىزنىڭ بولۇپ قاپتۇ. نېمە دېگەن زەھەرلىك ۋە ياۋۇز؟ رەسىم، ھېكايە، شېئىر، چۆچەكلەردىن پايدىلىنىپ سوتسىيالىزمغا ھۇجۇم قىلىش — ئەكسىيەتچىلەرنىڭ كونا ھۈنىرى! ئادەمدە سىنىپىي كاللا بولغاندا ئەكسىيەتچىلىكنى پاش قىلىش مۇشۇنچىلىك ئاددىي!

— ئۆھۆ، ئۆھۆ، ... — ئۇ يەر - بۇ يەردىن قۇرۇق يۆتەلنىڭ ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى.

— خائىن سۇلايماننىڭ ئىت بېشىنى چاقايلى! — سەھنىدىن كىمدۇر بىرى ۋارقىرىدى. يەنە كىملەردۇر سەھنىگە يۈگرەپ چىقتى.

— خائىن سۇلايماننى يوقىتايلى!

— گېنېرال سۇلايمان ئۆلسۇن!

— سۇلايمان ئالدىغا چىقسۇن!

— گېنېرال سۇلايمان... ...!

مائارىپ بۆلۈمىدىن كەلگەن پاكىنەك سەھنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى پۇلاڭلاتتى:

— ئىنقىلابىي يولداشلار، دىققەت، ئاما - ھەقىقىي قەھرىمان. بۇ ھەرىكەتنى ئاما پاش قىلدى. بۈگۈنكى يىغىننى يەنە ئامىنىڭ ئىنقىلابىي غەزىپى ھەققانىي كۈرەش يىغىنىغا ئايلاندۇردى. بۇ ياخشى ئەھۋال، بىز كۈرەش قىلغان چاغدا، دۈشمەنلەرنى بېدە ئورىغاندەك ئورىماي، زەدەك قازغاندەك قېزىشىمىز لازىم، سۇلايمان، ئالدىغا چىقمامسەن؟!

سۇلايمان زالنىڭ ئالدىدىراق بىر ئورۇندىن ئاستا سەھنىگە چىقىپ، قاق ئوتتۇرىدا توختىدى. ئۇ تىككىدە تۇراتتى، مىس رەڭگىدىكى چىرايىدىن يا غەزەپكە، يا تەبەسسۇمغا ئوخشىمايدىغان غەيرى بىر ھالەت ئەكس ئېتەتتى. پۈتۈن زال خۇددى كۆل سۈيىدەك تىنچ ھالەتكە چۆكتى.

— قېنى؟ ئىدىيەڭنى پاش قىل! — دېدى سادىق چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

سۇلايمان بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى:

— ھەربىر ئادەم ھەربىر مەسىلىگە ئۆز ئەقلى، ئۆز ۋىجدانى، ئۆز پەزىلىتى بويىچە مۇئامىلە قىلىدۇ، بەزىلەر ئاشۇنچىلىك بىر ئىشنى شۇنچە يامان ئىشقا جورۇۋەتكەن تۇرسا، بۇنىڭغا نېمە دەيتتىم؟ چۈنكى، قارنى قارا، كۆمۈرنى ئاق دېسىمۇ دەۋەرگىلى بولىدۇ، - ۋىجدانىڭ يول قويسىلا! لېكىن، مەن شۇنىڭغا خۇشكى، كىچىكىمدىن باشلاپ ئەسكەر بولۇشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىپ، ئەسكەر بولالمىغان بولسامىمۇ، بۈگۈن ئويلىمىغان يەردىن گېنېرال بولۇپ قالدىم ...مېنىڭ دەيدىغىنىم مۇشۇ.

تۆۋەندە پاراقىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

شۇ ئەسنادا سەھنىدە ئادەم كۆپىيىپ قالدى. قارىغاندا سەھنىدىكىلەرنىڭ پەيلى يامانىدەك قىلاتتى. ئىككەيلەن سۇلايماننىڭ ئىككى بېقىنىغا بىردىن ئىككى مۇشت قويدى.

— ھەي ئوغرى، كىمىڭنى كولدۇرلاتماقچى سەن - ھە؟

يىغىن سەھنىسى، زال قالايمىقانلاشتى. ئۇرۇش - تىللاش، ۋارقىراش - جارقىراش، ئىتتىرىش - تۈكۈرۈش باشلاندى. ئەمدى سۇلايماننى كۆرگىلى بولمايتتى. ۋىجدانىم قايناپ زادىلا ئولتۇرالمىدىم. قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ غىپپىدە كېتىپ قالدىم...»

مۇئەللىم سۆزىنى تۈگەتكەن چاغدا كۆز چانىقى لىققىدە ياشقا تولغانىدى.

— ئاخىرى نېمە بولدى؟ — سورىدۇم مەن.

— نېمە بولاتتى؟ ئادەم يەيدىغان زامان ئىدى ئۇ! شۇ كېچىسى يېگەن تاياقتىن ئۆرە بولالماي 15 كۈن بولغاندا ئۆلۈپ كەتتى، ...ھەي، مۇئەللىملەرنىڭ كۆزى ئىدى دېسىلە ئۇنى. ئاشۇ سىياسى تەلۋىلىك نى - نى مۇنەۋۋەر ئوغۇل، قىزلىرىمىزنى يەپ كەتتى، جىن - شەيتانلار تەختكە چىقتى...

ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىغىچە شۈك بولۇپ قالدى. مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلغان، يەنە گەپ سوراشقا تىلىم بارمىدى.

— ھە، مۇئەللىم، ھېلىقى دوقمۇشقا بارامدۇق؟ — بىر ھازادىن كېيىن شۇنداق دېدىم.

— بارايلى! — ئۇ شۇ چاغدىلا بېشىنى كۆتەردى، — بۈگۈن شۇ يەرگە بىر بارمىسام كۆڭلۈم ئارام تاپمايدىغاندەك قىلىدۇ.

(ئاپتور: چىرا ناھىيىلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن)

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت



ئوبۇل ھاشىم

# ماجرا

(ھېكايە)



سەمەت بىلەن خالىق بۇ گۈللۈك قورۇدىكى بىنادا ئىشىكلىرى قارىشىپ تۇرىدىغان قوشنىلاردىن ئىدى. ئۇلار بىر ئىدارىدا، بىر بۆلۈمدە ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ چوڭلىرى ئوتتۇرا مەكتەپتە، كىچىكلىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيتتى. مەكتەپكە بىرگە بېرىپ، بىرگە قايتاتتى. بۇ ئىككى ئائىلە ئىناق ئۆتەتتى. قاتار چاي، ئولتۇرۇش، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىغا بىرگە باراتتى، ئۆيلىرىگە مېھمان چاقىرسا بىر ـ بىرىنى تەكلىپ قىلىشىپ ھەمداستىخان بولاتتى، تۇغقانلىرى كەلسە، ئۆزئارا تەكلىپ قىلىشىپ چاي بېرەتتى، باشقىلار بىرەرسىنى چايغا تەكلىپ قىلسا بالىلارنى قاراپ قويۇشقا ئۆزئارا ھاۋالە قىلىشىپ خاتىرجەم بېرىشاتتى، قىسقىسى، ئۇلارنىڭ يېقىنلىقىغا قىل سىغمايتتى. بالىلارمۇ مەكتەپتىن قايتىپ كېلىشىپ تاماقلىرىنى يەپ بولغاندىن كېيىن بىرىنىڭ ئۆيىگە جەم بولۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەيتتى. سەمەتنىڭ چوڭ ئوغلى ئەركىن بىلەن خالىقنىڭ چوڭ ئوغلى كۈرەش ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر سىنىپتا ئوقۇيتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەركىن بىلەن كۈرەش مەكتەپتىن قايتىپ ئۆيلىرىدە غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئەركىننىڭ ئۆيىگە جەم بولۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەشكە باشلىدى. ئەركىن بېشىنى ئۈستەلدىن كۆتۈرمەي تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى، كۈرەش بىردەم دەپتەرلىرىنى ۋاراقلاپ قويۇپ كومپيۇتېردا ئويۇنچۇق ئويناشقا باشلىدى. ئەركىن كۈرەشنىڭ قىلمىشىدىن نارازى بولۇپ:

— ھوي كۈرەش، تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلىمەمسەن؟ ـ دېدى.

— بىر مەيدان تۈگۈتۈپلا ئىشلەيمەن.

— ئەتە ئەتىگەن مۇئەللىمگە تاپشۇرۇق دەپتىرىنى تاپشۇرىدىغان تۇرساق.

— خاتىرجەم بول، ھېلى ئىشلەيمەن، سەن تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلەۋەرگىن ـ ھە!

شۇنداق قىلىپ ئەركىن تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپ، ئەسنىگەچ كۈرەشكە قارىدى. كۈرەش كومپيۇتېرغا ئۆمۈچۈكتەك يېپىشىپ بىمالال ئويۇنچۇق ئويناۋاتقان ئىدى. ئۇ يەنە تىرىكىپ دېدى:

— ھەي، بولدى قىل ئەمدى.

— توختا، ئاز قالدى.

— سەن ئوينىغىلى ئىككى سائەت بولدى.

— مانا ھازىر.

بىردەمدىن كېيىن كۈرەش ئەركىننىڭ



بارلىق ئاپتورلىرىمىزنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە ئۇتۇق تىلەيمىز.

قايتا ـ قايتا سۆيلەشلىرى بىلەن كومپيۇتېر ئالدىدىن سالپىيىپ قوپۇپ سائىتىگە قارىدى ـ دە:

—هوي، بەك كەچ بولۇپ كېتىپتۇ، تاپشۇرۇقنى قانداق قىلسام بولا؟ ـ دېدى.

—قانداق قىلاتتىڭ! كەچ بولسىمۇ ئىشلىۋېتىمىسەڭ بولمايدۇ، —دېدى ئەركىن. كۈرەش بىر پەس جىددىيلەشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يېلىنىش تەلەپپۇزىدا دېدى:

—راست، تاپشۇرۇق دەپتىرىڭنى بېرىپ تۇرساڭ، مەن هازىرلا كۆچۈرۈپ ئىشنى پۈتكۈزىۋالاي!

—ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ ئۆزۈڭ ئىشلىمىسەڭ قاملاشامدۇ؟!

—نېمىشقا قاملاشمايدىكەن! كۆزۈڭنى پارقىراتماي، ئەكەل دەپتىرىڭنى.

كۈرەش ئەركىننىڭ قولىدىن تاپشۇرۇق دەپتىرىنى تارتىۋېلىپ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. ئۇ تاپشۇرۇقنى بىرەر سائەت ئەتراپىدا كۆچۈرۈپ بولۇپ، خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەركىن ئالدىرىغانچە قورۇنىڭ گۈللۈك مەيدانىغا چۈشتى ـ دە، كۈرەشنىڭ چۈشمىگەنلىكىنى كۆرۈپ تىت ـ تىت بولدى. دېمىسىمۇ مەكتەپكە بارىدىغان ۋاقىت قىستاپ قالغانىدى. ئۇ بىناغا قاراپ ۋارقىرىدى.

—كۈرەش، كۈرەش تېز چۈش، ۋاقىت توشۇپ قالدى!

ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن كۈرەش ئالدىراپ ـ تېنەپ بىنادىن چۈشتى. ئۇلار كوچا ئاپتوبۇسقا چىقىپ، يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرگەندە، ئوقۇغۇچىلار ئەتىگەنلىك گىمناستىكىنى ئويناپ بولۇپ، سىنىپلارغا مېڭىشقا باشلىغانىدى. ئەركىن ئالدىراپ كېتىۋېتىپ كۈرەشكە دوق قىلغىنىچە دېدى:

—گىمناستىكىغا ئۈلگۈرەلمەي مۇئەللىمدىن تىل ئاڭلايمىز ئەمدى! هەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭ!

—ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئانام، دادام ئىشقا كېتىپتۇ، —دېدى كۈرەش ئۆزىنى ئاقلاپ. ئۇلار ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە سىنىپقا كىردى ۋە ئۆز پارتىلىرىدىن ئورۇن ئالدى. هايال ئۆتمەي قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلىنىپ سىنىپقا مۇئەللىم كىرىپ كەلدى. شۇئان ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، مۇئەللىمگە هۆرمەت بىلدۈرۈشتى.

—ئولتۇرۇڭلار، —دېدى مۇئەللىم سالماق ئاۋازدا، ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ئۆگىنىش هەيئىتىگە قاراپ:

—تاپشۇرۇق دەپتىرىنى يىغىڭ، ـ دېدى.

ئۆگىنىش هەيئىتى پارتىمۇ پارتا بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى يىغىشقا باشلىدى. ئەركىننىڭ ئالدىدىكى پارتىدا ئولتۇرغان كۈرەش تاپشۇرۇق دەپتىرىنى تاپشۇردى، شۇ ئەسنادا ئەركىن كۈرەشنى نوقۇپ قويدى، كۈرەش دەرهال ئېسىنى يىغىپ بوقچىسىنى جىددىيلىك ئىچىدە ئاختۇرۇپ چىققاندىن كېيىن هوپپىدە قىزىرىپ ئەركىنگە قاراپ پەس ئاۋازدا:

—ئاپلا، دەپتىرىڭ ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ، ـ دېدى.

—نېمە؟ ـ ئەركىننىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى:

—سەن ... ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ —دېدى تىت ـ تىت بولۇپ، شۇ ئەسنادا ئۆگىنىش هەيئىتى ئەركىننىڭ يېنىغا كېلىپ:

—ئەركىن، تاپشۇرۇق دەپتىرىڭىزنى تاپشۇرۇڭ، ـ دېدى قولىنى سۇنۇپ:

—ئۆيدە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ.

—نېمە؟ ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ؟

— ... ...

ئۆگىنىش هەيئىتى ئۈن ـ تىنسىز بېرىپ باشقا ساۋاقداشلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى يىغىپ مۇئەللىمگە سۇندى ۋە:

—مۇئەللىم، 42 نەپەر ساۋاقداشتىن 41 نەپىرى تاپشۇردى، ساۋاقداش ئەركىننىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرى ئۆيدە قاپتۇ، ـ دېدى ئەركىنگە

يازغۇچى مەنتۇرسۇن سۇلايمان ئاكا، « يامغۇرلۇق گۈگۈم» ناملىق كىتابىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

قاراپ قويۇپ.

ــ نېمە، ـ مۇئەللىم ھەيران بولغاندەك سەل تۇرۇۋېلىپ ۋەزمىن ئاھاڭدا ئۇنى چاقىردى.

ــ ساۋاقداش ئەركىن، ــ ئۇ قىزارغان پېتى ئورنىدىن دەس تۇردى، مۇئەللىم قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە، داۋاملاشتۇردى:

ــ تاپشۇرۇقىڭىزنى ئۆيدە ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

ــ مەن ... مەن، ــ ئەركىن كېكەچلەپ گەپ قىلالماي قالدى. مۇئەللىم ئەركىنگە بىردەم تەنقىد بەرگەندىن كېيىن:

ــ چۈشتىن كېيىن دەپتىرىڭىز بىلەن بىرگە بۈگۈندىن كېيىن تاپشۇرۇقنى ئۇنتۇپ قالماسلىق توغرىسىدا ۋەدىنامە يېزىپ تاپشۇرۇڭ، ـ دېدى تېرىكىپ.

ئەركىن جايىدا ئولتۇرغان بولسىمۇ، خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. چۈشكىچە ئۇنىڭ كاللىسىغا دەرسمۇ كىرمىدى. ئىستىراھەت ئارىلىقىدا كۆرمىش ئۇنىڭدىن قايتا ـ قايتا كەچۈرۈم سورىغان بولسىمۇ، ئەركىن ئۇنىڭدىن يامانلاپ يۈردى. چۈشتىن كېيىنمۇ ئەركىن ماي تارتىپ يۈردى. دەرستىن چۈشۈپ ئەركىن گەپ ـ سۆز قىلماي ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، كۆرمىش ئۇنىڭ كەينىدىن بىردەم ئەگىشىپ ماڭغاندىن كېيىن:

ــ ئەركىن، يۈر، مەندە پۇل بار، لەمپۇڭ ئېلىپ يەيلى، ــ دېدى خۇشامەتكۈيلۈق بىلەن.

ــ لەڭپۇڭۇڭنى ئۆزۈڭ يە، ـ دېدى ئەركىن ئۇنىڭغا ھومۇيۇپ قاراپ، كېيىن ئۇلار ئاپتوبۇستا ئولتۇرغاندىمۇ كۆرمىش ئۇنىڭغا كۆڭۈل قويدى، بىراق ئەركىن زۇۋان سۈرمىدى. ئائىلىسى تۇرۇشلۇق بىنانىڭ يېنىغا كەلگەندە:

ــ خاپا بولما ئاداش، ـ دېدى كۆرمىش ئەركىننىڭ قولىنى تۇتۇپ.

ــ تارت قولۇڭنى كالۋا، سەن بىلەن دوست بولمايمەن.

ــ ئۇنداق دېمە، بىز ياخشى دوستقۇ!

ــ ياخشى دوست شۇنداق بولامدۇ؟ ھۇ ھاراملىق.

ــ نېمە، ھاراملىق دېدىڭما؟ نېمە دەپ مېنى تىللايسەن؟

ــ تىللىسام نېمە بوپتۇ؟ ئۇرۇمەن تېخى، ــ ئەركىن شۇنداق دەپلا كۆرمىشنىڭ مەڭزىگە بىر شاپىلاق سالدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇلار تۇتۇشۇپ، سوقۇشقاق خورازدەك بىر ـ بىرىنى قاماللاپ مۇشتلىشىپ كەتتى. بىنا ئالدىدىكى گۈللۈكتە تۇرغان ئىككى كىشى ئالدىراپ كېلىپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ جېدەلنى بېسىقتۇردى. بۇ چاغدا كۆرمىشنىڭ ئوقۇغۇچىلىق فورمىسى يىرتىلىپ، بۇرنى قانىغانىدى. ئەركىننىڭ تاتىلانغان يۈزلىرى تىتىلىپ، فورمىسىنىڭ ياقىلىرى يىرتىلىپ كەتكەنىدى، كۆرمىش بۇرنىنى تۇتقىنىچە يىغلامسىراپ:

ــ خەپ، ھېلى كۆزۈڭنى قويۇۋەتمىسەم، ـ دېدى ـ دە، بىناغا چىقىپ كەتتى. ئەركىن كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ئوڭشاپ تۇرىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئانىسى پەيزىگۈل بىنا ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

ــ ۋاي بالام، نېمە بولدى ساڭا؟ مۇشۇنچە ئۇرغان كىم سېنى؟ ئېيتە، ــ دېدى پەيزىگۈل تولىمۇ پەرىشان ھالدا. ئۇ ئالدىراپ كېلىپ ئەركىننىڭ تاتىلىنىپ قان تەپچىپ تۇرغان مەڭزىنى سىلىدى. ئەركىن بىردەم مەڭدەپ تۇرغاندىن كېيىن ۋارقىراپ يىغلاپ تاشلىدى ـ دە، ئۆپكىدىگىنىچە:

ــ كۆ ...كۆرمىش ئۇردى، ــ دېيەلىدى ئارانلا. پەيزىگۈلنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، چىرايى ئۆڭۈپ، لەۋلىرى جۇدۇندا قالغان قامغاقتەك تىترەپ كەتتى. شۇ ئەسنادا كۆرمىشنىڭ ئانىسى رىسالەت كۆرمىشنى يېتىلىگىنىچە بىنادىن چۈشۈپ كەلدى. ئىككى ئانىنىڭ كۆزلىرى مىختەك قادالدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن دوستلۇقنىڭ، قوشنىدارچىلىقنىڭ ئىللىق تەپتىنى مۇزلىتىدىغان تولىمۇ سوغۇق ئىپادىلەر ئۇچقۇنداشقا باشلىغانىدى.

ئەتىسى كۆرەش بىلەن ئەركىن مەكتەپكە كەلگەندە ساۋاقداشلىرى ئۇلارنى ئارىغا ئېلىشىپ بىر ـ بىرلەپ سوئال سوراشقا باشلىدى.

—ئەركىن، مەڭزىڭگە نېمە بولدى؟ ئاسلان تاتىلىۋالغاندەك تۇرىدىغۇ!

—كۆرەش، قارا سېنىڭ بۇرنۇڭنىڭ ئۇچىنى! مىخقا ئۇسسۇۋالغان ئوخشىمامسەن!

—ئىككىڭلار يېزىغا بېرىپ بىر كىمنىڭ بېغىغا ئوغرىلىققا كىرىپسىلەر ـ ھە!

—يۈزۈڭلەرگە خەرىتە سىزىۋاپسىلەرغۇ؟

ساۋاقداشلارنىڭ سوئاللىرىغا كۆمۈلۈپ قالغان ئەركىن ۋە كۆرەش لام ـ جىم دېيىشمەي بىر ـ بىرىگە يەر تېگىدىن قاراپ قويۇشاتتى. ئاخىر ئۇلارنىڭ ساۋاقداشلىرى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆزئارا سوقۇشۇپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشقانلىقىنى سىزىۋېلىشتى. بۇ ئىش چۈشتىن كېيىن سىنىپ ھەيئەتلىرى ئارقىلىق مۇئەللىمگە يەتكۈزۈلدى. مۇئەللىم ئۇلارنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ ئارىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى تەپسىلىي ئېنىقلاپ چىقتى. دەسلەپتە كۆرەشنىڭ تاپشۇرۇقنى مۇستەقىل ئىشلىمەي بۇ ماجراغا سەۋەبچى بولغانلىقىنى بىردەم تەنقىد قىلدى. ئاخىرىدا مۇئەللىم بۇ ئىككىسىنى سىنىپقا باشلاپ كىرىپ قىسقىلا يىغىن ئاچتى. مۇئەللىم ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈشى توغرىسىدا سۆزلىگەندىن كېيىن، ئاخىرىدا:

—ساۋاقداشلار، ئەركىن بىلەن كۆرەشنىڭ ئۆزئارا سوقۇشۇشى، شۇ سەۋەبلىك ماي تارتىپ يۈرۈشى ئەخلاقسىزلىق بولامدۇ ـ يوق؟ ـ دېۋىدى، ئوقۇغۇچىلار بىردەك «ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ»، دەپ جاۋاب بېرىشتى.

—خوش، —دېدى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا تەكشى قاراپ، ـ قېنى، ئەمدى بىز ئەركىن بىلەن كۆرەشنىڭ ئىپادىسىنى ئاڭلاپ باقايلى.

—مەن ... مەن ... خاتالىق مەندە، شۇڭا ...ئەركىن مېنى كەچۈرگىن، بۇنىڭدىن كېيىن سەن بىلەن ئۇرۇشمايمەن، تاپشۇرۇقۇمنى ئۆزۈم ئىشلەيمەن. يەنە...، ـ كۆرەش سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى، يۈزلىرى قىزىرىپ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئارىدا مۇئەللىم ئۇنى ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلىدى بولغاي جاراڭلىق ئاۋازدا:

—ياخشى، خاتالىقىنى تونۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىش ئەڭ ياخشى ئەخلاق، شۇنداقمۇ ساۋاقداشلار؟ —دېدى. ھەممەيلەن «شۇنداق» دېگەندىن كېيىن چاۋاك چېلىشتى، چاۋاك ئاۋازى بېسىققاندىن كېيىن ئەركىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

—مەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن كۆرەش بىلەن ئۇرۇشمايمەن، ئىلگىرىكىدەك ياخشى دوستلاردىن بولىمەن، ـ دېدى.

—ھە، ياخشى بولدى، ئۆزئارا ئەپۇ قىلىشىپ قول بېرىڭلار قېنى، —دېدى مۇئەللىم. ئوقۇغۇچىلار جىمجىت ئولتۇرىشاتتى. كۆرەش ئورنىدىن تۇرۇپ ئەركىننىڭ يېنىغا كېلىپ قولىنى سۇندى، ئەركىنمۇ كۆرەشكە قول بەردى. شۇئان كۆتۈرۈلگەن چاۋاك ئاۋازى سىنىپنى بىر ئالدى. شۇ كۈنى كەچتە ئەركىن بىلەن كۆرەش بىر ـ بىرلىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشۇپ شۇنچە خۇشال ھالدا گۈللۈك قورۇغا كىرىپ كېلىشكەندە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىنا ئالدىدا جاڭجاللىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئەركىن بىلەن كۆرەشنىڭ تۈنۈگۈنكى جىدىلى ئۈچۈن دەرغەزەپ بولۇپ، ئۆزئارا ماجرالىشىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. بىر ـ بىرىگە قوللىرىنى شىلتىپ زوكۇنلىشىۋاتقان ئاتا ـ ئانىلار قەدىناسلارچە قول تۇتۇشۇپ، دوستلۇق مېھرىگە چۈمۈلگەن ھالدا يايلاقتىكى ئەركە تايچاقلاردەك سەكرەپ، يۈگرەپ دېگۈدەك ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىشىۋاتقان پەرزەنتلىرىگە قاراپ تۇرۇپلا قېلىشتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچى تۇشۇش باش بېكىتىدە)

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**



سالامەت ئۆمەر

# تۇنجى قار

(ھېكايە)



دېكابىرنىڭ ئاچچىق سوغۇقى كىشىلەرنى ئۆيدىن چىقماس قىلىۋەتتى. كوچىمۇ خۇددى بۇ زېمىستاندىن بىزار بولغاندەك بولۇتلار كەينىگە مۆكۈۋالدى. مورىلاردىن پاتماي چىقىۋاتقان تۈتۈنلەر مەھەللە ئاسمىنىدا ئەگىپ يۈرەتتى. مەھەللە شۇ قەدەر جىمجىت ئىدى.

ئاينۇرى قويلىرىنى ئۆيدىكىلەرگە تۇيدۇرماي قوتاندىن چىقىرىپ ئۇدۇللا مەھەللىنىڭ غەربىدىكى جىگدىلىككە ھەيدەپ ماڭدى. ئۇ غازاڭلىرى تامام تۆكۈلۈپ بولغان قاقشال جىگدىلەرنى ئارىلاپ يېلىم ئىزدىگەچ قانداقتۇر بىر غەمكىن ناخشىغا غىڭشىغاچ باش - ئاخىرى يوق تەگسىز خىياللارغا ئەسىر بولدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىر چاغدا كەينى تەرىپىدىن بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

—ھە ئاينۇرى، سەن بۇ يەردە يېلىم كولا، كالا - قويلىرىڭ بۇغدايلىقتا ئوتلىسۇن...

—ياسىن؟ - ئۇ ھەيران بولغىنىدىن ئاۋازىنىڭ سەل قاتتىق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، — بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ —دەپ قوشۇپ قويدى.

—جىگدە كېسىپ ئوتۇن قىلغىلى كەلگەنىدىم، كېلىۋاتسام بەش - ئالتە قوي بىزنىڭ كۆزگىلىكتە يۈرىدۇ، سېنىڭمىتى؟ —ياسىن سۆزلىگەچ مۈرىسىدىكى پالتىنى جىگدىگە يۆلەپ قويۇپ، قولىنى بىر - بىرىگە سۈركىگىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ سورىدى.

—يېلىم تاپالىدىڭمۇ؟

—ياقەي، قىشنىڭ كۈنىدە جىگدىدە يېلىم نېمە ئىش قىلىدۇ؟ مەنمۇ شۇ ئۆيدە زېرىكىپ قوي بېقىشنىڭ باھانىسىدا بۇ يەرگە كېلىۋالدىم، —ئاينۇرى ئالدىدىكى جىگدىنىڭ قوۋزاقلىرىنى سويغاچ جاۋاب بەردى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىمۇ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى، پەقەت قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى بىر غېرىبلىق، تەنھالىق تۇيغۇسى، ئۇنى بۇ يەرگە سۆرەپ كەلگەن، ئۇ دائىم جىمجىتلىق ھەم يالغۇزلۇقنى شۇ قەدەر خالايتتى.

—راست، بۇ مەھەللىنىڭ قىش كۈنلىرى بەكلا زېرىكىشلىك، —ياسىن يىراقلارغا كۆز تاشلىغىنىچە شۇنداق دېدى.

—نېمە؟ ئۇياقتىن كېلىپلا، بۇ ياقتىن زېرىكىشكە باشلىدىڭما؟ ئۇنداقتا ئوقۇش پۈتتۈرسەڭ ئۈرۈمچىدە قالىدىكەنسەندە؟

—ھەي، ئۇنىڭغا كىم بىر نېمە دېيەلەيدۇ؟ —ياسىن سۇس كۈلۈمسىرەپ بىر پۈتىدا يەرنى جىجىغىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— شۇنداق بولسىغۇ بەك ياخشى بولاتتى.

—شۇنداقمۇ؟ ئىلاھىم كۈتكىنىڭ كېلەر، بۇ يۇرتتا توپا بىلەن بوراندىن ئۆزگە نېمە بار؟ بولسا شۇ يەرلەردە ياشاپ قالغىنىڭ ياخشى،- ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى - يۇ، ئەمما يۈرىكى «پىژژىدە» ئېچىشىپ، لەۋلىرى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. ئىمتاسلىققا چۆمگەن

جىگدىلىكتە ئىزغىرىن شامال كېزىپ يۈرەتتى، گۈل ـ گىياھسىز ئېتىز ـ قىرلاردا تەگسىز مىسكىنلىك ھۆكۈم سۈرەتتى.

ـــ ئۆزۈڭچۇ؟ چوپچوك بولۇپ قالغاندىمۇ قوي بېقىپ يۈرەمسەن؟ ـــ دېدى ياسىن كۆزلىرىنى يىراقلاردىن ئۈزمەي جىگدىگە يۆلەنگىنىچە.

ئاينۇرنىڭ يۈرىكى بىگىز سانجىلغاندەك ئاغرىپ كەتتى، يۈزلىرى لاپپىدە ئوت ئالدى. پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئاچچىق تىترەك ئولىشىپ ئالدىدىكى جىگدىگە ئاستا يۆلەندى.

ـــ ھەي، تۇرۇپ كېتىپسىلەرغۇ؟ ـــ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان ئېلى ھەر ئىككىيلەننى چۆچىتىۋەتتى، ـــ نېمە بولدى، ئۇخلاپ قالغانمىتىڭلار؟

ـــ ئوغۇل بالىدەك غاچ ـ غاچ دەسسەپ مېڭىڭلا ئاداش، نېمە ئوغرىدەك تىمىسقىلاپ يۈرىسىلە، ـ ياسىن ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ـــ ھە، ستۇدېنتنى چۆچىتىۋېتىپتىمەندە، ـــ ئېلى كۈلگىنىچە كېلىپ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جىگدىگە يۆلىنىپ تاماكا تۇتاشتۇرۇشقا باشلىدى.

ئاينۇرنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ غەشلىككە تولدى. ئۇ ئۆرۈلۈپلا قويلىرى تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى.

ـــ كېتەمسىز؟ ـــ ئېلى بىلەن ياسىن تەڭلا ئۇنىڭدىن سورىدى ۋە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى.

ـــ ھەئە، ـ ئۇ كەينىگە قارىماي جىگدىلىكنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتتى. نېرىراقتا ئۇنىڭ قويلىرى قۇرۇغان غازاڭلارنى تىرىپ يەۋاتاتتى. ئۇ قويلىرىنى ھەيدىدى، ئەمما قويلار قېرىشقاندەك ياسىن بىلەن ئېلىنىڭ قېشىغا يۈگۈردى. ئاينۇرى ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغاندا ئۇلار نېمىنىدۇر تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتاتتى.

ـــ نېمە بولدى، جىمپىلا قالدىڭغۇ؟ پەرىزىم توغرىكەن ـ ھە، ـــ دېدى ئېلى ھەييارلىق بىلەن كۈلۈپ.

ـــ ئۆزۈممۇ ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن جۇمۇ، بىراق ئۇ ھازىر نەدىدۇ؟ ھەي!... ـــ ياسىن يۈزىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ يەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.

ـــ راستىنلا تەن ئالدىڭ، ھەي، يىغلاۋاتامسەن نېمە؟ ـــ ئېلى پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى.

ـــ تولا گەپ قىلمىغىنا، لېكىن شۇ...

ـــ لېكىن شۇ تەس كېلىۋاتىدۇ دېگىن، شۇنداقمۇ؟ ـــ ئېلى ھەدەپ كۈلەتتى.

ـــ ئۇنىڭ ھازىر نەدىلىكىنىمۇ بىلمىسەم، ئاينۇرى سەن ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە يېقىن تۇرۇپ... ـياسىن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمايلا قالدى.

ـــ ئۇ دېگەن كىم؟ كىمنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتىسىلەر؟ ـ ئۇ كۆڭلىدە ھەممىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيتتى.

ـــ گۈلئايىمنىڭ! گۈلئايىمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىمىز! بىلمەس بولىۋالغىنىنى...

ياسىننىڭ قېيداش، ئازابلىنىش، ئىنتىزارلىق ئارىلىشىپ كەتكەن ئاچچىق تۇيغۇلىرى يۈرەك قېتىدىن تىترەپ چىقاتتى.

ئاينۇرنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى، ئۇ ياسىننىڭ بۇنچە ۋارقىراپ كېتەرىنى ئويلىمىغانىدى. يەر تېگىدىن ئۇنىڭغا سەپسېلىپ تۇرغان ئېلىنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلدى ـ دە، شۇئان چىرايىدىكى كۈلكە ئۆچۈپ جىددىي تۈس ئالدى.

ـــ ھەي ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ نېمە ئۇنىڭغا ۋارقىراپ يۈرىسەن؟ ئاچچىقىڭ كەلسە، دەردىڭنى ئاناڭ بىلەن داداڭدىن ئال!

ئارىنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى، ئاچچىق شامال يۈزلەرگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. ئەمما ئۇلار بۇنىڭدىن تامامەن بىخەۋەردەكلا تۇراتتى.

ـــ مەن ئۇنى كورلىدا كۆردۈم، ـــ دېدى ئېلى، ـــ ئۇ كۈنى بىز ئىشلىمىگەن، بىر مەھەللىلىك بالىلار بازار ئايلىنىپ يۈرەتتۇق. ئۇ

بىزنى تونۇپ يېنىمىزغا كەپتۇ، ئەمما بىز تونۇيالمىدۇق، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاكىسىمۇ تونىيالمىدى. بەك ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ بىزنى بىر رېستورانىنىڭ ئايرىمخانىسىغا باشلاپ كىردى. يوغان بىر ئۈستەلنى قورىمىلار بىلەن لىق تولدۇرىۋەتتى. ھاراق بوتۇلكىلىرىنىڭ ئاغزىنى ئۆزى ئېچىپ بەردى. ھەي! ...«ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ» دېگەنىدەك، بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆپ ئەھۋاللىشىپ كەتمىدۇق، ھەم ئۇمۇ بىزگە كۆپ پۇرسەت بەرمىدى. بىر چاغدا ھەممىمىز مەست ـ ئەلەس رېستوراننىڭ ئالدىغا چىقتۇق. ئۇ سانتانادىن بىرنى توسۇپ كېتىپ قالدى.

ــــ نېمە؟ سەن قاچانلاردىن بېرى ئېچىشنى ئۆگىنىۋالدىڭ؟ ــــ سورىدى ياسىن ھەيران بولۇپ.

ــــ مەھەللىدىن چىقىپ كەتكەندىن باشلاپ، ــــ دېدى ئېلى سوغۇققىنا.

ــــ ھەي شۇنداق قىلىپ «بەش ۋاخ ناماز، روزا ـ رامىزاننى، ھاراق ـ تاماكىغا تېگىشتىم»، دە.

ــــ «يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال» دېگەننى ئاڭلىمىغانما؟ ئىچمىگەن، چەكمىگەننى ئادەم قاتارىغا ئالمايۋاتسا، ماڭا نېمە ئامال؟ ــــ دېدى ئېلى بىخارامان.

ــــ گۈلئايىم نېمىشقا ئۇ يەرلەرگە كېتىپ قالدى؟ مەن ئوقۇشقا ماڭغاندا ئۇ مەھەللىدە بىر ئوبدان قالغانىغۇ؟ قېچىپ كەتتى دېيىشىدغۇ؟ ـياسىننىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

ــــ كىم دەيدۇ؟ يەڭگىسىما؟ ياكى سەلەرنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ؟ ــــ دېدى ئاينۇرى ئېغىر خورسىنىپ، ئاندىن ئارانلا ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــــ سەن ماڭغان چاغ، گۈللەر خازان بولغان، كائىنات غېرىبانە گۈزەللىككە تولغان ئالتۇن كۈز پەسلى ئىدى. سەن كاتتا دۆيجاڭنىڭ كەنجى بايۋەتچىسى بولغىنىڭ ئۈچۈن كەنتتەكى ھەممە ئادەم سېنى ئۆز بالىسىنى ئۇزاتقاندەكلا يولغا سالدى. ئۇ چاغدا سەن شۇنچىلىك خۇشال ئىدىڭ، كۆزلىرىڭدىن شادلىق، بەخت نۇرى چاقنايتتى، شۇنداق قىلىپ سەن كەتتىڭ! ...سېنى ئۇزىتىپلا ھەممىمىز «ئۇھ» دەپ يېنىڭ تىن ئالدۇق، ئاندىن ئالدىراش يىغىم ـ تېرىم ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتۇق. سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىسى گۈلئايىم بولغاندىكىن شۇ توغرىلىقلا سۆزلەپ بېرەي، باشقىلىرى قولقىڭغا ياقمايدۇ ھەقاچان ...ئۇنىڭغا كەلگەن چاقىرىق ھەممىمىزنىڭكىدىن ياخشىتى، ئەمما ئۆزۈڭگە ئايان، ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمايتتى، ئەمەلىيەتتىنغۇ سەندىن باشقىمىز ئوقۇيالمايتتۇق. ئۇنىڭ ئاكىسى خوتۇنىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ، سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدۇ، شۇڭا گۈلئايىم بىلەن ئاكىسىغا ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان قورۇ ـ جاي، باغۋاران، مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى يەڭگىسى ئىگىلىۋالدى. ئۇ كۈنلەر گۈلئايىمغا بەك ئېغىر كەلدى. ئۇ تاڭ سەھەردىن تا كۈگۈمگىچە ئېتىزدىن كىرمەي ئىشلەيتتى. بەزىدە ئىككىمىز ئوت ئالغىلى مۇشۇ يەرگە كېلەتتۇق. ئاستىمىزدا، سېرىق سۆسۈن ئېچىلغان رەڭگا ـ رەڭ بېدە گۈللىرى، ئۈستىمىزدىكى بوكباراقسان جىگدە ياپراقلىرى ئارسىدا ئويان ـ بۇيان ئۇچۇشۇپ يۈرگەن كاككۇكلار، قىر بويلىرىدىكى قىزارغان لالە، چۆژگۈن، يۆگىمەچ گۈللىرى ...دوڭغاق جىگدىلەرگە يۆلەنگىنىمىزچە سائەت ـ سائەتلەپ جىمجىتلا ئولتۇرۇپ كېتەتتۇق ...كېيىن «بوزەكنى بوزەك قىلمىساڭ قىيامەتتە سورىقى بار» دەپ، گۈلئايىمنىڭ يەڭگىسى تۆگەل ھەددىدىن ئاشتى... «گۈلئايىمنى ئەمەت دۆيجاڭنىڭ ساراڭ ئوغلىغا بېرىدىغان بوپتۇ» دېگەن گەپ يەنە بىر مۇنچە سېسىق گەپ بىلەن قوشۇلۇپ پۈتۈن مەھەللىگە پۇر كېتىپتۇ. بۇ سۆز ـ چۆچەك مەھەللىدىكى كوت ـ كوت خوتۇنلارغا تازا بولۇپ بەردى. ئۇلار بىرنى ئون، ئوننى مىڭ قىلىپ سۆزلەپ يۈردى. ئەمەلىيەتتە بۇ گۈلئايىمنىڭ يەڭگىسى بىلەن سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئويۇنى ئىدى ...«يالغان گەپنى ئۈچ قېتىم قايتىلىسا راستقا ئايلىنىدۇ» دەپ، گۈلئايىمنىڭ يەڭگىسى تېزلا تويغا تۇتۇش

قىلدى. ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، ئاكاڭ ساراڭ قېتىش بىر نېمە ...قولىدىن جېدەل ماجرا تېرىش، ئادەم ئۇرۇشتىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ. يەنە كېلىپ نەچچە توي قىلغان ...شۇنداق قىلىپ ئۇ مەھەللىدىن بىر كېچىدىلا غايىپ بولدى، يېنىمدا بارى ئون يۈەن ئىكەن، شۇنى يوللۇق تۇتتۇم...

ـــ ئاھ خۇدا!... ـ ياسىننىڭ يۈرىكىدىن چىققان ئىندا جىگدىلىككە ئۇن ـ تىنسىز سىڭىپ كەتتى.

ـــ سەن ئۇنىڭغا ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ئېيتمىغانمۇ؟ ـــ ئېلى ياسىندىن ئاستا سورىدى.

ـــ ئۇچۇق قىلىپ ئېيتمىغان، ئەمما ئانچە ـ مۇنچە شەپىسىنى بەرگەن، ئۇمۇ چۈشەنگەندەك قىلغان ـــ ياسىن كۆز ياشلىرىنى مىڭ تەستە بېسىپ لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىدى.

ـ تۆتەيلەندىن ئۇچىمىزلا قاپتىمىز، بەلكىم بۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىرىيەرگە كېلىشىمىز بولۇپ قالار، بىرەر پارچە سۈرەتكە چۈشۈۋالساق بولاتتى، ـــ دېدى ئېلى خۇددى روھى چىقىپ كەتكەندەكلا جىگدىگە يۆلىنىپ قالغان ياسىن بىلەن ئاينۇرغا قاراپ.

ـــ سەنمۇ كەتمەكچىما؟ ئەمدى كەلمەمسەن؟ ـــ سورىدى ياسىن.

ـــ ھەئە، كېتىمەن، بۇ يەردە يا قىلغۇدەك ئىش بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ قېلىشىمنى كىم خالايدۇ؟ ھېچكىم خالىمايدۇ،ـــ ئېلى تولىمۇ غەمكىن قىياپەتتە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئاينۇرغا كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا قاراپ قويدى. ئەمما ئاينۇرى ھەممىنى ئۇنتىغان ھالدا ياسىنغا تىكىلىپلا قالغانىدى.

ياسىننىڭ كۆزلىرى بولسا يەنە شۇ كۆز يەتمەس يىراقلاردا.

ئېلى ئىختىيارسىز كۆزلىرىنى يۇمىۋالدى. ئاندىن بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك ئېيتتى:

ـــ يەنە بىر گەپ ياسىن، مەن گۈلئايىمنى ئۈچراتقاندا باشقىچىلا بولۇپ قالدىم، ئۇنىڭ قىلىۋاتقىنى قانداق ئىشكىن، نېمىلا بولمىسۇن سەن ئۇنى تېزراق تاپ.

ـــ مەن ئەتىلا ماڭىمەن، ـــ دېدى ياسىن قەتئىيلىك بىلەن.

ـــ ئەتە ماڭامسەن؟ ـــ دەپ شىۋىرلىدى ئاينۇرى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى، ھەتتا ئۆزىمۇ.

ئەتراپنى بىردىنلا سىپسىرىق تۇمان قاپلاپ، دەھشەتلىك بوران باستى، بوران بىر كېچە ـ كۈندۈز چىقىپ توختىغاندا، مەھەللىنى بۇرۇنقىدىن بەتتەر غېرىبلىق، مىسكىنلىك قاپلىغانىدى. تۈپىلىق يول، توپا چىراي ئادەملەر، توپا رەڭ ئۆيۈق ...ياسىن بىلەن ئېلى ئاشۇ بورانلىق كۈندە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغىمۇ قارىماي ئۇن ـ تىنسىزلا كېتىپ قالدى. مەھەللە تېخىمۇ جىمجىت ئىدى. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ ئاينۇرى تۆت كۆزى بىلەن تەلمۈرۈپ كۈتكەن گۈزەل، تۈنجى قار باھاردىكى ئۆرۈك چېچەكلىرىدەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بۇ تۈنجى قارنى ھېلىقى كۈنى ياسىن بىلەن پاراڭلاشقان دوڭغاق جىگدە تۈۋىدە يېگانە كۈتىۋالدى. قار ئۇنىڭغا تۈگىمەس ھەسرەت، ئازاب، كۆز ياشتىن ئۆزگە ھېچنەرسە بېرەلمىدى. لەپىلدەپ يېغىۋاتقان ئاپئاق قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنى قار قىزغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

ئۇ، بۇ يەردە ناھايىتى ئۇزۇن ئولتۇردى، بۇ يەردە تولۇق ئۇتتۇرا مەكتەپتە بۇ كەنتتىن بېرىپ بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقدىشى گۈلئايىم، ياسىن، ئېلىلار بىلەن تالاي قېتىم مۇڭداشقان ۋاقىتلارنى ئەسلىدى، ئاندىن مانا مۇشۇ يەردە تەنھا ئولتۇرۇپ يازغان مۇنۇ مىسرالارنى پىچىرلاشقا باشلىدى.

چىغىر يول بويلىرى چەكسىز غېرىبلىق،
توزىغان ئاخىرقى سېرىق سەبدەمۇ.
خىيالىم زەپ شېرىن ئازابلارغا لىق،
يوقلىماس بۇ يەرنى مىسكىن قۇياشمۇ.

توپىلىق يوللاردا بىچارە خازان،
ئېزىلىپ بارماقتا قەلبىمدەك گويا.
قۇرىغان تېنىمدەك يالىڭاچ دەرەخ،
ئىزغىرىن شامالدا تەۋرىنەر ئاستا.

(ئاپتور: چىرا بازار ئاياغ كۆكمەت كەنتە 3 ـ مەھەللە 250 ـ ئۆيدە)

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

NEW JADE LITERATURE



ئابلىمىت ئابلەت

# مۇھەببەت يالدامىسى

(ھېكايە)

سىرتتىن بىرەرى كىرىپ قالسا سېنى يىگىتتىن كەلگەن سۆيگۈ مەكتۇبىنى ئوقۇۋېتىپتۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتى. خېلى ۋاقىت بولدى، خىزمەتدىشىڭ سورىغان پايدىلىنىش كىتابىنى ئىزدەشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇراتتىڭ. خىيال ـ تەپەككۇرىڭنى باغلاپ تۇرغىنى ياش پۇراپ تۇرغان سۆيگۈ ئىزھارى بولماستىن، بەلكى دوختۇرنىڭ رەڭگە چىلاپ قويۇپ بەرگەن ئۆمۈچۈك ئىزىدەك پۇچۇركىسى چۈشۈرۈلگەن ئالقانچىلىق نېپىز قەغەز ئىدى. ئۇنىڭدا ئۆزۈڭنىڭ قان تىپى، قان تەركىبىگە دائىر بىر تالاي مەلۇماتلار كۆرسىتىلگەنىدى. سەن ئۈچۈن ئۇ ئاددىيلا لابراتورىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتىلا ئەمەس، تولىمۇ ئەھمىيەتلىك، قەلبىڭنى ھاياجانغا سېلىپ، قىزلىق ھېسلىرىڭنى مەۋجلەتكەن تۇنجى سۆيگەن يىگىتىڭنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بېغىشلىيالىغىلىقىڭنىڭ جانلىق شاھىدى ئىدى.

سەن ئىلگىرى ئۇنىڭچۇن بارلىقىڭنى بېغىشلاشقىمۇ تەييار ئىدىڭ. سەن ئويلايتتىڭ، مۇھەببەت ئۈچۈن قۇربان بېرەلىگەن ھايات ھەقىقىي مەنىسىنى تاپقان بولاتتى. بىراق رېئاللىق سېنىڭ رومانتىكلىققا تولغان شېرىن دەملىرىڭنى قارا سەلدەك باسقىن قىلدى. ئۆمۈر سائىتىنىڭ تىنىمسىز ئايلىنىشى بىلەن نۇرغۇن ئىشلار ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدىكەن. ھازىر ماھىيىتىنى، جۇلالىق رەڭگىنى يوقاتقان سۆيگۈمۇ سېنىڭ ئۆتكەن كۈنلەر ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىڭنى غۇۋالاشتۇرۇپ، يارىلانغان قەلبىڭدىن ياشلىقتىكى بەڭۋاش قىسمەتلەر قالدۇرۇپ كەتكەن ئاچچىق ئەسلىمىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلىماقچى بولاتتى. سەن ئۇنتۇشنى ئۇنچە ئاسان ئەمەس، دەپ ئويلايتتىڭ. ئۇنىڭ سېنى ئىزدىمەسلىكىنى، بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇپ چىقىشىنىمۇ تىلەيتتىڭ. ھالبۇكى، ھاياتتىكى نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتمەي بولمايدىغانلىقىنى، سېنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن ئاشۇ كىشىنى زارىقىپ كۈتۈش ۋە چېكى يوق ئەسلەشنىڭ پۇشايماندىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنىمۇ كېچىكىپ چۈشەنگەنىدىڭ. مانا ئۇ ھازىر نەپىس لەۋلىرىڭگە ئىز قالدۇرغان توم، كۆيدۈرگۈچ لەۋلىرى بىلەن باشقا بىر ئايالنى قېنىپ ـ قېنىپ سۆيۈۋاتقاندۇر. تومۇردا ئېقىۋاتقان سېنىڭ ئىسسىق قېنىڭ بەدىلىگە كەلگەن ھاياتى بىلەن باشقا بىر ئايالنى ئايال بولۇپ تۆرەلگىنىگە سۆيۈندۈرۈۋاتقاندۇر. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ سېنى ۋە ساڭا مۇناسىۋەتلىك بارلىق كەچمىشلەرنى تامام ئۇنتۇپ كەتكەن.

سەن ئىدارەڭدىن چىقىپ كوچا ئاپتوبۇسىدا كېلىۋاتاتتىڭ، ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان بىر بوۋاي مومىيىنى يۆلەپ ئاپتوبۇسقا چىقىپ كەلدى. ئىككىڭلار دېيىشىۋالغاندەكلا ئورنۇڭلاردىن دەس تۇرۇپ ئۇ ئىككىيلەنگە ئورۇن بوشاتتىڭلار. سەن ئېگىز، قارامتۇل، قوي كۆزلۈك، كېلىشكەن بۇ يىگىتكە ھۆرمەت نەزىرى بىلەن يالتىدە قارىدىڭ. شۇ چاغدا يىگىتمۇ ئىللىق نەزىرىنى ساڭا يايدى. سەن ئۈركۈگەندەك قىلىپ ئۇچقۇر نەزەرىڭنى ئالدىراپ دېرىزە سىرتىغا ئاغدۇرۇۋالغان بولساڭمۇ، بىر تاتلىق تۇيغۇ قەلبىڭدە «يالتتىدە» چېقىن ياساپ ئۆتتى. ئاپتوبۇستا ئادەم كۆپ بولۇپ، بەدىنىڭلار بىر ـ بىرىڭلارغا تېگىشىپ دېگۈدەك تۇراتتىڭلار. ھېلىراقتا ئۇياتلىق كۆزلىرىڭدىن چاچرىغان بىر

دەستە نۇرنىڭ يىگىتنىڭ قەلبىگە گۈلخان يېقىۋەتكىنى ساڭا قاراڭغۇلۇق ئىدى. ئۇ سېنى مەڭگۈ ئۆزىگە يۆلىنىپ تۇرىدىغاندەك تەسەۋۋۇر قىلىپ، شېرىن ھېسلار قاينىمىدا ئۈزەتتى. ئۇنىڭچۈن سەن ئاللا ئۇنىڭ قەلب ئېتىزىغا تاساددىپىي تاشلىغان مۇھەببەت ئۇرۇقى ئىدىڭ. بىخلىنىپ، كۆكلەپ، مەڭگۈ يىلتىز تارتىپ قېلىشىڭ ئۇنىڭ دۇئاسى ئىدى. يىگىت سېنىڭ ئىدارەڭدىن ئىككى بېكەت يىراقتىكى بىر شىركەتتە ئىشلەيتتى، ئۆيى سېنىڭ ئۆيۈڭدىن ئىككى بېكەت يېقىن ئىدى. تاڭ قۇياشى لېچىكىنى ئۆرۈشى بىلەن 112 ـ يولنىڭ ئاپتوبۇسى باشقا يولۇچىلار بىلەن بىللە يەنە خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئورتاقلىقىغا ئىگە بىر جۈپ ياشنى ئېلىپ، ئۆمۈچۈك تورىدەك چېگىش كوچىلارنى ئايلىنىپ كېتىۋاتقاندا، شامالار قۇلاق تۈۋىڭلاردا ھايات، سۆيگۈ، ۋىسال ھەققىدە شىۋىرلايتتى. سەن بىر قارىسا قىسقىدەك، بىر قارىسا تەكرارلىقتا بەكمۇ ئۇزۇندەك بىلىنىدىغان بۇ خۇمارلىق كوچا سەپىرىدە بەكمۇ گۈزەل بىر چۈش قوينىدا ئەللەيلىنەتتىڭ. سەن چۈشسىمان رېئاللىق ئىچىدە مۇھەببەت مەنزىلىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىڭنى ئاخىرى ئېتىراپ قىلدىڭ. كۆزگە كۆرۈنمەس بىر يىپ ئىككىڭلارنىڭ قەلبىنى مەھكەم باغلىغان، مۇھەببەت دەرۋازىسى سىلەر ئۈچۈن داغدام ئېچىلغانىدى!

ھەرقانداق شېرىن چۈشمۇ ھامان ئاخىرلىشىدۇ، شېرىن بولغانسېرى ئۆمرى قىسقا بولىدۇ، بۇ ھەقىقەت. سېنى ھەتتاكى قالدۇرغىنى ياشلىقتىكى ئۇنتۇلغۇسىز ئەستىلىك، گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلار مۇجەسسەم شۇ چۈشۈڭنىڭ بەك تاسادىپىي ئاخىرلاشقانلىقى، سۆيگىنىڭنىڭ بىر ئۆرۈلۈپلا باشقا بىر ئادەم بولۇپ قالغىنى ئىدى! سىلەر ئاخىرقى قېتىم بىرگە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن شۇ جۈمە كۈنى ئىشتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئۆتكەن چاغلاردىكىگە ئوخشاش سەپەرداش بولۇش پۇرسىتىنىڭ ئەمدى بىر ئۆمۈر نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى بىلىشكە ئۈلگۈرمىدىڭلار. ئاپتوبۇستىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلدى، قىيا ـ چىيا، پاتپاراقچىلىق ئىچىدە يىگىتىڭنىڭ سېنى دېرىزىدىن سىرتقا ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتكەنلىكىنىلا بىلەلىدىڭ. شەھەرنىڭ بۇ كىچىككىنە بۆلىكى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. سەن ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنى تاپالمىدىڭ. پەلەككە قىيقىرىغان تىللىرىنى سوزۇۋاتقان ئوت يالقۇنى پەسكويىغا چۈشكەندىلا كىشىلەر ئاندىن ئاپتوبۇس خارابىسىنىڭ يېنىغا بارالىدى. شۇ ھادىسىدە يىگىتىڭ شوپۇرغا ياردەملىشىپ ئوت ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنغان، ئارقىدىن پاتپاراقچىلىقتا دەسسىلىپ كېتىلىۋاتقان ئۈچ ياشلىق بىر بالىنى قۇتقۇزۇپ چىقىمەن، دەپ بەدىنىنىڭ كۆپ قىسمى كۆيۈپ يارىلانغانىدى. شەھەر باشلىقلىرىدىن تارتىپ، ئاممىغىچە ئۇنىڭ چوقۇم داۋالىنىپ ساقىيىشىغا تىلەكداش ئىدى. ئۇ بەك قانسىراپ كەتكەنىدى. دوختۇرلار ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، قان مەسىلىسىگە كەلگەندە بېشى قېتىشتى. شۇ كۈنلەردە جەنۇبتىكى بىر ناھىيىدە يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بېرىپ، قان ئامبىرىدىكى زاپاس قاننىڭ ھەممىسى يۆتكەپ كېتىلگەنىدى. بىمارغا جىددىي قان سېلىنمىسا ئۇنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايتتى. دوختۇرخانىغا بىرگە بارغانلاردىن ئالتە ـ يەتتەيلەن قان بېرىشكە تەييارلاندىڭلار. ئويلىمىغان يەردىن پەقەت سېنىڭ قېنىڭلا ئۇنىڭ قېنىغا ماس كېلىدىغان بولۇپ چىقتى ـ دە، 400 گرام قان سېنىڭ تومۇرۇڭدىن بىمارنىڭ تومۇرىغا كۆچۈپ ئاقتى.

يىگىتىڭ ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قوشكېزەك ئىككى پەرزەنتى ئۈچ ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا ئاجرىشىپ، ئىككىلىسى بىردىن بالىنى ئېلىپ ئادا ـ جۇدا بولۇشقانىدى. دۇنيالىقتا يېرىم پالەچ بولۇپ ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئاران ـ ئاران چىقىپ كېلىۋاتقان ئاپىسىدىن باشقا ھېچقانداق ئۇرۇق ـ تۇغقىنى يوق ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، سەن ئەتە ـ كەچتە دوختۇرخانىغا بېرىپ، يىگىتىڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولدۇڭ. بەدىنىنىڭ كۆپ قىسمى ئاپئاق داكا بىلەن تېڭىۋېتىلگەن يىگىتىڭ كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش ئېلىپ ساڭا نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولغىنى ساڭا ئايان ئىدى. ئۇ سېنىڭدىن پەخىرلىنەتتى، سۆيۈنەتتى، ساڭا بولغان



يۇرۇڭقاش «نەقشۋەن» گىلەم كارخانىسىغا ئامەت يار بولغاي!

تەشەككۈرى دېگىنىزدىنمۇ چوڭقۇر ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، بىر كۈن بولسىمۇ ھايات قېلىپ سەن بىلەن بىللە ياشاشنى مۇقەددەس ئارمان قىلاتتى. رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، گېزىتلەردە تەكرار ـ تەكرار ئېلان قىلىنغان مۇراجەتنامىلەر كۈچىنى كۆرسەتتى. تەرەپ ـ تەرەپتىن سۇنۇلغان ساخاۋەتلىك قوللار سەكسەن تۈمەن پۇلنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇنى مەركىزىي شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ، داۋالىتىشقا ئىمكان ياراتتى. ئۇنىڭ بىچارە كۆزلىرى تىلى ئىپادە قىلىشقا ئاجىزلىق قىلغان «مېنى كۈتۈڭ» دېگەن ئىلتىجاسىنى ئىپادە قىلىپ تۇراتتى. سەن بىر ئاي ...ئىككى ئاي ... بىر يىل ...تۈپتوغرا ئىككى يىل كۈتتۈڭ. ئەمما، ئۇنىڭ بىلەن شۇنىڭچە ئايرىلىپ كېتىشىڭنى پەقەت ئويلىمىغانىدىڭ.

قان تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يولۇقتۇرۇپ قالمىغان بولساڭ بوپتىكەن، يۈرەك مۇڭتارىنى چېكىپ ئۆتكەن تۈنجى مۇھەببەت كۆرۈنمەس قوللىرىنى قەلب ئالبۇمىڭغا سۇنۇپ، ئۆتكەن كۈنلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىڭغا يايماقتا ئىدى. ئاپاڭ سەي ـ كۆكتات سېتىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. يالغۇزچىلىقتا ئۆزۈڭنى يۇتۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان غۇۋا چۈشتەك خىياللار قوينىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا ئىمكان قىلالمىدىڭ. سەن ئۇلارنى ئويلاشنى خالىمايتتىڭ، ئەمدى ئۇلارنى ئويلاش ھېچقانداق نەتىجە بەرمەيلا قالماستىن، كونا دىل يارىڭنى تىلغايتتى، سېنى ھاڭدەك ئازاب چەكسىزلىكىگە ئىتتىرەتتى. سەن چاي شىرەسى ئۈستىدىن تارتىپ، ئۆيىڭ ئوتتۇرىسىغىچە قالايمىقان تاشلانغان كىتاب دۆۋىلىرىنى يىغىشتۇرۇقسىز تاشلاپ سىرتقا چىقماقچى بولدۇڭ. قىزغۇچ كۆز يوپۇرماقلىرى ئايىغىڭ ئاستىدا شىلدىرلىشاتتى. ئىزغىرىن شامال يۈزلىرىڭگە يەڭگىل ئۇرۇلاتتى. ھالسىز قۇياش زېمىننى ئىسسىتىشقا ماغدۇرى يەتمەيۋاتقاندەك كۆزلىرىنى ئاران ـ ئاران چىمچىقلىتىپ تۇراتتى. سىرتقا ئۆزۈڭ بىلەن ئەگىشىپ چىققان تۈگىمەس خىياللار سېنى يەنە تۇتقۇن قىلدى ...شۇ كۈندىكى تەكشۈرۈشتىن قان تىپىڭ B بولۇپ چىقتى. يىگىتىڭ كېسەل كارىۋىتىدا ئۇيقۇغا كەتكەن چاغلاردا سەن قان تىپى بىلەن پسىخولوگىيىلىك مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى كىتابلارنى كۆرۈپ ئۆزۈڭنى، سۆيگۈنىڭنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ چۈشەنمەكچى بولاتتىڭ. سېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىڭ، ۋۇجۇدۇڭ يىگىتىڭ ئۈچۈن تەسەددۇق ئىدى. ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچىمۇ B تىپلىق قىزلار ئۆزى بىلەن سۆيگۈنىنى ئايرىلماس بىر گەۋدە دەپ قاراپ، مۇھەببەتكە ھاياجانلىق، سەممىي مۇئامىلە قىلاتتى. مۇھەببەت ئارقىلىق ئۆزىنى، ھايات مۇساپىسىنى، كېلىچىكىنى ياراتماقچى بولاتتى. سەن بۇ تىپتىكى قىز ـ ئاياللاردا بولىدىغان خاسلىقنى كۆركە قىلىپ، مۇھەببەت ئۈچۈن بەدەل تۆلىدىڭ.

خىياللار، ئازابلىق خىياللارغا جور قەدەملىرىڭ سېنى ئەگرى ـ بۈگرى چىغىر يولنى بويلىتىپ، ھويلىنىڭ مەركىزىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان شىپاڭغا ئېلىپ كەلدى. سەن ئۇزۇن ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇڭ. كۆزلىرىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلگەنىدى. يېنىڭدىكى كۆلچەكتە چۈشتەكلا غايىپ بولغان سۆيگەن يىگىتى ئۈچۈن ئىزتىراپ چېكىۋاتقان بىر قىز مۇڭلىنىپ تۇراتتى. قولاق تۈۋىڭدە كۈزنىڭ ئالتۇن يوپۇرماقلىرى چېلىۋاتقان ئىسكىرىپكىنىڭ لەرزان كۈيلىرى ئاڭلىناتتى ...قۇرداشلىرىڭنىڭ ھەممىسى توي قىلىپ، بالىلىقمۇ بولۇپ قالدى. سەن يىگىتىڭ ھېلىلا كېلىپ سېنى ئىزدەيدىغاندەك تۇيغۇ ئىچىدە تىنىمسىز كۈتكىنىڭ كۈتكەنىدى. قوشنىلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ ئاپىسىمۇ باشقا يەرگە كۆچۈپ كەتكەنىدى. سەن ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك تىمتاسلىقتا چۆمگەن بىنا ئالدىدىن مەيۈسلىنىپ قايتىپ كەلدىڭ. ئۇنىڭ شىركىتى ۋەيران بولۇپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى تارقىتىۋېتىلگەنىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق چېكى يوق كۈتۈشنى خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتۇردۇڭ. شۇ كۈتۈش، شۇ زارىقىش، شۇ خىيال، شۇ چۈشلەردە سەن ئىزدىگەن سۆيگۈ، سەن تەلپۈنگەن ۋىسال چەكسىز دەشتى ـ چۆلدىكى ئالۋۇنغا ئوخشاش سېنى ئۈمىدلەندۈرەتتى، ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى.

سەن ئويلاشتىنمۇ قورقىدىغان كۆرۈنۈش ئاخىرى سېنىڭ كۆز ئالدىڭدىلا يۈز بەردى:

سۆيگىنىڭ بىلەن ئالاقەڭ ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئۈ-
چىنچى يىلى كەچ كۈزنىڭ بىر شەنبە كۈنى
سەن مەكتىپىڭدىكى ئايال ئوقۇتقۇچىلار بىلەن
بىر تويدىن تارقاپ، ماگىزىن ئايلىنىۋېتىپ،
قايناق بازاردىكى بىر كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىدا
مودا ياسىنىۋالغان بىر قىزغا كىيىم ئۆلچەۋاتقان
بىرسىگە تۇيۇقسىز كۆزۈڭ چۈشۈپ قالدى. سى-
لەرنى قېلىن ئەينەك ئايرىپ تۇراتتى. شۇ دە-
قىقىدە جاھان بىردىنلا قاراڭغۇلۇققا غەرق بو-
لۇپ، ھېچنەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان
ياكى مىدىرلىساڭلا ھەممە ياق «گۇم» قىلىپ
پارتلاپ كېتىدىغاندەك دەھشەتلىك تۇيغۇ ئى-
چىدە ئىزىڭدا چىپپىدە تۇرۇپ قالدىڭ. سەن
ۋەھىمە ۋە ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇ ۋە ھېلىقى قىز
ھەقتىكى ئايىغى چىقماس گۇمان، ۋەھىمىگە
چىلاشقان ئويلىرىڭنى يىغىشتۇرماي تۇرۇپ،
يىگىت قىزنى قولتۇقلىغىنىچە دۇكاندىن چىق-
تى. يەر شارى نېمە دېگەن تار ـ ھە؟ سەن
دەسسەپ تۇرغان شۇ نۇقتا ئىككىسىنىڭ ئۆتەر
يولىغا توغرا كېلىپ قالغانىدى. سەن خورلىنى-
ۋاتقان ئەقىدەڭ ئالدىدا خىجىللىقتا قالدىڭ.
تومۇر ـ تومۇرۇڭدىكى قانلار بېشىڭغا تېپىپ،
ۋۇجۇدۇڭ گۈلخان ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك خۇ-
دۇڭنى بىلەلمىدىڭ. سەن ھەرقانچە بولسىمۇ
مۇنداق بولارىنى ئويلىمىغانىدىڭ.

ـــۋۇي ئالدىرىمايراق ماڭسىڭىزچۇ، نەگە
چاپىسىزكىنتاڭ، مېنىڭ سىزدىن بىر دەممۇ ئاي-
رىلغۇم يوق!

قىزنىڭ بەخت كۈلكىسى يۈرىكىڭگە بى-
گىز سانچىدى. ئىچىڭگە ئاچچىق بىر ئېقىن
تولۇپ، كۆزۈڭگە دەۋرەپ كەلگەن ئىسسىق ياش-
لىرىڭ تاراملاپ تۆكۈلدى. شەكسىزكى، يىگى-
تىڭ ساقىيىپ كېلىپ تويمۇ قىلىپ ئۈلگۈر-
گەنىدى. تۇرمۇش سەھنىسىدە سەن ھېلىقى
قىزنىڭ رولىنى ئېلىش ئۈچۈن ئايلاپ، يىللاپ
ئۈمىدلىنىپ كەلگىنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەپ-
تۇ ـ دە، ئاخىر. ئۇنىڭ سېنى شۇنداقلا ئۇنتۇپ
كېتىشكە پېتىنغانلىقى پەقەتلا ئەقلىڭگە
سىغمايتتى. ئۇنىڭ باشقا بىرى بولۇپ چىقى-
شىنى، كۆرۈۋاتقىنىڭنىڭ سەزگۈلىرىڭنىڭ ساڭا
قىلغان چاقچىقى بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قى-
لاتتىڭ. سەن چۆرگىلىتىپ قويۇپ بەرگەندەك
ھەتتاڭچىلىقتىن ئېسىڭگە كېلە ـ كەلمەي ئۇ-
دۇلۇڭغا قارىدىڭ، ھېلىقى بىر جۈپ گەۋدە ئا-
دەملەر دېڭىزىغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

سەن ئەمدى ئاناڭنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپ
يىراق تۇغقىنىڭلارنىڭ بايۋەچچىسىگە تېگىشكە
مەجبۇر بولدۇڭ. ئىلگىرى سەن «جاھاندىكى
باشقا ئەرلەر بىر تەرەپتە، خالمۇرات بىر تەرەپتە
تۇرىدۇ»، دەپ ئويلايتتىڭ. ئەمدىلىكتە خالمۇ-
راتمۇ، باشقا ئەرلەرمۇ ھەممىسى بەرىبىر ئوخ-
شاش، ھەممىسى قىز ـ ئاياللار روھىيىتىنىڭ
خائىنلىرى ئىدى. تويۇڭدىنمۇ، ئۆيۈڭدىنمۇ،
تۇرمۇشىڭدىنمۇ ئوخشاشلا ھەشەمەت پۇراپ تۇ-
راتتى. ئەمما ئۆي ساڭا، سەن ئۆيگە قىلچىلىك
ھارارەت بەخش ئېتەلمىدىڭلار. ھۆسنۈڭگىلا
مەپتۇن بولۇپ، ئىچكى دۇنيارىڭغا ھالقىش
ئىقتىدارىغا ئىگە بولالمىغان بايۋەچچە كوچا ـ
كويلاردا «مەن خوتۇن ئەمەس، مۇز ھەيكەل ئاپ-
تىمەن»، دەپ قاقشاپ يۈرۈپ، سېنىڭدەك «-
ھېسسىياتسىز مەخلۇق» بىلەن ئايرىلىش تەك-
لىپىنى قويدى. سەن ئىككىلەنمەيلا ماقۇللۇق
بىلدۈردۈڭ...

تۇۋا، تەقدىرنىڭ ساڭا ئاتىغان نەيرەڭلىك
چاقچىقى تېخى تۈگىمىگەنىدى. بىر كۈنى كوچا
ئاپتوبۇسىدا كېتىۋېتىپ، قارا دېگەندەك زايە
بولۇپ، يېنىڭدا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»-
نى كۆرۈپ ئولتۇرغان بىرسىگە كۆزۈڭ چۈشۈپ
قالدى. سەن شۇ تاپ چاقماق سوققاندەك ئەندى-
كىپ كەتتىڭ. پەقەت ئۇنىڭ ھېلىقى سۆسۈن-
رەڭ خالى يوقلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا
ھەممە يېرى خالمۇراتقا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخ-
شايتتى. كانايدىن ئاپتوبۇسنىڭ نەنمىن بېكى-
تىگە كەلگەنلىكى ئۇقتۇرۇلۇپ، ھېلىقى يىگىت
ئاستا ئىشىك تەرەپكە سۈرۈلۈپ پەرۋاسىزلا چۈ-
شۈپ قالدى...

ئۆمۈر سۇدەك ئۆتمەكتە ئىدى. ھەش ـ
پەش دېگۈچە 30 يېشىڭنىڭ ساناقلىقلا كۈنلىرى
قالدى. ياشىنىپ قالغان ئاناڭنىڭ ئويلايدىغىنى
سېنىڭ بىر ئائىلىگە مۇھتاجلىقىڭ ئىدى. ئەمما
بۇ ئائىلە نەدە؟ ئاشۇنداق مەسئۇلىيەتسىز ئەرلەر
بىلەن ئۆتىدىغان ئاياللارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى-

دىن مېنىڭ ئائىلىسىز تۇرمۇشۇم ئەۋزەل ئەمەسمۇ، ئۇلار باشقىلارنى ئالداش، ساختا قەسەملەر ھېسابىغا نېمىگە ئېرىشمەكچىدۇر؟ مەنغۇ مەيلى، ئۇلار يەنە ئاياللىرىنىمۇ ئالداپ يۈرەمدىغاندۇر؟ دەپ ئويلايتتىڭ.

قان تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن باشلانغان خىياللار ساڭا ئاراملىق بەرمەيتتى. سەن «بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈش بىلەن مۇھەببەت نەپرەتكە ئايلانغاندىكى ئۆچلۈك ئوڭ تاناسىپ بولىدىكەن» دەپ ئويلايتتىڭ. سەن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كەتكەنىڭدىكى، ئۇ سېنىڭ نەزىرىڭدە بەئەينى رىۋايەتلەردىكى ياۋۇز چىلتەن قۇش، غۇبارسىز كۆلنى ئالداپ چەيلەپ قويۇپ، غايىپ بولغان يىرگىنىشلىك مەخلۇق ئىدى. سەن ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ. گۈللىرى توزۇپ، يوپۇرماقلىرى سولۇشقا باشلىغان گۈللۈك پات يېقىندا جۇدۇن بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى. سەن گۈللۈك بويىدىكى چىغىر يولنى بويلاپ تېز ـ تېز قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتىڭ. قار دانچىسىدەك ئۇششاق پۈرەكچىلەر كەينىڭدىن پىرىلداپ سورۇلغىنىچە بىر يەرگىچە ئەگىشىپ بېرىپ يەنە ئاستاغىنە يەرگە قوناتتى.

ـــ كامىلە...

ئالدىڭدا ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىر جۈپ تونۇش كۆز ئىككىسى ساڭا سۈتتەك ئاپئاق ئېچىلغان بىر دەستە گۈل سۇنۇپ تۇراتتى. بىر جۈپ سۆسۈن خال! سەن غەزەپ ۋە ئېچىنىش ئىلكىدە ئەمدى پۈتۈشكە باشلىغان قەلب جاراھىتىڭ پىژىلداپ ئېچىشقان ھالدا ئالدىڭدىكى مەشئۇم كۆلەڭگىگە ئەلەم بىلەن قارىدىڭ. قانلىرىڭ بۇژۇلداپ قايناپ غەزەپلىك بىر ئۇھسىنىش ۋۇجۇدۇڭدىن ماگمىدەك ئېتىلىپ چىقتى. سەن كۆزۈڭنى يوغان ئاچقىنىڭدا كۆز ئالدىڭدا سۈكۈتكە چۆمگەن ئائىلىلىكلەر بىناسى چوقچىيىپ تۇراتتى. نېرىراقتا بىر قانچە بالا قۇشقاچ باللىرىدەك چۇرقىراشقىنىچە مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ ئوينىشىۋاتاتتى. سەن بىنا ئىشىكىدىن كىرىپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەنىدىمۇ خالمۇرات پات ـ پات كۆز ئالدىڭدا پەيدا بولۇپ، ساڭا بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ يەنە تۇيۇقسىز غايىپ بولاتتى. بۇ چۆل ئالۋۇنىدەك كۆرۈنۈش بىر قانچە قېتىم تەكرارلاندى. «ئادەمنىڭ خىيالى ئۆزىگە دۈشمەن» دېگەن گەپ بار. بۇ سەندىكى «ئەمدى ئۇنى ئويلىمايمەن» دېگەن ئىرادەڭنى بىتچىت قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان خىيالىي تۇيغۇ بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. سەن چۈش ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك ئىدىڭ. ئىلگىرى زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان تۇماندەك تۇتۇق ھەم سىرلىق بىر خىيالىي تۇيغۇ سېنى قورشىۋالغانىدى. كۆز ئالدىڭدا سانسىزلىغان ئەينەك ئۇۋاقچىلىرىدەك بور چېكىتلىرى سېنى دەۋر قىلىپ توختىماستىن ئايلىناتتى. ئاشۇ يۇلتۇزچىلار مەركىزىدە خال، ئوتلۇق جىلۋىزار ئارىسىدىكى كۆيدۈرگۈچ خالى بار، سەن ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغان بىر يىگىت ساڭا مۇڭ ئىچىدە ئۇمۇناتتى، تەلپۈنەتتى. سەن بۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى ھەم نېمىنىڭ بىشارىتى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭ. ئۇ، ھېلىقى ئەرۋاھتەك بىرەر ـ بىرەر كۆز ئالدىڭغا كېلىۋالىدىغان سىماھنىڭ ئاپتوبوستا، بازاردا كۆرگەن «خالمۇرات» قا بارا ـ بارا ئوخشاپ قېلىۋاتقاندەك، ھېلىلا مۆجىزە يۈز بېرىپ ئۇزۇندىن بېرى روھىي بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە سەن تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن قانداقتۇر بىر مەخپىيەتلىك ھېلىلا ئاشكارا بولىدىغاندەك ھېس قىلدىڭ. شۇ چاغدا سەن بىردىنلا نېمىنىدۇر ئېسىڭگە ئالغاندەك بولدۇڭ ـ دە، خالمۇراتنىڭ دادىسىغا قالغان قوشكېزەك ئىنىسىنىڭ ئۇنىڭغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ مەڭزىدە خالى يوقلۇقىنى ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى گۇگۇگا چۈشتەك ئويلىيالىدىڭ. بەلكى، ئويۇك راستتۇر، خال، سېنىڭ خالىڭ ئوپراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتسىز بولۇپ، سەن بىلەن خوشلىشالمايلا سۆيگۈسىنى ئېلىپ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقانىدى. سەن ئىككى قېتىم كۆرگەن ھېلىقى بالا ئۇنىڭ قوشكېزەك ئىنىسى ئىدى!

سەن ئېسىڭگە كەلگەنىدە ئاناڭ سېنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە ساڭا ھەسرەتلىك قاراپ تۇراتتى.

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدىن)

**تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

ھۆرمەتلىك تۇرسۇنجان مۇھەممەت ئاكا، «كۆڭۈل چۈشى» دەك ئەسەرلىرىڭىزگە تەشنامەن. ـ ئابابەكرى ئابدۇقادىر

شىرئەلى ئۆمەر

# تۇمانلىق جىلۋە

(ھېكايە)

توۋا، ھەقىقەتەن «توۋا» دېمىسە بىكار، نېمىگە دەمسىز؟ نېمىگە بولاتتى، مۇشۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا! سىلەرمۇ بىلىسىلەر، مەن مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئالدىدا ياماقچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقىلى نەچچە يىل بولدى. ھەركۈنى يولدىن ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرقىسىم، ھەرياڭزا كىيىنىشىگە قاراپ «توۋا» دەپ بولالماي قالىمەن.

بۇرادەر، بەلكىم سىز چېچى يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان، يەنى كېلىپ «پىگورىسى»نى قېلىپلاپ تۇرۇدىغان تار ئىشتان كىيىۋالغان ئاۋۇ بىرەيلەنگە قاراپ ئۇنى قىز بالىمىكىن دەپ قالىسىز. تېخى ياشلىقىڭىز تۇتۇپ ئىسقىرتىپمۇ قويىسىز، ئەمما ئۇ سىزگە يۈزىنى توغۇرلىغاندا ئۇنىڭدىكى ئانچە ـ مۇنچە ساقال ـ بۇرۇتنىڭ ئىزناسىنى كۆرۈپ خىجىل بولىسىز ـ دە، باشقا بىرىنى چاقىرغان بولىۋالىسىز.

سىزگە دېسەم بۇرادەر، ھەرگىزمۇ خىجىل بولماڭ، سىز نېمىشقا خىجىل بولغۇدەكسىز؟ خىجىل بولۇشقا توغرا كەلسە، ئۇلار ئۆزلىرى خىجىل بولسۇن. كىم ئۇلارنى يات جىنسقا ئوخشىۋالسۇن دەپتۇ. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى خىجىل بولمايدۇ، ناۋادا خىجىل بولىدۇ دېسەڭ، يادىدا يوق چىقىپ قالغان ھەمدە قارىپلا سانۋالغۇدەك ئاشۇ ئازراقلا ساقال ـ بۇرۇتىدىن خىجىل بولارمىكىن دەيمەن. ئۇنچىلىك بۇرۇت دېگەن بەزى ئەركەكچىلىكى بار ئاياللاردىمۇ بار. يۇقىرىقى مەھەللىدىكى ئاينىساخاننى تونۇيدىغانسىز؟ ھە، شۇ خوتۇندا بار بۇرۇت خېلى ئەر كىشىلەردىمۇ يوق جۇما. تاماكۇ چېكىشنى دېمەيسىز تېخى، ھوي بۇرادەر،سىزنىڭ چىرايىڭىز ئۆڭۈپلا كەتتىغۇ؟ كۆڭلىڭىزگە كەلگۈدەك گەپ قىلمىغاندۇرمەن؟ سىز بايا كۆرگەن ھېلىقى بالا توغرىسىدا ئانچە ـ مۇنچە سۆزلەپ قويدۇم شۇ.

گېپىمىزگە كېلەيلى، مەن مۇشۇ ياماقچىلىق دوكىنىدا ئولتۇرۇپ، ئوقۇغۇچى خېرىدارلىرىمنىڭ ئاغزىدىن نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلاپ قالىمەن.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى:

ــ پالانى يىللىق سىنىپتىن پوكۈنى گۈلنىڭ يانچۇقىدىن تاماكۇ چىقىپتۇ، ـ دېسە، يەنە بىرسى:

ــ ئۇ دېگەن قانچىلىك ئىشتى، بىزنىڭ سىنىپتىكى ھېلىقى پۈستانە قىزنى مەكتەپتە مەست ھالىتىدە تۇتۇۋالمىدىمۇ؟ ـ دەيتتى.

ــ ئاغىنىلەر، ـ دەيتتى ئۈچىنچى بىرسى ــ قىزلارنىڭ ھاراق ئىچىپ، تاماكۇ چېكىشلىرى خۇددى تاماق يېگەندەك ئادەتتىكى ئىش، سىلەرگە بىر ئىشنى دېسەم، ھەرجۈمە كۈنى دەرستىن يانغاندا مەكتەپنىڭ ئالدىدا تاكسى، ماشىنىلار شۇنداق كۆپىيىپ كېتىدۇ، تاكسىغا ئولتۇرۇپ كەتكەن قىزلارنىڭ شۇ ئاخشىمى قايتىپ كېلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز، تېخى دۈشەنبە كۈنى دەرسكە ئاران ئۈلگۈرۈپ كېلىشىدۇ. مانا بۇنىڭغا قايسىڭلار دىققەت قىلىپ باقتىڭلار.

ــ راست دەيسەن، ـ دەيتتى ئارىدىن بىرى ئەستىقلاپ، ـ ئۆتكەن يىلى بىر ھەپتە ياتاقتا كەلمەي سىرتتا قونغان قىزدىن بىرسى مەكتەپتىن ھەيدەلمىدىمۇ؟ بۇنىڭغا توۋا دېدىم. توۋا دېمەي بولامدۇ؟ قىزلارنىڭ قىلىقلىرىغا قارىغاندا مەكتەپ ھېلىمۇ جايىدا جىم تۇرۇپتۇ.

مانا ـ مانا بۇ يولدا ھەرخىل ئىشلارنى كۆرىسىز بۇرادەر، ئاۋۇلارغا قاراپ بېقىڭە، ئىلگىرى بۇ يولدىن ئۆتكەن قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى چاچلىرىنى پۇرژىندەك ئېشىۋېلىپ، كالپۇكلىرىنى سىرلاپ، قاپاقلىرىنى مۆشت يېگەندەك ئىششىتىۋالاتتى. ھازىر كۆرۈپ تۇرۇپسىز، كۆپ ئۆزگەردى ــ چاچلىرىنى قىسقارتىپ، قوتۇر بېسىپ كەتكەن ئىتنىڭ تۈكىدەك سارغايتىۋالىدۇ، كالپۇكىنى قارا ئۇجمە يېگەندەك قارايتىپ، قاپىقىنى كۆكەرتىۋالىدۇ. «قايسى ئو-





ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئاكا، تەرجىمە ئىشلىرىڭىز يەنىمۇ گۈللەنگەي! ـ ئابابەكرى ئابدۇقادىر

رۇسىنىڭ يانچۇقىدىن چۈشۈپ قالغان بولغىيتتى ماۋۇ» دەپ قالىسىز. ئاڭلىسام ئۇرۇمچىدە قىزلار چېچىغا پوجاڭزا قىستۇرۇپ ئاتتۇرۇپ ئالا ـ يېشىل بويىۋالارمىش، خۇدايىم ئۆمرىمىزنى بەرسە، ئەتە بىركۈن تۇرساق ئۆكۈنلۈككە ئۇنداقلارنى كۆرۈش بىزگىمۇ نېسىپ بولار.

بۇرادەر، مۇشۇ قىزلار ئۆزىنىڭ ئوي ـ دۆڭلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىشقا نېمانچە خۇشتاردۇر دەيمەن. بەدىنىگە چىڭ يېپىشىپ تۇرىدىغان كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆردەكتەك ئىغاڭلاپ مېڭىپ كېتىشىدىكەن.

نېمە، گەپلىرىڭىز بەك قوپالكەن دېدىڭىزما؟ قانداق قىلاي بۇرادەر، زاغرا نانغا كۆنگەن مىجەز دەڭگا. ياساپ گەپ قىلالايدىغان بولسام، بۇ يەردە ياماقچىلىق قىلىپ ئولتۇراتتىممۇ؟ مەنمۇ ئۇلارنى ئۆزى ئوخشىۋالغان نەرسىلەرگە ئوخشىتىۋاتىمەنغۇ.

قەيەرگە كەلگەن ئىدۇق؟ ھە، يەنە بەزىلىرى بار، ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچ كەلمەيدىغان، كىندىكىگە يەتمەيدىغان كوپتىلارنى كىيىشىدۇ، سەللا ئېڭىشسە ساغرىسى كۆرۈنۈپلا قالىدىغۇ ئۇلارنىڭ...

بىر ئاغىنەم «قىزلارنىڭ يۈزلىرى قېلىنلاپ، كىيىملىرى نېپىزلەپ كېتىۋاتىدۇ»، دېسە، نېمە گەپكىن دەپتىكەنمەن.

— ئوقۇغۇچى دېگەننىڭ نامرات ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلىمەن، ھەرقانچە بولسىمۇ، يالىڭاچ قالغۇدەك ئەمەستۇر؟! ئۇپا ـ ئەڭلىكنى ئازراق ئېلىپ، ئىككى غېرىچ رەختنى ئارتۇق ئالسىلا بولىدىغۇ ياكى بولمىسا ئاتا ـ ئانىسىغا «يالىڭاچ قىلىۋاتىمەن»، دەپ خەت يازسا ئۇلارمۇ قاراپ تۇرماس. مېنىڭچە ئۇلار نامرات ئەمەس، بەزىلىرى سىزنى پۇل بىلەن ئۇرۇپ يېقىتىشى مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ ئۇلارغىمۇ دەپ قويۇڭ، تولۇقراق كىيىنىپ ئاندىن پۇللىرىنى كۆز ـ كۆز قىلسۇن.

— قىزلارنىڭ ھەممە يېرىگە قاراپ ئولتۇرىدىكەنسىز دېدىڭىزمۇ؟ بۇرادەر، سىز قارىمايدىغاندەك گەپ قىلىسىزغۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە يارىشا قاراپ قويىمىز شۇ. بۇ دېگىنىم، ئۇلارمۇ مەندەك ۋە سىزدەكلەرنى قارىسۇن دېمىسە نېمە قىلىدۇ ئۇنداق كىيىنىپ؟ مېنىڭچە ئەتە ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىش مودا بولسا ئاشۇ يېرىم يالىڭاچ كىيىنگەنلەر ھەممىدىن بۇرۇن باشتىن ـ ئاياغ پۈركىنىپ قوللىرىغا پەلەي، كۆزلىرىگە ئەينەك تاقاپ مەستۇرەگە ئايلىنىدۇ.

ۋوي، بۇرادەر ھەرقانچە ئالدىرىسىڭىزمۇ بىردەم ئولتۇرۇڭە، بىر ئېغىزلا گەپ، بۇنىڭغا سىزمۇ «توۋا» دەيسىز.

ئۆتكەن ھەپتە بىر قىزچاق ماگىزىندىن ئەمدىلا ئالغان ئايىغىنى مۇستەھكەمرەك بولسۇن دەپ چەمىنى تىكتۈرگىلى كەپتىكەن. قارىسام شۇنداق چىرايلىق بالىكەن. پادىچى ئىشتىنىنىڭ ساغرىسىغا ئوقيا ئۆتكۈزۈلگەن يۈرەك سىزىۋاپتۇ، شىمىنىڭ پۇچقىقى يىرتىلىپ يىپلىرى چۇۋۇلۇپ كېتىپتۇ. «توۋا» دەپ ئولتۇرۇپ ئېھتىياتسىزلىقتىن ئاياغنىڭ يۈزىدىن ئازراق كېسىپ قويۇپتىمەن. «خەقنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىگە قارىغانغا توبە، ئىشقىلىپ تۆلەپ بەرمەي قۇتۇلالمايسەن»، دەپ ئولتۇرۇپ كۆڭلۈمگە بىر ئىش كەلدى. قىزىل خىرۇمدىن بىر پارچە ئېلىپ ئۆزىنىڭ ساغرىسىدىكىدەك قىلىپ بىر دانە يۈرەك كەستىم ـ دە، پەملەپ يۈرۈپ يىرتىلغان يەرگە ياماق سالدىم. قارا ئاياغقا قىزىل ياماق شۇنداق ياراشتىكى ھاي ـ ھاي، ھۈنىرىمنىڭ قالتىسلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. يەنە بىرىنىمۇ ئوخشاش قىلىپ ياماق سېلىپ بولۇپ ئولتۇرسام ئاياغنى ئالغىلى كەپتۇ. كۆرسىتىۋېدىم كۆزلىرى يېنىپلا كەتتى، ئۇن سوملۇقتىن ئىككىسىنى كۆپ رەھمەتلەر بىلەن قولۇمغا تۇتقۇزۇپ ئاياغنى ئېلىپ كەتتى، ئەتىسىدىن باشلاپ شۇ خىلدىكى ياماق سېلىش بىلەن قولۇم ئىشتىن بىكار ئەمەس.

بۇرادەر، كۆپ گەپ قىلىپ ئىچىڭىزنى پۇشۇرۇپ قويدۇم، بوپتۇ، بۇ ئىشلارغا سىزمۇ «توۋا» دەپ يولىڭىزغا مېڭىۋېرىدىڭ، مەنمۇ «توۋا» دەپ ئىشىمنى قىلاي.

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت



ئابلەت ئەخمەت

# قەلبىمنىڭ تۆرىدە نۇرلۇق چولپانلار

### مۇقەددىمە

قەلەملەر لېۋىدىن يېقىلغان گۈلخان،
سىقىلغان روھلارنى نۇرغا ئورايدۇ.
تەشنالىق گۈللىرى چېچىپ خۇشپۇراق،
تەۋەززۇ ئىلكىدە يولنى تورايدۇ.
قەلبىمنىڭ تۆرىدە نۇرلۇق چولپانلار،
ئۇلارنى ھەرتاڭدا گۈللەر سورايدۇ.

### نۇرمۇھەممەت توختى

چىن دوستلۇقنىڭ پاك كۈيىنى چالدىڭىز،
چىن دوستلۇق ئاز ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە.
ھاياجاندا تىپىرلىدى كۆزياشلار،
«شائىر ئېغىر كېسەل تارتقان كۈنلەردە».
بىر ئۇلۇغ روھ پارلايدىكەن ئىزىدىن،
ۋىجدان بىلەن ئىمان بولسا ئادەمدە.

### مۇھەممەتجان راشىدىن

قەلىمىڭىز قان تامچىتسا كۆكسىدىن،
قەلبلەرگە سايە تاشلار ھەقىقەت.
ۋىسال تاپار بۇ دۇنيادا «سەن يوق» دەپ،
ۋاپاسىزنى كۆيدۈرگۈچى مۇھەببەت.
قەلبىڭىزنىڭ پاك نۇرلىرى ياشىسۇن،
مەن يوق دېمەڭ، سىز تۆردە بار تائەبەد.

### مۇھەممەت باغراش

كۆز ئالدىڭدا كۈلرەڭ دۇنيا ئولتۇرار،
قارچۇغىدا قېتىپ قالغان تۆتقۇلاق.
سېھىرلەنگەن تۈيغۇلىرىڭ سەممىي،
جەزىرەنىڭ كەلگۈنىدە يوق ئۇلاغ.
ئەتىرگۈلۈڭ ياۋا بولسا كېرەك يوق،
يۈرەكتاغىنىڭ قىسمەتلىرى مىڭ بۇلاق.

### ئوسمانجان ساۋۇت

تاشقا تامغان تامچىلاردەك جەسۇرسەن،
نۇرپەنىڭ كۆزلىرىدەك تۈنلەردە.
ئىرماش ـ چىرماش يوللار بىلەن كېلىسەن،
نەرە تارتىپ كۆز سىزەلمەس ئۈنلەردە.
ئالما پاتماس ئالەم پاتقان يۈرەككە،
پۇل دەپ ۋەھى چۈشكەن مۇشۇ كۈنلەردە.

### مەتتىمىن ھوشۇر

قوللىرىڭدا يەنە «قىرلىق ئىستاكان»،
شەھەرلەرنى قوم باستى دەپ يۈرەمسەن؟
دەريا دېگەن ئوت كەتسىمۇ كۆيمەيدۇ،
تەبىئەتنىڭ دەردى نېمە بىلەمسەن؟
قاچانغىچە مۇڭداشمايمىز سىقىلىپ،
جۇر مۇساپىر قاۋىقىغا، كىرەمسەن؟

### ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن

ئەڭ سەممىي تۈيغۇلارنى كۆرىمىز،
شېئىر سىزدەك، سىز شېئىردەك تاڭلاردىن.
بىر دېڭىزغا چۆمۈلگەنچە شادلىنىپ،
ياشىدىڭىز كىرسىز، خالىي چاڭلاردىن.
چۈشىنىسىز، ئۆمۈر دېگەن بىر قىسمەت،
ئاخىرلىشار ئۆتۈپ نى تاغ ـ ھاڭلاردىن.

### بۇغدا ئابدۇللا

گۈل بەرگىدىن كۈي تۆكۈلسە قەلئەگە،
سالغا تېشى ئاتقان قولغا قارايمەن.
ئۆلمەس تارىخ مىسرالىرىڭ ئارىسى،
يۈرىكىمدىن سېنى پات ـ پات مارايمەن.
قايسى قاشقا تۇتۇش قىلدى ھازىر دەپ،
ئاكا سېنى بارغانلاردىن سورايمەن.

### جالالىدىن بەھرام

بىر سەنئەتنىڭ يارالمىشى جىسمىڭىز،
گۈل چىشلىتىپ ياشىدىڭىز ھەركۈنگە.
ئوگاي ئەمەس مېھرىگىياھ تېپىشمۇ،
بۇ ھاياتقا چىداپ تەشۋىش تۈگۈنگە.
لېيىمىسا بۇلاق دېگەن تەبىئەت،
تەلپۈنمەيدۇ مەڭگۈ پارلاق بىر كۈنگە.

### توختى ئايۇپ

قۇم باسسىمۇ دېڭىزنى گەر بۇ ئارمان،
يىلىنجىتىپ تۇرار يەنە گۇناھنى.
ياش تۆكىدۇ سېغىنىشتا بۆك ئورمان،
بۆرە ئانا چۈشىدىكى دەريانى.
بۆشۈك دېگەن تەگرى ھۆكمى ئەمەستۇر،
پەپىلەپلا ئۇخلىتىشقا دۇنيانى.

NEW JADE LITERATURE



يازغۇچى مۇتەللىپ سەيپۇللانىڭ تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمىز!

### ئىمىن ئەھمىدى

شىۋاق ھىدى سىڭىنىدۇرغان تۈنلەردە،
قەلبىمىڭ چەكسىز دالىلارغا تەلپۈنەر.
سۆيۈلدۈرگەن يىللار ئىزىگۇ، مۇڭ ـ پىراق،
قوللىرىڭدا ئۆچمەس گۈلخان يەلپۈنەر.
سەن بىر پاكىز قەلەم تۇتتۇڭ سېھىرلىك،
ئەركەكلەرچە جەسۇر روھنى سىلكىتەر.

### ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

تۈندىكى چاقماقتا يالتىرار روشەن،
خوتەن دەشتلىرىدە ئەبەدىيلىك داغ.
ئاجايىپ يالقۇنلۇق ئوت ئىچىدە سىز،
مېھنەتلىك قەدەملەر ياسايدۇ گۈلباغ.
بىرنى ـ بىر دەپ چىققان ئەسلى تىلىڭىز،
يانمايسىز، تانمايسىز باسسىمۇ گەر تاغ.

### ئىمىن تۇرسۇن

ھەۋەستە تىكىلدىڭىز بۇ دۇنياغا،
تارىمدىن تامچە سۇنى ئىرىلدۇرۇپ.
ناۋائى ئىزلىرىنى ئاختۇردىڭىز،
خەزىنە ئىشىكىنى كىرىلدۇرۇپ.
ئىجادتا قىممەت تاپتى كۆنلىرىڭىز،
تاغلارنى تۈن قوينىدىن سىرىلدۇرۇپ.

### مۇھەممەت چاۋار

ۋۇجۇدىدىن نۇر چېچىلغان ئەركەكسىز،
بۇ زېمىنغا شەھىدانە قەد پۈككەن.
كۆكۈم سىرغىپ تاغلار قەددى پۈكۈلسە،
ئىسسىت زېمىن، ئاھ قۇياش دەپ ياش تۆككەن.
مەشئۇملۇققا نەپرىتىڭىز ئوق بولۇپ،
سۆيگۈڭىزدىن چولپان كۈلۈپ، ئاي مۆككەن.

### مامۇت زايىت

قۇياشنى قەبرىدىن ئىزدەش نەھاجەت،
سەپ سېلىپ ئۆمۈرگە، ئالەم قىز قالار.
تۈگىمەس دىئالوگ، قانمايدۇ ئارزۇ،
بىز قېرى دۇنياغا مەڭگۈ باللار.
بىر ئۆمۈر مېھنەتلىك ياشاپ كەلدىڭىز،
مەپىنى سۆرىدى گاھى كاللار.

### ياسىنجان سادىق

دەريالارنى كېچىپ يۈرگەن يىگىتسەن،
بىر ئىقلىمنىڭ كۆيلىرىنى ياڭرىتىپ.
يىرگەندۇرسە چاشقانلارنىڭ ئاپتى،
جانان كېلەر داۋانلارنى يايرىتىپ.
قۇرغاق روھقا جان ئىزلەيسەن چۆللەردىن،
دەريا ـ دەريا خىياللارنى چاچرىتىپ.

### تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

سىز ماڭغان كوچىلار، سىز ماڭغان يوللار،
تەقدىرنىڭ باغرىدىن ئوقچىغان پىراق.
ئۆمرىڭىز سۆيگۈلۈك ئۆتتى ئىزگۈدە،
سەممىي نىيەتلىك، مىننەتتىن يىراق.
كىم سىزدەك ياشاشنى ئىزدىسە ئەگەر،
ئەركەكلىك سۈيىدە ياندۇرسۇن چىراغ.

### ئابدۇللا سۇلايمان

بىر ئادەمدۇر بىر ئالەمنىڭ يۈرىكى،
مۇھەببەتنىڭ گاھىدا كۆزى يوقتۇر.
بىر كېلىپ، بىر كېتىمىز بۇ دۇنيادىن،
شائىرلىق ھەقنىڭ يولى نەپەس ئوقتۇر.
كىملەر بار بۇ كوچىدا، كىملەر كەتتى؟
سىز بۇنى چۈشىنىسىز كۆڭۈل توقتۇر.

### ئابباس مۇنىياز

ئۇلۇغ نىيەت، ئىزگۈ ھېستىن تۇغۇلار،
كۆيلەر كۆزى نۇر چاچقۇزدى ئالەمنى.
ئەبەدىيلىك سىقىلىشتا ياشايمىز،
ئاخىرقى ئوۋ يېقىتىدۇ ئادەمنى.
قەدىرلەيلى تەن ساقلىقنى، ياشلىقنى،
گۈلخان بولۇپ يانغان ھەربىر قەدەمنى.

### خاتىمە

قۇياش ئۆلمەس، روھ كۆمۈلمەس مەڭگۈگە،
ئەقىدەڭلار پاك روھىمدەك ياشنىغاي.
قۇرۇپ كەتسە، «لىق» ۋە «لىك» نىڭ يىلتىزى،
ــــئۇيغۇر، ـ دېسە، يەنە كىملەر قاقشىغاي؟
قەلەملەرنىڭ يىلتىزى بىر ئەسلىدە،
سىياھ ئىچسە، سېنى بەرھەق تاشلىغاي.
(ئاپتور: گۇما ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدىن)

مۇھەممەدتوختى ئەھمەد

## ئىشقىي نەزمىلەر

### تاغ قىزى

تاغ قىزى ــــگۈلنىڭ ئۆزى، گۈلگۈن سۈپەت چېھرى ـ يۈزى،
قاشلىرى بەرگى قىياق، چولپانغا ئوخشايدۇ كۆزى.
بىر قىيا باقسا كۈلۈپ، دىللاردا ئاپتاپ چاقنىغاي،
تىلىدىن تۆكسە چېچەك، يۈرەككە ئوت ياققاي سۆزى.
جىلغا ـ قاپتالدا كېيىكتەك بىمالال ـ چەپدەس يۈرەر،
چۈنكى بۇركۇت پەيلىنى بەرگەن ئاڭا بەخت يۇلتۇزى.
ئەركىلەر ئەتراپىدا يايراپ تىمەن توپ ـ توپ پادا،
ناخشىسى ياڭرار قىيادا توختىماي ھەركۈندۈزى.
ئۆزىگە مەنسۇپ ئەدىپتىن چەتنىمەي ئۈستى تىمەن،
مىسلى ئوت دىل بەرگىنىگە، يات ئۈچۈن تاغ قار ـ مۇزى.
تاغ ئەمەس گۈلباغ دېدىم تاغنىڭ گۈلىدىن زوقلىنىپ،


ئەڭ ياخشى ئەسەرلەرگە قەلەم ھەققى يۇقىرى بېرىلىدۇ.

ئېچىلىپ تۇرغاچقا ئۆڭمەي نەۋ باھار ھەم كەچكۈزى.
ئەھمەدى تاغنىڭ گۈلىدىن ئالدى ھىد، تاپتى ھۇزۇر،
كۆزىدىن ئۆچمەس شۇڭا بوستان، چاقارنىڭ تاغ ـ تۈزى.

## ئويغانغىچە

مۇپتىلا بىدارمەن شامدىن، سابا ئويغانغىچە،
نەسابا، گۈلگۈن چىراي ئول دىلرەبا ئويغانغىچە.
سۇبھىدىن تا شامغىچە تىنماس دىلىم ئەپغان چېكىپ،
تۆكمەس پەريادلىرىم مېھرى ـ ۋاپا ئويغانغىچە.
تاقىتىم تاقتۇر، بۇ جان زەرداپ يۇتۇپ تەندىن بىزار،
نا پىسەنت ئول بلغرى تاش، تەندە ۋابا ئويغانغىچە.
ئۆلگىيىپ ئۆتەش سىنەمنى چاك ـ چاك قىلدى تۆكەل،
زارىقىپ ئۆتكەيمۇ چاغلار بىر داۋا ئويغانغىچە؟
خوپ ئەمەس يار كويىدىن كەچمەك، تولا مۇشكۈل بىلىپ،
ئەھمەدى بەرداش بېرەر ياردىن پىدا ئويغانغىچە.

## قەستىڭ نېمە؟

كۆك تىنىق، جىمجىت جاھان، گويا ئۆزۈم تەنھا بۇلۇت،
يەم بىلەن چەكتىم دەرىزەڭنى كېچە يامغۇر بولۇپ.
ئۇيقۇدىن ئويغانسا دەپ تىنماس خىيالىم سەلكىنى،
يۈرىدۇ سەزگۈم چۈشەكتە بەستى ـ رويىڭنى قۇچۇپ.
نە سەۋەب، چۈچۈشكە ئەسرار بولمىدىڭ، تۇرتسە كۆيۈم،
ئۆشبۇدەم شېرىن چۈشۈڭدە يۈرسەن كىمنى كۆرۈپ؟
نىسبىي تۈن بولدى، جاھان مەن ــئۇيقۇسىزغا قالدى ھەس،
كۆز قىسىپ كۆمدى ھەزىلگە كۆكتە يۇلتۇزلار كۈلۈپ.
ئېيتقىنا قەستىڭ نېمە ئارتۇق تاماشا كۆرگىلى،
ئىنتىزار ئەيلەپ بۇ ئەھمەدنى پىراق ـ داغدا قويۇپ؟

## يەنە

ئىشقى ھىجرىڭ زەنجىرىگە باغلىنىپ قالدىم يەنە،
ئوت پىراقىڭدىن قۇتۇلماي داغلىنىپ قالدىم يەنە.
نە سەۋەب ئۆچمەيدىغان ئوت بۇ، ئۇزاتسام قەرنە چاغ،
شام كەبى كۆيگەن پىلىكتەك ياغلىنىپ قالدىم يەنە.
ۋادەرىخ، ئەينەكتە ئەكسىم، ئارىلاپ چاچلاردا ئاق،
شۇكرىگە كۆنمەي كۆڭۈل، ياش چاغلىنىپ قالدىم يەنە.
بوغىدۇ پات ـ پات يۆتەل، ياشلىقمۇ قالدى نەلىدە؟
ۋەلېكىن دىلدا باھار ـ گۈلباغلىنىپ قالدىم يەنە.
ئۆچمىدى ئەسلا سىمايىڭ، كەتمىدىڭ دىل قەسرىدىن،
سۆيگۈدىن كۆچمەيدىغان زور تاغلىنىپ قالدىم يەنە.

## ئۆچمەس ئوت

مەن بۇ كەمدە (ئېھتىمال سەنمۇ) ئوماق جۈپ نەۋرىلىك،
بولمىمىز بەلكى ئۆمۈر يار بەرسە ھەتتا ئەۋرىلىك.
ياشمۇ ئەللىكتىن ئۆتۈپ، كۆچكەندىمۇ باشقا قىراۋ،
تېخىچە ئىشقى ـ پىراقتىن بولمىدى دىل سەۋرىلىك.
كېلىدۇ دارىلفۇنون ئەسكە ھېمىشە چوغلىنىپ،
تەلپۈنۈش ــسۆيگۈ چېغى ئۆتكەن گۈزەل ھەم جەۋرىلىك.
قىزغىنىش، ھەسەت ئوتى چىرمايتتى بىز ــبىر جۈپنى تەڭ،
چۈنكى سەن رەنا ئىدىڭ، بەرنا ئىدىم مەن گەۋرىلىك.
ئاھ، دېدۇق پىتنە ـ پاسات كەسكەندە بىرلىك رىشتىنى،
بىر جۇدالىق بىرلە، ئۆلمەي بەلكى ئايرىلدۇق تىرىك.
ئۇندا سەن، مەن بۇندا، يۇرت ئاتلاپ كۆرۈشمەك يوق تۆكەل،
ئارىدا مەنزىل ئۇزاق، يول تاغ ـ داۋانلىق، ئەگرىلىك.
نە ئامال، ئۆتتى تالاي يىللار جۇدالىقتا، لېكىن،
ئۇنتۇلۇش غەپلەتلىرىگە ئۇردى تىغ دىل قەھرىلىك.
بىز ئەمەس، بىزدىن ئەقىللىقكەن كۆڭۈل، ساقلاپتۇ ئوت،
ئۆتسىمۇ پەرۋىشكە زار دىل بېغىمىز بى بەھرىلىك.
بىلمەن، سەنمۇ مېنى، مەن ھەم سېنى ئۇنتالمىدۇق،
بۇ كۆڭۈل تىنىغايمۇ، ئۆلسەك بىز بولۇپ بىر قەبرىلىك؟

## قولدا گۈل، كۆڭلۈمدە گۈل

جىلۋىدە يارنىڭ كىرەر مەگزى قىزىلگۈل رەڭگىگە،
پۈركىنەر گەر رەنجىسە ئاق لەيلىگۈلنىڭ بەرگىگە.
جىلمىيار مىسكىن چىرايدىن زەرسىمان چاقناق زىيا،
ئوخشىسا بىمار چېغى ھەتتا سېرىق گۈل ـ سەبدىگە.
قايسى ھال كۆرسەم ئۇنى، پارلايدۇ بىر گۈلگۈن جۇلا،
شۈكرىكى، بەرگەن شۇ گۈل مەيلىنى مەندەك تەلۋىگە.
قولدا گۈل، چېكەمدە گۈل، قەلبىمدە گۈل، مېھرىمدە گۈل،
چۆمۈلۈپ ئۆمرۈم ئۆتەر دائىم خۇشال، گۈل بەھرىگە.
ئەھمەدى گۈل ئاشىقى، گۈل ۋەسلىدە كۆكلەر جېنى،
گەر جۇدا بولسا، تېپىلماق يوق شىپالىق دەردىگە.

## جانانغا

ۋىسالىڭ كويىدا يۈرسەم، كۆرەلمەيدۇ ھاماقەتلەر،
قۇيۇندەك ئايلىنار گاھى پاسات ـ پىتنە، ھاقارەتلەر.
يۈرەككە مۇز ياقالماس پىتنىلەر جۈت چىللىسا قانچە،
سېنىڭ يادىڭ، سېنىڭ تەپتىڭ چاچار ئۇپقۇن ـ ھارارەتلەر.
ئاسان بولغايمۇ ئاشىققا ۋىسالىڭ شەربىتىن ئىچمەك،
ساداقەت نەقشىنى چەكتى بۇ يولدا كۆپ مالامەتلەر.
ناۋائى لەۋزىدىن يازدى شېرىن ـ فەرھاد بۈيۈك داستان،
بىلىنگەچ مەن ئۇچۇن راھەت كويۇڭدا مىڭ قىيامەتلەر.
كامالى ئاتەشىڭ قىلدى ۋۇجۇدۇمنى كاۋاپ ـ بەررە،
ساقايغاي، ئېيتقىنا، قاي چاغ زارىققان بۇ جاراھەتلەر؟

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى گېزىت ـ ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ پېنسىيونېرى)


NEW JADE LITERATURE

## ئابدۇلئەھەت داۋۇت تۇركزات

# رۇبائىيلار

1

سەزسە ئەل ساختىلىق ــ ئالىلىقىمنى،
پەش قىلدىم شۇ ھامان بالىلىقىمنى.
ئاقاردى چاچ ـ ساقال ياشىدىم شۇنداق،
سەزمەستىن ئەقىلسىز ــ چالىلىقىمنى.

2

دەرد كۆرسەم شۇ ھامانلا ئۆلتۈۋالدىم،
شادلانسام ئۆزگىچىلا بولۇۋالدىم.
ئەل كۈلسە چىدىمىدىم ـ ھەسەت قىلدىم،
قىلغۇرسا ئىچىلدىمەن ـ كۈلۈۋالدىم.

3

ئاقنى كۆرسەم «ئاق» دېمەي تۇردۇم،
كىرنى كەلسە «ياق» دېمەي تۇردۇم.
باقار بولسا «نەپ» ئاتلىق جانان،
جۇپ ئۇچرىسا «تاق» دېمەي تۇردۇم.

4

كېتىدۇ بىر كۈن چوقۇم كەتمىگەنلەر،
مۇرادقا يەتكەن ياكى يەتمىگەنلەر.
«ھەممىسى ئۆلدى» دېمەڭ، ئۆلەر پەقەت
ئۆمرىدە مېھنەتتىن باغ ئەتمىگەنلەر.

5

گۈل كۆرسەم ئۈزۈۋېلا ئالغۇم كېلىدۇ،
ساز كۆرسەم تۇزۇۋېلا چالغۇم كېلىدۇ.
«ئال!» دېگەن سورۇندىن ئىزدەڭ ئالدىدىن،
«بەر!» دېسە ئارقىدا قالغۇم كېلىدۇ.

6

ھەركىمنىڭ ئۆزگىچە خۇيى بولىدۇ،
كاللىدا خىلمۇ خىل ئويى بولىدۇ.
ئوخشىماس ئادەملەر، ئوخشايدۇ پەقەت،
بىر ئۆلۈم، بىر تۇغۇم ـ تويى بولىدۇ.

7

بىرلا ئىت شەپىنى ئاڭلاپ قاۋاركەن،
باشقىسى ئەگىشىپ، داڭلاپ قاۋاركەن.
بەزىلەر ئىت ئەمەس، بىراق قىلنى پىل ـ
كۆرسىتىپ كېچىنى تاڭلاپ قاۋاركەن.

8

شىر، يولۋاسنىڭ ھەيۋىسى يامان،
شۇڭا ئۇندىن قالمىز ئامان.
پاشا، كۈمۈت كېلىپ شەپىسىز،
ئىچىشتۇرار خېلى بىر زامان.

9

مەي ئىچسەم ھېيامدىن ئالدىم ساۋابىنى،
مەيخورغا بولۇپ دوست قىلدىم تاۋاپىنى.
جانانغا قول سوزسام بەردى ئۇ ماڭا:
«كوزىنى قۇچاقلاڭ» دېگەن جاۋابىنى.

10

قاتتىقىڭنى ماختىمىغىن تاشچە باردۇر،
تۇغىنىڭنى قىلمىغىن پەش، قاشچە باردۇر.
دەريا، دېڭىز سۇلىرىنى كۆپتۇرسەڭمۇ،
ھىجران ئوتى ئاققۇزغان قان ـ ياشچە باردۇر.

11

تۆھپە دېگەن گويا بىر گۈل مەڭگۈ سولماس،
ئاقىل ئۇنى قىلار پەرۋىش، زىنھار يۇلماس.
كۆچۈرمەكچى بوپسەن ئۇنى ئۆز بېغىڭغا،
قۇرۇق ناغار يۇلسىمۇ ئۆزە بولماس.

12

پارلىمىسا قۇيلىش كۆكتە كۈندۈز بولماس،
كەلمىسە كۈز، گۈل ئۆزىچە توزۇپ سولماس.
سەۋەب ئاتلىق قىل ئۈستىدە تۇرار ئالەم،
سەۋەبسىزلا تىرنىقىڭغا كىرمۇ تولماس.

13

سوقۇلغاندا يولۋاسقا پاشا،
ھېچ بىرىدىن چىقمىدى سادا.
يولۋاس شىرغا كەتكەندە تېگىپ،
بىر قىيامەت ياراتتى خۇدا...

14

چولپان ئۇ سامادا ـ كۆكتە يورىيدۇ،
تەشەككۇر ـ ئالقىشلار ياڭراپ تۇرىدۇ.
چاڭ ـ توزان ئاستىدا بىزگە نەپ بەرگەن ـ
جىن چىراغ، قىممىتى قاچان بولىدۇ؟

15

چاغلايسەن ئۆزۈڭنى گويابىر شىردەك،
ئەقىلدە تەڭداشسىز ـ ھەممىگە پىردەك.
ۋەلېكىن ئادىمىلىك مۇساپەڭ ھامان،
تاشلىنار كۆزلەرگە چېكىتسىز گىردەك.

16

بىر نال خىس ئۇچتى، كۆڭ قەرىگە يەتتى،
كۆرەڭلەپ: «مۇئەللەق مېنىڭ» دەۋەتتى.
ۋەلېكىن تۇرۇشقا تاپالماي ماكان،
ئاھ، دېدى تۇپراقنىڭ قەرىگە يەتتى.

17

كەتتىڭسەن ئالدىمدا ئەجەب شاپشالاپ،
ھەم دېدىڭ: يۈرسەممۇ رازى ھاپشالاپ.
ئايرىلسام ئەگەردە ئەمەل تاجىدىن،
قويامسەن كۆزۈڭنىڭ قىرىنى تاشلاپ؟!

18

ئورناتتۇر چىن دوستقا كۆلكەڭ ھەم يېشىڭ،
ئەڭ لەززەت ئۇ بىلەن يېگەن توز ـ ئېشىڭ.
ۋەلېكىن كۆز يۇمساڭ سېنى كۆمۈشكە،
ئالدىرار ھەممىدىن ئاشۇ سىردىشىڭ.

(ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك 1 ـ باشلانغۇچتا)

## ئايمىنسا سۇلايمان

# بۇ دۇنيا ھىجرانلىق كېچىدۇر بەلكىم

**خىلۋەتلەرنى قالدىم سېغىنىپ**
مەن مۇساپىر ئەمەس ۋە لېكىن،
مۇساپىردەك ياشىغان بىلەن.
كۈلمەك بولدۇم ئەجەب بىر تاتلىق،
بىلەلمىدىم قانداق كۈلۈشنى.

يۈرىكىمنى قولۇمغا ئېلىپ،
ئەسلەپ چىقتىم يوچۇن ئۆتمۈشنى.

خىلۋەتلەرنى قالدىم سېغىنىپ،
روھىم بىلەن سىردىشىپ چىقىپ.

ۋاقىت ئادىم يەيدۇ،
يەيدۇ يەنە رىۋايەتلەرنى.
بىر دەستە نۇر ئاقار تاراملاپ،
ئىزدەپ قەلبىم سەھەرلىرىنى.



ئەسەبىلىك ساپ ئەقىلگە دۈشمەندۇر.

مۇساپىردەك ياشىغان بىلەن،
مەن مۇساپىر ئەمەسمەن جەزمەن.
تەييارلاپ قويۇ ئاق دۇلدۇللارنى،
مېنى كۈتۈپ جېنىم شاھزادىم.
بىز ياسايلى باياۋانلارغا،
ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان ئالەم!

**بۇ دۇنيا ھىجرانلىق كېچىدۇر بەلكىم**

بۇ دۇنيا ھىجرانلىق كېچىدۇر بەلكىم،
كۆز ياشىنىڭ ئىچىگە يۇشۇرۇنۇپ ياتقان.
يامرايدۇ زېمىندىن دەستە ـ دەستە نۇر،
ھەرئادەم ئۆزىگە بولغاندا خاقان.

توغراقلار ئۈمىدتىن ياشارغان چاغدا،
كىم ئۇ بارخانلاردا سورىغان خامان؟
ئاتەش تىنىقلارنى قىلىپ مىڭ پارە،
ئاتەش يۈرەكلەرنى ئەيلىگەن سەرسان.

ساھىللار ھىجراندىن تىلغانسا چاك ـ چاك،
قۇم دېڭىزىدا تىنەيدۇ كارۋان.
يىلتىزلار سۇ ئىچسە قەدىم ـ قەدىمدىن،
ئىرىلىپ قوپىدۇ روم بىلەن كەنئان.

بۇ دۇنيا ھىجرانلىق كېچىدۇر بەلكىم،
ۋىسال تاڭلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان.
ئاھ، شۇنچە شېرىندۇر ھىجران ئازابى،
تىلەكلەر يۈرەكتە ئاققان قىزىل قان.

**كىم ئۇ ساڭا تېلېفون قىلغان؟**

كىم ئۇ ساڭا تېلېفون قىلغان؟
يۈرىكىمنى يىغلىتىپ قان ـ قان.
چىدىمايمەن زىنھار ۋە زىنھار،
ۋاز كەچمەكچى بولغىنىم يالغان.

يۈرىكىڭدە كۆكلىگىنى كىم؟
راست گېپىڭنى ئېيتقىنا جېنىم؟
بار قەلبىمدە ساقايماس يارا،
لېكىن ئۇنى بىلمەيدۇ ھېچكىم.

مەن قىزلارغا ئۆچ بولۇپ كەتتىم،
نىچۈن سېنى ئىزدەيدۇ ئۇلار؟
تېلېفونىڭ يوقاپ كەتسىكەن،
تاپالمىسا مەندىن باشقىلار.

كىم ئۇ ساڭا تېلېفون قىلغان؟
يۈرىكىمدە كۆيەر مىڭ گۈلخان.

سەۋرىم تۈگەپ كەتسەم يىراقلاپ،
مېىلى دەمسەن چەكسەڭمۇ پىغان؟

**سېنى يەنە ئويلاپ بىر كېچە**

ئىرىشىمەن نېمىگە؟
سېنى يەنە ئويلاپ بىر كېچە.
پارلاپ چىقسا گۈلگۈن سىماھىڭ،
يېزىلىمەن ئازاب بېتىگە.

نىگاھىمنىڭ رۇجەكلىرىگە،
گاھى چىللاپ قالىمەن سېنى.
ھەسرەتسىمان چۈشەن قەلبىمدە،
تونىمايسەن تىۋىشلىرىمنى.

سېنى يەنە ئويلاپ بىر كېچە،
ئۆز ـ ئۆزۈمنى قىلدىم مەسخىرە.
سېنى سۆيۈپ قالغىنىم يالغان،
«ئازاب» دېگەن ئەمەس ھېچنېمە.

يۇلتۇزلارغا تۆكۈپ دەردىمنى،
تىۋېنىمەن ئۈمىد پەسلىگە.
ئىرىۋالدىم بىر دەستە ئازاب،
سېنى يەنە ئويلاپ بىر كېچە.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيىلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

ئابلەت غولام

## باغرىمدا ئەركىلەر ئۇماق سۆرەتلىك

**يۈرىكىڭگە مۆكىنەي...**

ئازاب دېيمەن ئۆزۈم بىلمەيمەن،
مەنىسى يوق ھەممە نەرسىنىڭ،
تىۋىشسىزلا كەلدىڭ ئالدىمغا،
قانداق قولدۇر چۈشكەن بوينۇمغا.

كېچىدىكى ئاينىڭ شولىسى،
يورىتىدۇ،
تەنھالىقتا قالغان بىر مېنى.
راست ئۆزۈمگە تاپالمىدىم جاي،
تەنھالىقتىن دېسەم مەن قاچاي.

تېۋىنىمەن چۈشلىرىمدىمۇ.
ساڭا تالىق بولغان بۇ سۆيگۈ،
مېنى ئەجەب قىيناپ قويدىغۇ.

بولدى قىلغىن، قېچىۋەرمىگىن.
يۈرىكىڭگە مۆكىنەي تېزدىن.

**باغرىمدا ئەركىلەر ئۇماق سۆرەتلىك**

قانلىرىم داۋالغۇپ تاشقىن ياسىدى،
سۆرەتلىك باغرىمدا ئۇماق ئەركىلەپ.
مەن ساقلىدىم بەك ئۇزاق ـ ئۇزاق،
كۆزۈم يىغلىسا، ئېغىزىم پەپىلەپ.

تەنھالىقتا ئۆتسە كېچىلەر،
بوغۇلىمەن قارا باسقاندەكلا.
قۇدۇقتىكى ئاي شولىسى سەن،
تېگىپ كەتسەم يوقاپ كېتىسەن،
جىلۋەڭ تەۋە ئەمەستەك ماڭا.

كەلگىنە نىگارىم ھىجراننى چۆرۈپ،
سۆرەتلىك نېپىزلەپ كەتمىسۇن بۇندا.
كۈلسەڭ ئىككىمىز كۈلگىسى ئالەم،
ئاشىق يۈرەكلەر قالمىسۇن داغدا.

**مىراس لەقەم**

تىلغايدۇ باغرىمنى ئۇنتۇغاق كۈنلەر،
غەملەردىن باشقىسى ھارامدەك ماڭا.
كۆز قىسمىلىس يۇلتۇزلار، ئەجەبكى دۇنيا،
دەرىزەمدە يوقتۇر ئاي ئىزى،
ئۇخلىيالماس خىيالچان كەچلەر.
يىغا تۇتسا بولدۇم بىئارام،
دىمىقىمدىن ئۈنلىسە دەردلەر.

سورۇنلاردىن قاچقاق بوپقالدىم،
كۈز كۈندىكى قاخشال دەرەختەك.
يوشۇرسامىمۇ چانىدۇ يەنە،
بويتاقلىقىم مىراس لەقەمدەك.

(ئاپتور: لوپ ناھىيە يۇرۇڭقاش بازارى
ھالۋۇي باشلانغۇچتا)

ئېزىز مۇھەممەد شەمس

# شېئىرلار

### نورۇز كەلدى، تەبىئەت كۈلدى

نورۇز كەلدى، تەبىئەت كۈلدى،
بەردى چېچەك ئالما، ئۆرۈككە.
قۇياش ئۈللىق نۇرىنى چاچتى،
ھاياجانلار تولدى يۈرەككە.

نورۇز بىزگە شادلىق ئەكەلدى،
يېڭى يىللىق كۆچەتلەر تىكتۇق.
مېۋە بەرگەن باغلارغا كىرىپ،
يەر باغرىنى تىلغىدۇق ـ تىلدۇق.

كەڭ دالىدا باشلاندى بەيگە،
دۇلدۇللارمۇ كىشنىدى، چاپتى.
تەبىئەتنىڭ يېشىل سۆيگۈسى،
ئېتىزلارغا يېشىل تون ياپتى.

دېھقانلارنى ئېتىزغا چىللاپ،
سالام بېرەر باھار قۇشلىرى.
ساپان سۆرەپ ھارغان ئۆكۈزگە،
بەھرە بېرەر باھار چۆپلىرى.

نورۇز كەلگەچ مەشرەپ ئۇيىندۇق،
كۈكۈللەر شاد ئۆزدى سامادا.
خۇشاللىقتىن كۈكۈللەر يايراپ،
قىزلار كۆڭلەك كىيدى تاۋادا.

نورۇز ئىلھام بەرگەچ كۈيلىدىم،
نەزمە قېتىپ، يېڭى باھارنى.
ئانا يەرگە ئىگىلدىم چوڭقۇر،
تولدۇرسۇن لىق دېھقان تاغارنى!

### چىدامىلىقىڭ ئۆزگىچە

قۇرۇپ كەتتىڭ توغراقلار،
قۇم باغرىدا ھەسرەتتە.
سۇغا تەشنا بولساڭمۇ،
يوقالمايسەن ئۆلۈمتە.

ئۆمرۈڭ ئۇزۇن ئەي توغراق،
سۇسىز چۆلدە كۆكلەيسەن.
گەر بولساڭمۇ سۇغا زار،
ئۇسساپ كەتتىم دېمەيسەن.

خىسلىتىڭدىن سۆيۈندۇم،
چىدامىلىقىڭ ئۆزگىچە،
يىقىلمايسەن مىڭ يىللاپ،
تىك تۇرىسەن كىسكىچە.

توغراق دېسە قەلبىمدە،
چىدامچانلىق ئۇرغۇيدۇ.
توغراق كەبى غەيرەتكە،
تولمىغان تېز قۇرۇيدۇ.

### تىرىشقىن سەن ئۆگىنىپ

ئۆگەنمىسەم كۈندە مەن،
نادانلىقتا قالىمەن.
ياشىغۇم بار ئادەمدەك،
ۋىجدانلىق، مەرد يىگىتمەن.

تىرىش، ئۆگەن ھەرقاچان،
پەزىلەتلىك ئادەم بول.
سېنى ئىسىر قىلمىسۇن،
بايلىق غېمى، ئۇقەت، پۇل.

يېتىش ئۈچۈن ئارمانغا،
كېچە ـ كۈندۈز تىرىشقىن.
تاپ بەختنىڭ ئەجرىڭدىن،
غەلىبە ئۈچۈن چېلىشقىن.

### سۇزۇۋاللاي سۇدىن ئاينى مەن

سۇزۇۋاللاي سۇدىن ئاينى مەن،
ئىچىپ تۇرۇپ ئابى زەمزەمنى.
سۇغا چۈشكەن تولۇن ئاي گويا،
ئەسلەتتى دەم سۆيگەن يارىمنى.

ئايدەك كېچە ئويغاق تۇيغۇمنى،
غىدىقلىدى ئاينىڭ شولىسى.
كىرپىك قاقماي ئەسلەيمەن سېنى،
كەلسىكەن دەپ قەدەم شەپىسى.

چىرمىۋالغان ئىشقىڭ دىلىمنى،
سېنى ئىزدەپ ئايغا قارايمەن.
سۇتەك چۈشكەن ئاينىڭ نۇرىدا،
شەربەت بەرگىن ئىچىۋالاي مەن.

بۈگۈن كېچە سېغىنىپ سېنى،
يۈرەكلىرىم بولدى غۇچچىمدە.
مۇھەببەتنىڭ دەردى ـ پىراقى،
ئويغا سالدى ئايدەك كېچىدە.

### ۋەتەن سېنى كۈيلەيمەن

تېنىم ئانا تۇپرىقىم،
يۆلەنچۈكۈم تاغلىرىڭ.
دەريالىرىڭ تومۇرۇم،
چېچىم سېنىڭ باغلىرىڭ.

نەپەسلىرىم بۇلۇتتۇر،
كۆككە قاراپ ئۆرلەيدۇ.
قارچۇغۇمدۇر كېچىلەر،
ئاي نۇرىدا سۆزلەيدۇ.

ئېگىز ئاسمان قەھرىدە،
بىر نەرسىنى ئەسلەيمەن.
كۆككە قاراپ ئىمىنىپ،
ۋەتەن سېنى كۈيلەيمەن.

### قاشتېشىمنى كۈيلەيمەن

مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان،
خوتەن سېنى سۆيەيمەن.
بايلىقىڭدىن شادلىنىپ،
ئۆز باغرىڭدا ياشايمەن.

قارا قۇرۇم تېغىڭنى،
قاشتېشىڭنى كۈيلەيمەن.
ئانا تۇپراق مەن ساڭا،
مەڭگۈ يامغۇر تىلەيمەن.

تاغلىرىڭدىن سۇ بەردىڭ،
كۆكلەم مايسا ئۈندۈرۈپ.
يۈرۈڭقاشتىن تاش بەردىڭ،
ئەل قەلبىنى كۈلدۈرۈپ.

باغلىرىڭدا كۆپ مېۋە،
تاغلىرىڭدا گۆھەر بار.
دېھقانلىرىڭ ئەمگەكچان،
قاشتېشىڭدەك كۆڭلى بار.

NEW JADE LITERATURE

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

# ئىككى مۇخەممەس

## سىزىكمۇ سەن شۇنداق خۇيدا ياشاشقا

يوقمۇ گەپ ـ سۆز سەندە ھەسەتتىن باشقا،
داتلايسەن بىرسى گۈل ئۈندۈرسە تاشقا،
بىرنى ئاق، كۆك، ...دەيسەن بىرسىنى قاشقا،
تەسۋىرىڭ ئاجايىپ كۆز، بۇرۇن، قاشقا،
سىزىكمۇ سەن شۇنداق خۇيدا ياشاشقا؟

بىرسىنى «تۈز» دەيسەن، بىرسىنى «كاتاڭ»،
بىرسىنى «توڭ» دەيسەن، بىرسىنى ساراڭ،
بىرسىنى «مەست» دەيسەن، بىرسىنى گاراڭ،
بىرسىنى «گىر» دەيسەن، بىرسىنى غىلاڭ،
ھۈنىرىڭ بار قالتىس «يىرتىپ ـ ياماش»قا.

يۇرمىسەڭ ئىزدەپلا بىرۋادىن «يېرىق»،
چاچمىساڭ ئارىغا پىتنىدىن تېرىق،
قازالمىساڭ ئاۋامنىڭ يولىدىن ئېرىق،
تۇتمىساڭ گەر سۇنى لېيىتىپ «بېلىق»،
قولۇڭغا ئىش، ئېغىز بارمايدۇ ئاشقا.

گەپ بولسا غەيۋەتتىن يايرايدۇ دىلىڭ،
ياماننى ياخشى دەپ سايرايدۇ تىلىڭ،
زەرنى زەر دېمەيسەن قالساڭمۇ يېلىڭ،
ھەرجۈملە سۆزۈڭدىن ئاقىدۇ «يىرىڭ»،
ئېپىڭ بار ھەركۈيگە ئۇسسۇل ئويناشقا.

ئەتمىسەڭ مەيلىڭچە ياۋاشنى بوزەك،
قىلمىساڭ قىشمۇ ياز يالغاننى كۆرەك،
تارتمىساڭ ھەركۆڭۈل قېتىغا «چۆنەك»،
تىكمىسەڭ ئارمانلار يېرىگە «ئۆسەك»،
غەشلىكتىن قۇتراشتا ئۇسسۇيسەن تاشقا.

سىغمايدۇ كۆزۈڭگە يۇرسە كىم پۈزۈر،
بىراۋ ئاچ دەردلەنسە، سۈرىسەن ھۇزۇر،
ئۆزۈڭچە ھەرئۈيدا قىزدۇرۇپ «تۆمۈر»،
چاڭ سېلىپ ھەممىگە ئىزلەيسەن قۇسۇر،
ئويلايسەن پۇت دىسسەپ چىقىشنى «قاش» قا.
تاپمايسەن «مىش»نى «كۆن» قىلمىساڭ ئارام،
«تىرىك»نى «ئۆلدى» دەپ قىلىسەن سايلام،
«تامچە»نى ئۇلغايتىپ ياسايسەن قاينام،
سەن بىلەن «خامان»دۇر «چۆپ»مۇ بىر باغلام،
كۆنۈك سەن «سۇ» بىلەن «ئوت» نى بابلاشقا.

ئاجايىپ بەندەسەن، ئىش ـ كارىدا شەك،
غاجايسەن «لېكەندە گۆش» تۇرسا سۆڭەك،
قەي قىلار كۆڭلۈڭنى سەندىكى «بېزەك»،
بىلمەيسەن ئۆزۈڭنى «گۈل»مۇ يا «خەمەك»،
پۇت ـ قەدەم باس ئويلاپ ـ ئويلاپ ياشاشقا.

باسقاچقا چاڭ ـ توزان نومۇس ـ ئارىڭنى،
نە نومۇس، ئادەملىك غۇرۇر ـ بارىڭنى.
كۆكلىتىپ پەسلىكتە شاخ ـ چىنارىڭنى،
ياشىدىڭ سۆيەلمەي گۈلباھارىڭنى،
ئايلاندىڭ مەنمەنچى، ئەھلى بەڭۋاشقا.

يوق سەندەك پەيلى يات، ھەقنى كۆرەلمەس،
نادانلىق، ساختىلىق قەلبىدە پەۋەس،
دېمىسەڭ ئۆزۈڭگە ئەمدى بولدى بەس،
ئەل ـ ئاۋام نەپرىتى قىلار سېنى خەس،
كۆنۈڭ تەس، قالىسەن ئاياغ مايلاشقا.

## بەزىلەردەك نەپكە ۋىجدان ساتمايمەن

مەنكى دېھقان، كېچىم ـ كەپ، پو ئاتمايمەن،
ھالال ئەجرىم مېۋىسىدە شادلايمەن،
ھۇرۇن خىيال كۆرپىسىدە ياتمايمەن،
يەردە ئامەت، هارامغا دىل چاتمايمەن،
بەزىلەردەك نەپكە ۋىجدان ساتمايمەن.

مەنكى دېھقان، يەر بىلەن جان باقىمەن،
ئىش ـ ئەمگەكنىڭ دولقۇنىدا ئاقىمەن،
يەرگە ئىشىق، مېھرىمنى چىڭ چاتىمەن،
يەردە نۇسرەت، قۇت تېپىپ پەر قاقىمەن،
بەزىلەردەك نەپكە ۋىجدان ساتمايمەن.

مەن قىلمىسام ئېلىپ ـ سېتىپ «ئاشلىق»نى،
كىم توقلۇقتا قىلالايدۇ شاشلىقنى؟
ئېتەلەمدۇ قىز ـ چوكانلار قاشلىقنى؟
ساتىمەن گۈل، قىلىپ چىمەن، تاشلىقنى،
بەزىلەردەك نەپكە ۋىجدان ساتمايمەن.

مەنكى دېھقان، بىل، ھاياتنىڭ باھارى،
قىشتا چاپان، يازنىڭ ئىللىق ناھارى،
دەردكە داۋا، دىلنىڭ ئارام ـــ دۇتارى،
«زاتى ئادەم» مەندە خىسلەت تۇمارى،
بەزىلەردەك نەپكە ۋىجدان ساتمايمەن.

NEW JADE LITERATURE


ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئاپتورلىرىمىزغا كۆڭۈل ئىزھارى بولسا بىزگە ئېبەرتىڭ.

مېنىڭ خۇيۇم، قېنىمدا بار ساددىلىق،
لېكىن ئەمەس ئۇ نادانلىق، گاراڭلىق،
ماڭا بىراۋ قىلمىسا گەر ساختىلىق،
مەندە بار ھەر ياخشىلىققا ياخشىلىق،
بەزىلەردەك نەپكە ۋىجدان ساتمايمەن.

مېنى «ئۆز»لەر بەزى يوناپ ـ شىلىسمۇ،
ھىممىتىنى بىلمەي يەرگە ئۇرسىمۇ،
كەتمىنىگە دەستىلىك ـ ساپ قىلسىمۇ،
ھەررەڭ «ئويۇن» يۈرىكىمنى تىلسىمۇ،
بەزىلەردەك نەپكە ۋىجدان ساتمايمەن.

مەيلى مەن «ئاي» ياكى «يەر» دە جان باقاي،
(مەيدە قاقىقان پوچىلاردەك پەر قاقاي)،
مەيلى دەرد ـ ھىجران چۆلىدە تالچىقاي،
ئەسلى پەزلىم رەڭگىگە يوقمايدۇ «لاي»،
بەزىلەردەك نەپكە ۋىجدان ساتمايمەن.

مەنكى دېھقان، بىلگىن «غورا» ساتىمەن،
ھەق ـ ئادالەت كەتمىنىنى چاپىمەن،
ئەجىر ـ تەردە بەخت، نۇسرەت تاپىمەن،
خۇلقى ھەييار، پوچىغا ئوت ئاچىمەن،
بەزىلەردەك نەپكە ۋىجدان ساتمايمەن...

(ئاپتور: خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن)

خېلىل ئاسىم

## كەپتۇ

قايىنا_قايىنا خۇش مۇبارەك تەكلىپ بىلەن،
يۇرتۇمدىكى قەلەمكەشلەر سەركى بىلەن،
ئۇسۇل ـ مەشرەپ، نەغمە ـ ناۋا ئەركى بىلەن،
قوشۇن باشلاپ مىجەت ئاتلىق ناتىق كەپتۇ.

تىلى تاتلىق، جەزبىدارلىق شېئىرى بىلەن،
مۇقام ـ مەشرەپ، ناخشىلارنىڭ پىرى بىلەن،
ساپ ئەقىل ۋە تىل سەنئىتى سېھرى بىلەن،
بۇ بېغىمغا خەلق سۆيگەن شائىر كەپتۇ.

يۇرتۇم سۆيگەن لەپەرچىنىڭ پېشۋاسى،
ناخشا ـ سازنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئىشقىۋازى،
سېغىنغانتىم پېشقەدەملەر ناخشا ـ سازى،
بۇ بېغىمغا سۇلايماندەك ئۇستاز كەپتۇ.

ئۇن مىڭلىغان ئاياللارغا سەركەر بولۇپ،
ئالتۇنكۆلدەك قەلەمكەشلەر گۈلى كەپتۇ.
نۇرمۇھەممەتكام رومان ئىزدەپ نە كەتكەندۇ،
ئەپۇ سوراپ ھۆرزۇرخالىق سۆزى كەپتۇ.

كۆپ يېزىشقا ئۇشبۇ قەلەم ئىمكان بەرمەي،
كالتە پەممەن، شۇنچىلىكلا قولۇم كەپتۇ.
مۇشۇنچىلىك دوست ـ بۇرادەر يوقلىغانغا،
قايىنا ـ قايىنا رەھمەتلەرگە تىلىم كەپتۇ.

(ئاپتور: خوتەن ناھىيىلىك مائارىپ مۇلازىمەت ئارامگاھىدا)

ئەركىن داۋۇت ئوغۇز

## رۇبائىيلار

1

ئى پەلەك مەردلەرنى چىن غەمخانە قىل،
جىن ـ شاياتۇن تۈلكىنى ھەيرانە قىل.
ئالدۇرۇپ ئوت چاقمىقىڭنى دەممۇدەم،
ساختىلىقنى كۆيدۈرۈپ ۋەيرانە قىل.

2

كۆڭلى مايماقنى پەلەك يېگانە قىل،
داد پىچاق، ئاقماس سۆزى بىچارە قىل.
كەزدۈرۈپ دەشتى باياۋاننى گويا
رۇچىۋىندەك بىر غېرىب، دىۋانە قىل.

3

ئى پەلەك چىن سۆيگۈنى پەرۋانە قىل،
ھەر چىراغنىڭ قاشىدا مىڭ دانە قىل.
ئاچتۇرۇپ گۈل پاك غۇرۇرنى رەڭمۇرەڭ،
بەندىلەرگە سەن ئۇنى ئىسانە قىل.

4

بەتنىيەتكە كۆڭلى قىرتاق يار بولۇر،
بىر ـ بىرىگە سوۋغا، گەپ ـ سۆز بار بولۇر.
ئىچ ـ ئىچىدىن نازلىنىپ كۈلگەن بىلەن
قورسىقى خۇددى ھېسپىتەك تار بولۇر.

5

دىلنى مېتۇن ئېيلىمەسمۇ باغ دېگەن،
مەنىلىكتۇر باغدا ئۆتكەن چاغ دېگەن.
شادلىقىڭنى قايغۇغا ئايلاندۇرار،
بولمىسالىڭ پەخەس ئەگەر شۇم زاغ دېگەن.

6

شۇنچە چۇشكۇندۇر ئەزەلدىن روھى ئاچ،
روھى ئاچقا باق كۈلۈپ، كۆڭلۈڭنى ئاچ.
ئېرىتىپ توڭ مۇزنى ئاپتاپتەك گويا،
بولما غاپىل ھەم ناداندىن مەڭگۈ قاچ.

7

دەردكە دەردمەنلەر ھامان يار ھەم دەۋا،
ھەرقاچان دەردمەنگە ياقماس كۈي ـ ناۋا.
تارتما ھال ئامەتلىرىڭدىن گېدىيىپ
سۆيمىسەڭ ئەلنى كۆزۈڭ بولغاي ئەما.

8

بەزىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزى يالغان بولۇر،
ئاشۇ يالغان بىرلە نەپ ئالغان بولۇر.
ئېچىلىپ يالغانچىنىڭ سىر، ھېكمىتى
دەرد، پۇشايمان ئىلكىدە قالغان بولۇر.

9

دىل ئۆيۈڭنى ھەرقاچان دوستلارغا ئاچ،
مېھرى ـ شەپقەت نۇرىنى دوستلارغا چاچ.
كىرمە شەيتان كوچىسىغا ئالدىنىپ،
بىۋاپا دۇنيادا گەر قالساڭمۇ ئاچ.



كەلگۈسى ئاپتورلىرىمىز ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، بىزنىڭ بەختىمىز.

10

ئاللىكىم يوق نەرسىنى تاپقان بولۇر،
ھەرتەرەپكە توختىماي چاپقان بولۇر.
ئوغرىدىن نەپ ئۇندۇرۇپ، گەپ تارقىتىپ،
ساختا تون بىرلە ئۇنى ياپقان بولۇر.
(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)

**مەمەت ئابلەت**

# رۇبائىيلار

قەلەمنىڭ تېشىنى بويىما ئاقماس،
كۆرگەننى ماختىما قۇلاققا ياقماس.
ئاتاقتا مىڭ كىتاب يازغاندىن كۆرە،
بىر جۈملە سۆز بىلەن يارانقىن ۋىناس.

دۇنيادا ھەممىنى تېپىپ ئالارسەن،
پۇلۇڭغا مىلىڭغا سېتىپ ئالارسەن.
سورىساڭ كۆز يۇمغان ئاتا ـ ئانائىڭنى،
قەبرىسى قېشىدىن قۇرۇق يانارسەن.

※ ※ ※

ئۆلگىچە ئۇسقاتماس ئەمەل ۋە مەنسەپ،
سەكرىمە ئاۋامنىڭ بېشىغا دەسسەپ.
قىياس قىل ئورىغا چۈشكەن پاقىنى،
ئىش قىلغىن بۇرادەر ئۆزۈڭنى دەڭسەپ.

خەلقىڭگە گۈل ئۈستۈر قەلبىڭ بېغىدا،
بۇلبۇللار سايرىسۇن گۈللەر شېخىدا.
تولدۇرغىن كۆڭلۈڭنى ئابىي ھاياتقا،
ئۆمرۈڭنىڭ مەۋسۈمى قىيام بولغاندا.
(ئاپتور: كۇما دېھقانچىلىق مەيدان 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

**گۈلجەملە ھەبىبۇللا ئوقيا**

# ئانا تىلىم، سەن ھاياتسەن يوللىرىم روشەن

(مۇخەممەس)

كۈللى تىللار گۈلشىنىدە جىلۋىلىك گۈلسەن،
بارچە قۇرلار قەترىسىدە سۆزلىرىڭ لېۋەن،
قۇت مەنىلەر جەۋھىرىدە مىسقىللىك تېرەن،
پاساھەتلەر بەيگىسىدە خىسلىتىڭ نەكىم
ئانا تىلىم، سەن ھاياتسەن ئۈنلىرىم روشەن.

سەنسىز جاھان خىيالەتتە ۋەيلۇندىن تىكەن،
سەنسىز كىشى بۇ راباتتا نە قېنىپ ئىسكەن،
سەنسىز ئارمان نىشاد، ئەدنا ياغاچقۇ بۇتەن،
سەندىن كېچىپ خار بولۇشتىن ساقلىسۇن ئىگەم،
ئانا تىلىم، سەن ھاياتسەن كۆزلىرىم روشەن.

«ئانا» دېدۇق، ساڭا ھەرچاغ يانار ئوت ـ يالىن،
ھىممىتىڭدە روھى زەمىر كۈلدى دۇردانەن،
راھىنەلىك خەزىنەڭدە ناۋائى ...جەۋلان،
ساڭا تالىق شۇلكى پەرھاد شۇ قۇتلۇق قەدەم،
ئانا تىلىم، سەن ھاياتسەن سەنەدىم روشەن.

«ئالتۇن يارۇق»، «تۈركىي دىۋان» ئېدىقۇت، يەركەن،
كۈيلەر شاھى گۈلگۈن مۇقام سەن بىلەن ئۆزئەن،
ئۇيغۇر نەسەپ ئىنسانىمنىڭ چىن شاھىدىسەن،
ساڭا ھەربىر گۈليۈرەكنىڭ سۆيگۈسى چەشمەم،
ئانا تىلىم، سەن ھاياتسەن مەنزىلىم روشەن.

مەرىپەتتىن شەھرۇ سەھرا ئېيتتى ھاي ئۆلەن،
قىزىڭ «ئوقيا» قۇت يولىنى قۇچقاي سەن بىلەن،
زوقلىنىمەن مەنئۇيىيەت ۋەنىنىم سەن ـ سەن!
روھىيىتىڭ بەرگەچ قۇۋۋەت، تاپتى ئەقلىم ئەم،
ئانا تىلىم، سەن ھاياتسەن يوللىرىم روشەن.
(ئاپتور: خوتەن شەھەرلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپتا)

**تۇرانسا لەخمەتنىياز**

# ئۆچكەن ئوت

ئايرىلىشنىڭ پىنھان بېغىدىن،
ئىللىققىنە سۇنىمەن مەكتۇپ.
تەگمەيمەن كونا ئىشلارنى،
سەن بىر قۇتۇپ، مەنمۇ بىر قۇتۇپ.

سۆيگۈمىزنىڭ ئىللىق بېغىدىن،
باھار پەسلى كەتتى يىراقلاپ.
توزۇپ كەتتى پۇراقلىق گۈللەر،
ۋىسال بېغى قالدى قاغجىراپ.

ئەمما بىزدە ئەيىپ يوق قىلچە،
تەقدىر بىزگە بەرمىدى پۇرسەت.
ئوخشاپ قالدى تىكەنسىز گۈلگە،
ئارىدىكى شېرىن مۇھەببەت.

بولدى مېنى ئۇنتۇپ كەت تېزلا،
كەچمىشلەرنى ئولتۇرما سۆزلەپ.
مەكتۇبىمنى ئاخىرلاشتۇراي،
«سۆيۈملۈكۈم، بەختلىك بول» دەپ.
(ئاپتور: قاراقاش زاۋا 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ تەھرىرى:
**تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

NEW JADE LITERATURE



ئەنۋەر هوشۇر

# تىرىلىش، ئۆزىنى تونۇش ۋە يۈرەكتىكى سۆز

## —كىتابخانىلىرىمىزنىڭ دىققەت ئېتىبارىدىكى يېڭى قەلەم ساھىبى — ئابدۇكېرىم قادىر بىلەن سۆھبەت

ئابدۇكېرىم، ئالدى بىلەن سىزنىڭ ئەدەبىي ئىجا-
دىيەتكە قايتىدىن كىرىشىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە
كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك مول نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈرگەنلىكىڭىزنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. دې-
مىسىمۇ سىز 2004 ـ يىلى ئەدەبىيات ئاسمىنىدا خۇددى
ئاقار يۇلتۇزدەك بىردىنلا پەيدا بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن
ئېسىل، سۈپەتلىك ھېكايىلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان
قىلىپ، كىتابخانلارنى رام قىلىۋالدىڭىز. ھېكايىلىرى-
ڭىز كۆپ ساندىكى ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ باش ئەسىرى
قىلىپ بېرىلدى. ئېلان قىلىنغان ھېكايىلىرىڭىزنىڭ
سانى كۆپ، ھەجمى چوڭ، سۈپىتى يۇقىرى بولۇپ،
خېلى كۆپ ساندىكى كىتابخانلار ۋە ژۇرناللارنىڭ نەزە-
رى سىزگە تىكىلدى. شەخسەن مەن سىزنىڭ ھېكايە-
لىرىڭىزنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ھېكايىچىلىقى-
مىزنىڭ كۈنسېرى ئىنچىكىلەپ كېتىۋاتقان تومۇرىغا
قۇيۇلغان يېڭى قان دەپ قارايمەن. لېكىن، سىز ئەدەبىي
ئىجادىيەت ساھەسىدە شەپە چىقارماي تۇيۇقسىز پەيدا
بولغانلىقىڭىز، ئەڭ مۇھىمى دەسلەپىدىلا توپنىڭ يۇ-
غىنىنى ئېتىپ، كىتابخانلارنىڭ دىققەت مەركىزىگە
كىرىپ قالغانلىقىڭىز ئۈچۈن، ئاڭلىق ئوقۇرمەنلەر،
بولۇپمۇ ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى سىزگە، جۈملىدىن
ئىجادىتىڭىزگە بەك قىزىقىدىكەن، سىز ھەققىدە ئۇ-
چۇرغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن. شۇڭا بىز سۆھ-
بەت قۇرۇپ ھاسىلاتىمىزنى قىزىققۇچىلارنىڭ ئارام
داستىخىنىغا سۇنساق، قانداق؟!

رەھمەت، ئەنۋەر. ماڭا — مېنىڭ سۇلغۇن پېرسو-
ناژلىرىمغا قېرىنداشلارچە قۇچاق ئېچىپ، يىراقتىن
كەلگەن مېھماندەك ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت بېغىغا
يىلتىز تارتىپ ئۆزلىشىپ قېلىۋاتقان بىر تۈپ كۆچەت-
تەك قاتىرىغا ئېلىۋالغان قەلب تۆرۈمدىكى خوتەنگە مىڭ
رەھمەت!

1. ھېكايىلىرىڭىزنىڭ سانى ۋە سۈپىتىدىن قارى-
غاندا، سىزدە پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدىكى بىر مەز-
گىللىك ئەقلىي ۋە بەدىئىي تەييارلىق — چېنىقىش-
نىڭ بولغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇ قارىشىمغا
قوشۇلامسىز؟ سىزنى قايسى خىل كۈچ ئەدەبىيات سا-
ھەسىگە باشلاپ كىرگەن، شۇنداقلا ئارىدا بىر مەزگىل
توختاشقا مەجبۇر قىلغان؟ تەربىيىلىنىش، ئىجادىيەت
مۇساپىڭىزنى قىسقىچە سۆزلەپ بەرسىڭىز!

«پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدىكى ئەقلىي ۋە بەدى-
ئىي تەييارلىق ـ چېنىقىشنىڭ بولغانلىقى» دېگەن
پەرىزىڭىزگە قوشۇلالمايمەن. چۈنكى، مەن ئۆتكەن ئە-
سىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا ئۆزۈممۇ سەزمەي ئىجادىيەت
قوشۇنىدىن چۈشۈپ قالغان چېغىمدا، بۇ يولغا قايتا
كىرىپ قېلىشىمنى، شۇنىڭدەك بۇنچىلىك نەتىجىگە
(ئەگەر يازغانلىرىمنىڭ نەتىجە دېيىش لاياقىتى بولسا)
ئېرىشىپ قېلىشىمنى ئويلىمىغان. «يەكەن گېزىتى» دە
مۇخبىرلىق قىلىش داۋامىدا ئەدەبىي تىلىمنى قېلىپ-
لاشتۇرۇش، جەمئىيەتنى كۆزىتىش جەھەتلەردە ئاز ـ
تولا ئىلگىرىلەش بولغانلىقىغا كۆز يۇممايمەن. ئەينى

NEW JADE LITERATURE

يىللىرى، يەنى 1996 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۆزۈمنىڭ كەسپى بولغان مۇخبىرلىق، مۇھەررىرلىك خىزمىتىنىڭ جىددىيلىكى، ئايىغى چىقماسلىقى، كۆپرەك خەت يازسام كۆزۈم تورلىشىپ بىئارام بولۇپ قېلىشىم، مېنىڭ ئىجادىيەت سېپىدىن چۈشۈپ قېلىشىمغا سەۋەب بولغان. يەنە بىر جەھەتتىن، مېنىڭ شۇ چاغدىكى تۆمۈر تاۋىقىم بولغان «يەكەن گېزىتى» ئىدارىسى ئاستا ـ ئاستا ئىقتىسادىي كىرزىس پاتقىقىغا پېتىپ، بىز مۇخبىر ـ مۇھەررىرلەرگە 60% ئىش ھەققى بېرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان. تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولمىغاندىن كېيىن، 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەن ئىشخانا مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان ئاددىي بىر دوكان ئېچىپ، ئىشتىن سىرتقى چاغلاردا پۇل تېپىش يولىغا كىردىم. بۇ چاغدا مەن «ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا قايتا كىرىپ قالارمەن» دېگەننى ئويلىمىغانىدىم. دېمەك، مەن 1989 ـ يىلىدىن 1991 ـ يىلىغىچە يېزا مالىيە پونكىتىدا خىزمەت قىلغان ئىككى يىلدا خىزمەت، تۇرمۇش كاپالىتى جەھەتتىكى خاتىرجەملىك ئاساسىدا ئىجادىيەت قاينىمىدا ئۈزدۈم (شۇ يىللاردا مەيلى قانچىلىك ئېلان قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر يەتمىش پارچىدىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك ھېكايە، نەسر، بەش پارچە پوۋېست يازغان يىگىت ئىدىم). ئىجادىيىتىمنى يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ گېزىتخانىغا يۆتكىلىپ كىرگەندە بولسا، جىددىي خىزمەت مۇھىتى ۋە كۆنسېرى ئېغىرلاپ بېرىۋاتقان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مېنىڭ ئىجادىيەت سېپىدىن چۈشۈپ قېلىشىمغا سەۋەب بولدى. تەسىراتىم: ئۆزى ھەرجەھەتتىن خاتىرجەم بولمىغان كىشىنىڭ ئىجادىيەت ئۈچۈن، باشقىلار ئۈچۈن كاللا قاتۇرالىشى ناتايىن ئىكەن.

مېنى ئىجادىيەت سېپىگە باشلاپ كىرگەن كۈچ توغرىسىدا سۆز ئاچسام: مەن يېزىدا تۇغۇلۇپ، ئۆستۈم. ئاتا ـ ئانام ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلىدىغان بولغاچقا، ئائىلىمىزنىڭ ھال ـ كۈنى ياخشى بولسىمۇ، بىزنى قولۇم ـ قوشنىلىرىمىز، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز نامرات دېھقانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا نەزەر سالساملا ئىچىم ئاچچىق بولاتتى. بالىلىقىم ۋە يېزام بىلەن خوشلىشىپ، يەكەن ئىلمىي تولۇق ئوتتۇرا ۋە قەشقەر مالىيە سودا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان يىللىرىمدىمۇ مەن دەم ئېلىش ۋە تەتىل ۋاقتىدا ئۆيگە كەلسەم، ھامان ئاشۇ خىل كۆرۈنۈش مېنى ئويلاندۇرۇپ قوياتتى. يەنە بىر ئامىل، مەن ساۋادىم چىققاندىن باشلاپ كىتاب ئوقۇشقا ئادەتتىن تاشقىرى ھېرىسمەن ئىدىم. مېنى ئىزدىگەن ئاتا ـ ئانام ھەمىشە باغنىڭ بىر بۇلۇڭىدا، تىمتاس ئېتىزلىقلاردا پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇغان ھالدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان يەردىن تېپىۋالاتتى. ئانام ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، ئوقۇيدىغان كىتابتىن قىسىلمايتتىم. مەن ئىجادىيەتتىن توختىغان ئالدىنقى يىللاردىمۇ كىتاب مېنىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشىم بولۇپ كەلدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، مەن 1984 ـ يىلىدىن باشلاپ قىسقا نەسر، شېئىرلارنى يېزىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىمنىڭ ئاغزىدا ماختىلىپ يۈردۈم. 1987 ـ يىلى قەشقەر مالىيە سودا مەكتىپىنىڭ بوغالتىرلىق كەسپىگە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆزۈم ئەدەبىياتتا ئوقۇش ئارزۇيۇمغا يېتەلمىگەن بولسامۇ، بىر تۈركۈم ئەدەبىيات ئاشنالىرىنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، يەنى 1989 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى «ئۈمىدلىك گىياھ» ماۋزۇلۇق بىر پارچە نەسرىم «يەكەن گېزىتى»نىڭ «زەرەپشان گۈلزارى» بېتىدە ئېلان قىلىندى. (بۇ كۈن مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ خۇشال بولغان، ئۇنتۇلماس كۈنلىرىمنىڭ بىرى). شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قوشۇلدۇم ھەم يەكەندىكى ياسىنجان سادىق قاتارلىق بىر تۈركۈم ياش ئىجادكارلار بىلەن تونۇشتۇم. قىسقىسى، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتسام، مېنىڭ كۆز ئالدىمدىكى رېئاللىققا بولغان ئىنكاسىمنىڭ كۈچلۈكلىكى، ھەمىشە باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ ھاياجانلىنىپ قالىدىغان مىجەزىم، كىتابخۇمارلىقىم بىلەن بېرىكىپ مېنى ئىجادىيەت يولىغا باشلاپ كىردى. ئارىدا بىر مەزگىل ئىجادىيەتتىن توختاپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم. بۇ ئۇتنىڭ يەنە يېلىنجاپ، قايتا ئىجادىيەتكە كىرىشىپ قېلىشىمدىكى سەۋەبكە مۇنداق جاۋاب بېرەمەن: «كۆز ئالدىم، ماددىي مەئىشەت بوياقلىرى بىلەن بويالغاندا، رەڭگى ئۆڭگەن بادام دوپپا بىلەن كونا دۆشە كەتمەن بەلگە ـ كۆزۈرۈم بولدى. مېيۇسلەنمە كۆڭلۈم، شۇنداق چاغ كېلىپ ئاشۇ رەڭۋاز بوياقلار ئۆڭۈپ بېترەڭ ھالغا كىرگەندە، بادام گۈللىرى يەنە جۇلالىنىپ، كۆزلەرنى قاماشتۇرىدۇ. دۆشە كەتمەن تاغنى تالقان قىلىدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولىدۇ...»

مەن بۇ قۇرلارنى سۆز بېشى ئورنىدا كىتابىمغا قىستۇرغانىدىم. كېيىن چىقىرىپ تاشلاشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن نېمىشقا بۇنداق دەيمەن؟ مەن ئىجادىيەتنى توختاتقان ئاشۇ يىللاردا پۇلمۇ تاپتىم. زېمىن ـ ئۆي، موتوتسىكلىت، يانفون، كومپيۇتېر دېگەندەك ماددىي مەئىشەت بوياقلىرى بىلەن ئۆزۈمنىمۇ بويىدىم. ياخشى خىزمەت ئورنىغا ئالمىشىپ خاتىرجەممۇ بولدۇم. ئائىلە تۇرمۇشىمدىنمۇ ناھايىتى خاتىرجەم. لېكىن مەن ئۆزۈمدە هامان بىر نەرسە كەمدەك، نېمىدىندۇر ئايرىلىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق مەندىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان نەرسىنى ئاخىر تاپتىم: مەن ئەسلىدە ۋۇجۇدۇمدا يېلىنجاپ تۇرغان ئوتلۇق ئىستەكلىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان ئىكەنمەن... 2004 ـ يىلى مەن ئاكا يوللۇق بۇرادىرىم ياسىنجان سادىق ئېيتقاندەك، ئۆزۈمنى قايتا تونۇدۇم. جان تالىشىۋاتقان روھىمنى تېپىۋالدىم. دېمەك، ماڭا باللىقىمدا تۇتەشىپ، شۇنچە يىل ئۆزۈمنى تاشلىۋەتسەممۇ يۈرىكىمدىن ئۆچمىگەن بىر ئوت ئىجادىيەت سېپىگە قايتا باشلاپ كىردى.

2. سىز جاپالىق ئىجادىيەت مەشىقىگە ئاتلىنىپ، ئەسەرلىرىڭىزدىن خامان دۆۋىلەۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، ھېكايىلىرىڭىزنىڭ بۈگۈنكىدەك ئالقىشقا ئېرىشىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ باققانمۇ؟

ئۇنچىلىك ئالقىشلىنىشىنى ئويلىمىغان. ئەمما مەن 2004 ـ يىل باھاردا تەھرىرات ساھەسىدىكى مەلۇم بىر ئەپەندىگە «بۇ يىل قىلىۋاتقان ئىشىمدا تېزدىن كۆزگە كۆرۈنەلمىسەم...!» دېگەنىدىم. بۇ سۆز مېنىڭ ئاغزىمدىن مەن ـ مەنچىلىكتىن ئەمەس، بەلكى تەلەپچانلىقتىن، قىلىۋاتقان ئەمگىكىمنىڭ ئۈنۈمىنى (ئىقتىسادىي ئۈنۈم دېمىدىم جۇمۇ!) قوغلاشمىغانلىقىمدىن چىققان دەپ ھۆددە قىلىمەن. مانا مەن ھازىر دەسلەپكى پەللىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، تۇنجى نىشانىمغا يەتكەنلىكىمگە ئىپتىخارلانماقتىمەن.

3. ئەسەرلىرىڭىزدە شەھەر ئۇششاق كەمبەغەللىرى، چىركىن بايلار ۋە جەمئىيەتتە تېگىشلىك ئورنىنى تېپىپ بولالمىغان دېھقانلار تۇرمۇشىنى يېزىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىكەن. سىز نېمە ئۈچۈن مۇشۇ خىلدىكى تېمىلارغا كۆپرەك مۇراجەت قىلىسىز؟ بۇ كەلگۈسىدە سىزنىڭ تېما تاللاشتىكى بىر تۈرلۈك ئالاھىدىلىكىڭىز بولۇپ قالامدۇ؟

سىز بۇ سوئالنى سوراۋاتقاندا، نېمە ئۈچۈن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ «كونا كوچا»دىكى «قۇياشقىز» بىلەن تونۇشامتىڭىز؟ ئۇنىڭغا سىزمۇ ساقال تاشلاپ قالمىغان بولغىيدىڭىز، دەپ سورىمايسىز؟ «كۆزەينەكلىك يىلان» دىكى «چاۋىراخۇن» ئابدۇكېرىمنىڭ نېمىسى بولغىيدى؟ دېگەن خىيال كاللىڭىزدىن كەچمىدىمۇ؟ مېنىڭ ئەدەبىياتتىن خېلى ئوبدان خەۋىرى بار بىر دوستۇم «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا بېرىلگەن بۇ ھېكايىلىرىمنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مەندىن شۇنداق سورىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە «قۇياشقىز» دەك بىر بەختسىزنى ئاشۇنچىلىك چۈشەنمىسە، ياخشى كۆرمىسە ئۇنچىلىك يازغىلى بولمايدىكەن. دەرۋەقە ئانارقىز ئىسىملىك ياش تىككۈچى چوكان كوناشەھەر رايونىدىكى مەن مەبلەغ سالغان دوكاننىڭ يېنىدا ــ كۆز ئالدىمدا ئاشۇنداق بەختسىزلىككە ئۇچرىغان. مەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان، ياخشى كۆرگەن (بەلكىم قېرىنداشلىق نۇقتىسىدىن ياخشى كۆرگەندىمەن). كۆرگىنىمنىڭ ئونىنىڭ بىرىنى يازالىسامچۇ، كاشكى! ئۇ مەن تەسۋىرلىگەندىكىدىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق، ئوچۇق چىراي، مىجەز ـ خۇلقى شۇنچىلىك تۈزۈك، قەلب ـ دۇنياسى شۇنچىلىك كەڭ، پاك رەھمەتلىك ئىدى. ئۇ بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن ھەمىشە كۆز چاناقلىرىم ياشلاندى. شۇنداق شارائىتتا ئاخىرى ئىختىيارسىز ھالدا كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ماڭا بەكمۇ تونۇشلۇق بولغان ئۇ كوچىنىڭ ئىسمى «كونا كوچا» بولدى. ئانار قىزنىڭ ئىسمى «قۇياشقىز» بولدى. چۈنكى شۇ قىز كوچىدا پەيدا بولسا، ھاۋا ئېچىلىپ كونا كوچا نۇرغا پۈركىنەتتى. ئۇنىڭ دىلى رەنجىپ قالسا، ھاۋا تۇتۇلۇپ قالاتتى. ئۇ ياش تۆكسە ئاسمانمۇ ياش تۆكەتتى ...مانا بۇ قۇياشقىزنىڭ تىراگېدىيىسى. مانا بۇ مېنىڭ ئانام: «قىزنى بەرگەن ئىگىسى بەختىنىمۇ قوشۇپ بەرسە»، دەپ تىلىگەن تۈمەنلىگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ تراگېدىيىسى. «كۆزەينەكلىك يىلان»دىكى چاۋىراخۇننىڭ سىماسى مېنىڭ تاغامنىڭ، يەنى ئانامنىڭ ئاكىسىنىڭ سىماسى. دادا يوللۇق تاغامنىڭ ھالى بۇ تۇرسا، مەن نېمىشقا ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇراجەت قىلماي! مەن 2004 ـ يىلى كەچكۈزدە (رامىزان مەزگىلىدە) خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن خوتەنگە بارغاندا (كەچۈرۈڭلار، ئۇ كۈنى

بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىپ تۇرسۇنجاندىن باشقا ھېچقايسىڭلار بىلەن دىدارلىشىشقا پۇرسەت بولماي قايتىپ كەلدىم). خوتەن شەھەرلىك ئامانەت ـ قەرز ھەمكارلىق بىرلەشمە كوپراتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ شۇمېينىڭ يول باشلىشى بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى جەننەتتەك باغلارنى ئايلاندىم. ئاشۇ باغلارنىڭ دالدىسىدا تاغام چاۋىراخۇننىڭ ھويلىسىنى كۆرۈپ قالغاندەك بولدۇم. شۇ كۈنى مېنى دەپ گۇما سەپىرىنى كېچىكتۈرگەن تۇرسۇنجان چۈشتە خوتەن كوچىلىرىنى ئايلاندۇردى (بۇ مېنىڭ ھۆرمەت نەزىرىمدىكى خوتەنگە تۇنجى كېلىشىم ئىدى). مەن گىلەم بازىرىدا، قاشتېشى بازىرىدا كېتىۋېتىپ چېھرى قاشتېشىدەك سۈزۈك، ئەمما كۆزلىرى سۇلغۇن «قۇياشقىز»نى غىل ـ پال كۆرۈپ قالغاندەك بولدۇم. مانا بۇ ماڭا تەسىر قىلغان تېما.

كەلگۈسىدە تېما تاللاش مەسىلىسىگە كەلسەك، مېنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدا مۇئەييەن رامكا، دائىرىگە كىرىپ قالغۇم يوق. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ماڭا تەسىر قىلغان تېما ئۈستىدە ئويلانغىنىمدا، شۇ تېما ۋەقەلىكىنى كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتىگە ئاساسەن نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىشنى ئويلىشىمەن. ئەمما بۇ يەردە يەنىلا مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان دېھقانلار، شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ مەنىلا ئەمەس، باشقا قەلەمكەشلەرگىمۇ كۆپرەك تەسىر قىلىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ.

4. ئېلان قىلغان ھېكايىلىرىڭىزنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكىگە قاراپ سىزنى باشقا ھېچ ئىش قىلماي ئەسەر يازىدىغان كىشىمىكىن دېگەن تۇيغۇغا كېلىپ قالدىكەنمىز. سىز ئىجادىيەت بىلەن خىزمىتىڭىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىسىز؟ ئىجادىيەت ئادىتىڭىز قانداق؟ بىر يىلدىن بۇيان ئېلان قىلىنىۋاتقان ھېكايىلىرىڭىزنى بۇرۇن يازغانمۇ ياكى ھازىرمۇ؟

ئايلىق مائاشىنىڭ كەينىدىن پالاقلاپ يۈرگەن ئادەمگە ھېچ ئىش قىلماي كېچە ـ كۈندۈز ئەسەر يازىدىغان ناۋاتتەك ئىش نەدە تۇرۇپتۇ دەيسىز! يەنە كېلىپ مېنىڭ خىزمەت ئورنۇمنىڭ ئەدەبىيات بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. بۇنداق شارائىتتا خىزمەت ۋاقتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئېيتىشىش، رىقابەت بىلەن ئىشقا چىقىش يولىغا قويۇلغان مېنىڭ خىزمەت ئورنۇمدا ماڭا نىسبەتەن تېخىمۇ پايدىسىز. ئادەتتە مېنىڭ خىزمىتىم ناھايىتى ئالدىراش. بىرلەشمە كوپراتىپتىكى ئىشخانامدىن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ پۇرىقى ئەمەس، بىرەر تال ئەدەبىي ژۇرنالمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى ئوقۇپ قالغان بىرەر كىشى ئىشخانامدا ئەدەبىيات ھەققىدە سۆز ئېچىپ قالسا، جاۋابسىز قالىدۇ. ئەكسىچە مېنىڭ ئاغزىمدىن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولغان باشقا چىرايلىق گەپلەرنى ئاڭلايدۇ. مەسىلەن: «بۇ يىل مائاش ئىسلاھاتى توغرىلىق يېڭى ئۇچۇر بار، چاغاندا ئارام ئالماي ئىشلىگىنىڭلار ئۈچۈن ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەش ھەققى ئاجرىتىلدى...» دېگەندەك. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ كەسىپداشلىرىممۇ مەندىن ئەدەبىيات ھەققىدە ھېچنېمە سورىمايدۇ. ھوسۇلنىڭ كۆپ بولۇشى بىرى، مەن كومپيۇتېرغا كىرىشىۋالدىم. كومپيۇتېر مېنىڭ ئىجادىيەتكە قايتا كىرىشىشىمگە ھەم ۋاستە ھەم تۈرتكە بولغان ئامىللارنىڭ بىرى. ئىجادىيەت كومپيۇتېر مەشغۇلات سۈرئىتىمنى تېزلىتىپ، كەسپىي خىزمەتلىرىمنى ئالدىغا سىلجىشىمغىمۇ تۈرتكە بولدى. ئىككىنچىسى، تۇرمۇشۇم تەرتىپلىك. مەن ھەركۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، مەكتەپتىن يانغان بالىلىرىمنى ئېلىپ دەرھال ئۆيگە قايتىمەن. تاماقنى يەپ بولۇپ، بالىلارنى ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىپ، بىرلەشمە كوپراتىپىمىزنىڭ ئىگىلىكىدىكى ھەمكارلىق مېھمانخانىسىغا كېلىمەن (سىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەن 2003 ـ يىل 6 ـ ئايدىن ھازىرغىچە مېھمانخانىنىڭ دېرىكتورلۇق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەپ كېلىۋاتىمەن. مېھمانخانىنىڭ كەچلىك خىزمەت ئەھۋالى، كۈندىلىك دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ئۇقۇشۇپ، نەق ھەل قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ھەل قىلىۋېتىپ، كېيىن ھەل قىلىدىغانلىرىغا قارىتا خاتىرە قالدۇرۇپ قويۇپ، مېھمانخانىدىكى ئىشخانامغا كىرىپ كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىمەن. پۈتۈن دۇنيا، چاچ قالمايۋاتقان كاللام بىلەن شۇنچە ئېپچىل، يىغىنچاق خاتىرە كومپيۇتېرىمغا مۇجەسسەم بولىدۇ. دېمەك، مەن بىر كۈنلۈك خىزمەتنىڭ ھاردۇقىنى كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ چىقىرىمەن. مۇزىكىلار ياڭراپ تۇرىدىغان رېستورانلار، قاڭسىق ھاراقتىن كەلگەن خۇشكەيپىلىك ماڭا يات (مەن بۇ يەردە مېنىڭ ھاراق ئىچمەسلىكىم تۈپەيلى ئارىمىز يىراقلىشىپ قېلىۋاتقان بارلىق دوستلىرىمدىن ئەپۇ سورايمەن). ئويلاپ

NEW JADE LITERATURE


ئۆز خىزمىتىدىن قاقشىغان ئادەمدە نەتىجە ئېگى بولمايدۇ.

بېقىڭ، مۇشۇ بىر ئاخشامدا ئىككى سائەتلا ئولتۇرۇپ ئۆلچەملىك $A_4$ قەغەزگە بەدىئىي تەسەۋۋۇرىڭىزدىن پەقەت ئىككى ۋاراق ئوي ـ پىكرىنى پۈتۈپ قويسىڭىز، 30 كۈندە نەچچە ۋاراق بولىدۇ؟ 365 كۈندىچۇ؟ «مول ھوسۇل»نى مول كۆرسەتكەن يەنە بىر ئىش، 2004 ـ يىلى مېنىڭ يازغان 14 پارچە ھېكايەمدىن پەقەت ئىككى پارچىسىلا ئېلان قىلىنماي قويدى. قالغىنى كىتابخانلارغا ئايان. شۇڭا، مېنى بايقىۋالغان، قاتارغا قوشۇۋالغان تەھرىراتلاردىكى بارلىق مېھنەتكەشلەرگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئىجادىيەت بىلەن خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، مېنىڭ ئىشلەۋاتقان خىزمىتىم كاتىباتلىق، تەشۋىقات خىزمىتىدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىقتىسادىي خىزمەت. يەنى مەن ئورگان باشقۇرۇش ھېسابىنىڭ بوغالتىرلىقى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى باشقۇرۇش، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ بىر بۆلۈك خىزمەتلىرى، ھەمكارلىق مېھمانخانىسىنىڭ مەسئۇللىقى قاتارلىق بىر قاتار ئاساسىي خىزمەتلەرنىمۇ ئىشلەيمەن. خىزمەتلىرىم ئاساسەن دېگۈدەك كومپيۇتېرلاشقان. كۈندۈزى سەككىز سائەت ئىچىدە شۇ كۈنلۈك خىزمەتلىرىمنى تولۇق تۈگىتىپ مېڭىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىمەن. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك خىزمەتتىن چۈشكەندىن كېيىن، خاتىرە كومپيۇتېرىمنىڭ ئالدىغا كېلىمەن. بۇ چاغدا تەسەۋۋۇرۇمدا تاۋلىنىۋاتقان دېتاللار پىشىپ قالغان، تەپەككۇرۇم قاناتلانغان بولىدۇ.

2004 ـ يىل ئىچىدە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىم ئىچىدە پەقەت «ئۈجمە پىششىقى» («يېڭى قاشتېشى» 2004 ـ يىل 3 ـ سان)لا ئىلگىرى، يەنى 1996 ـ يىلى مۇخبىر ۋاقتىمدا يېزىلغان. كىتابىمدىكى «يەڭگىلەر»، «ئاق لالما» قاتارلىق ئۈچ پارچە ھېكايەمنىمۇ شۇ يىللىرى يېزىپ «يەكەن گېزىتى»، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان ئىكەنمەن. قالغان بارلىق ئەسەرلەر 2003 ـ يىل 11 ـ ئايدىن باشلاپ يېزىلغان ئەسەرلەر. مېنىڭ ئىجادىيەت ئادىتىم، روھىي كەيپىياتىمغا بىر تۈرلۈك تۇرمۇش دېتالى تەسىر قىلغاندا، شۇ ئىشنى ئويلىماي دېسەممۇ، كۆز ئالدىمدىن كەتمەي، تەپەككۇر دائىرەمدىن چىقىپ كەتمەي تۇرۇۋالىدۇ. شۇ ئىشتىن يا ئۇنداق، يا مۇنداق خۇلاسە شەكىللىنىپ قالىدۇ. ئاخىرى كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا كەلمەي تۇرالمايمەن. بۇ ئىلگىرىكى يىللاردىمۇ شۇنداق ئىدى. يېزىش داۋامىدا كۆڭۈلدىكىدەك يازالماي قالسام ھەرگىز زورۇقمايمەن. دەرھال كومپيۇتېردىن چېكىنىپ، باشقا ئىشلار بىلەن، يەنى كىتاب ئوقۇش، ئۆزىمىزنىڭ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرۈش دېگەندەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىمەن. شۇ جەرياندا، يېزىۋاتقانلىرىمنى قانداق داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا تۇيۇقسىز ئەقلىمگە كېلىپ قالىمەن. ئەسەر پۈتكەندىن كېيىن، بىرەر ھەپتە ئۆز ئىزىدا قويۇپ كىتاب ئوقۇيمەن. ئۆز يازمامنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا تىرىشىمەن. كېيىن تۇيۇقسىز كومپيۇتېرنى ئېچىپ زادى قانداقراق يازغانلىقىمغا قاراپ باقىمەن. دېتىمغا ياقمىسا قايتا ئىشلەيمەن، ئۆزگەرتىمەن. ئاندىن يەنە پىكىرداشلىرىمنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇنىمەن (پۈتۈن ئەسەرلىرىمگە ئاساسەن تاغلىق يېزىدا خىزمەت قىلىدىغان يېقىن دوستۇم ھەسەنجاننىڭ پىكرىنى ئالىمەن. يېقىندىن بېرى كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ياش قەلەمكەش ئابلىمىت ئابلەت بىلەنمۇ پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرىۋاتىمەن). پىكىر ئالغاندىن كېيىن ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك تەرەپلەر بولسا ئۆزگەرتىپ، ئۆزۈم قانائەت ھاسىل قىلغاندا ئاندىن مەتبۇئاتقا يوللايمەن.

5. سىزچە ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا قايسى؟ ئەڭ قىيىن ھالقىچۇ؟ ئەسەرلىرىڭىز نەشر ئەپكارلىرىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدىمۇ؟

ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا ئۆزى ئەڭ چۈشىنىدىغان، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىنى ئويلاش، سۆزلىگىنىنى سۆزلەش؛ ئەڭ قىيىن ھالقا ئويلىغانىنى ـ خالىغانىنى يازالماسلىق. ئەگەر بۇ سوئالنى ئىجادىيەت ئۇسۇلى نۇقتىسىدىن سورىغان مۇھىم ھالقا ـــ يۇقىرىدىكى جاۋابىمغا ئوخشاشلا ئىجادىيەت دېتالىنى ئۆزىگە تونۇشلۇق مۇھىت ئىچىدىن ئىزدەش؛ ئەڭ قىيىن ھالقا تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ، يەنى ئۆزى بىلمىگەن، مۇنداقلا ئاڭلىۋالغان ئىشلار توغرىسىدا زورۇقۇپ قەلەم تەۋرىتىپ قېلىش. نەشر ئەپكارلىرىنىڭ ئەسەرلىرىمگە بولغان مۇئامىلىسىگە كەلسەك، ئەسەرلىرىم باشتا بىر ئاز تۇرۇپ قالغاندەك قىلدى. كېيىن ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بولغاندەك بىردىنلا ھەممە شاخنىڭ

ئۇچىدا «ئالا بولۇش» قا باشلىدى. يەنە بىر جەھەتتىن،
ژۇرناللارنىڭ ئەسەر ئىشلىتىشتە ئۆزىنىڭ مۇئەييەن
ئۆلچىمى بولغاچقا، بەزى ئەسەرلىرىمنى قايتۇرۇۋەتتى.
مەن بۇنىڭلىق بىلەن مەيۇسلەنمەي، ئاپتونوم رايونى-
مىزدىكى ھەرقايسى ژۇرناللارنىڭ ئەسەر تاللاش ئالاھى-
دىلىكىنى چىقىش قىلغان ھالدا ھېكايىلىرىمنى
كومپيۇتېردىن چىقىرىپ قايتىدىن باشقا ژۇرناللارغا ئە-
ۋەتتىم ھەم ئەسەر قايتۇرغان ژۇرناللارغا زېرىكمەي يەنە
يېڭى يازغانلىرىمنى ئەۋەتىپ تۇردۇم. ئەمما ماڭا «تارىم»
بىلەن «تەڭرىتاغ»نىڭ ئىشكى تەسرەك ئېچىلغاندەك
تۇيۇلدى. چۈنكى «تەڭرىتاغ» 4 - قېتىم ئەۋەتكەن ھې-
كايەم، يەنى «تاز قوچقار»نى؛ «تارىم» 5 - قېتىم ئەۋەت-
كەن ھېكايەم، يەنى «تەشنارەك كۆكۆل»نى ئېلان قىل-
دى. ھازىر بۇ ھالەت تۈپتىن ئۆزگەردى. مەنمۇ ئىجادى-
يەتتە ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدىم، بۇ ژۇرناللاردىكى
مېھمانتەكەشلەر مېنى توندى. بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئال-
ماي تۇرالمايمەنكى، «كونا كوچا» «يېڭى قاشتېشى»دا
ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى مەلۇم ژۇرنال تەرىپىدىن
«بولمايدىكەن» دېيىلگەنىدى، كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم
بولدى. چۈنكى، بىر پارچە ھېكايە يېزىش ماڭا 25 پارچە
خەۋەر يازغاندەك ئاسان ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن ھېكايىنى
كومپيۇتېردىن قايتا چىقىرىپ بىر پارچە خەت بىلەن
تۇرسۇنجان مۇھەممەت ئەپەندىمگە — مۇنداقچە ئېيت-
قاندا، پىروزا بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ تەمىنى تېتىپ
تۇرىدىغان كىشىگە ئەۋەتتىم (شۇ چاغقىچە مەن تۇر-
سۇنجان بىلەن تونۇشمايتتىم). ساناپ 18 كۈندىن كې-
يىن يانفونۇم سايرىدى. مەن تۇرسۇنجاننىڭ «كونا كو-
چا»غا بەرگەن باھاسىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ھاياجانلاندىم
ھەم شۇنىڭدىن كېيىن مەن «بولمايدىكەن» دېگەن
گەپلەرگىمۇ ئانچە ئېتىبار قىلمايدىغان، «پوچى» بولۇپ
قالدىم (بۇ يەردە، قەشقەر شەھىرىدىكى پارچە سېتىلىش
سانى ئەسلىدىكى 20 پارچىدىن 120 پارچىگە يېتىپ،
قەشقەر ۋىلايىتىدىكى كىتابخانىلارنىڭ دىققەت مەرك-
زىگە ئايلانغان سۇپسۇزۇك «قاشتېشى»غا رەھمىتىمنى
بىلدۈرمەي تۇرالمايمەن، ئەلۋەتتە). شۇنداق قىلىپ ياز-
غانلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز
كۆرۈشۈشكە باشلىدى. مېنىڭ 2004 - يىلى ھەممە ژۇر-
ناللاردا دېگۈدەك ئۆزۈمنى «بازارغا سېلىپ» يۈرگىنىم-
نىڭ سەۋەبى ئەنە شۇنداق بىر ژۇرنال ئىشلەتمىسە، يەنە
بىرسىگە ئەۋەتتۇۋەرگەنلىكىمدىن كېلىپ چىقتى. دې-
مەك، بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى.

6. ھېكايىلىرىڭىزنى ئوقۇش جەريانىدا مۇنداق
بىر ئەھۋالنى ھېس قىلدىم: ھېكايىلىرىڭىزنىڭ بەزى
ئابزاسلىرىنىڭ جۈملىلىرى بەكمۇ چىرايلىق — چەك
تۈزۈلگەن. ئەپسۇسكى، بەزى جۈملىلەر بەكمۇ بوش (ئە-
لۋەتتە بۇنداقلىرى بەكمۇ ئاز)، ئوقۇغان ئادەمگە ئىك-
كى ئادەمنىڭ قولىدىن چىققان يازمىدەك تەسىر بېرىدۇ.
ئۇنىڭدىن باشقا ھېكايىلىرىڭىزدىكى بەزى ئابزاسلاردا
ئاخبارات تىلىنىڭ تەسىرى بىر قەدەر ئېغىر. مەسىلەن:
«ئۇلارنى كەمستىشتىن ئىلگىرى روھىي دۇنياسىنى
بىر قېتىم قېدىرىش كېرەك. ھاللىق سەۋىيىگە يېتەك-
لەشتىن ئاۋۋال بازار ئەركىنلىكى بېرىش، ئۆزىدە مۇس-
تەقىل ئىقتىساد قارىشى، ئىگىلىك تىكلەش قارىشى
يېتىلدۈرۈش، تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. ئۆز -
ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا روناق تېپىش خاھىشىنى
ئۇرغۇتۇش، مۇستەقىل كىشىلىك غايە، يېڭىچە روھ
يېتىلدۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك («دولقۇنلۇق تا-
رىم» دىن) دېگەندەك. مەن بۇنى ئۇزۇن مەزگىل ئاخبا-
رات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىڭىزدىن بولۇۋاتقان
ئىش دەپ قارىدىم. سىز بۇخىل ئەھۋالنىڭ مەۋجۇتلۇ-
قىنى ھېس قىلدىڭىزمۇ؟ ھېس قىلغان بولسىڭىز
ئۆزگەرتىش جەھەتتە قانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ
باقتىڭىز؟

بۇ مېنىڭ كېيىنكى ئىجادىي يۈكسىلىشىمگە
پايدىلىق سوئال بولدى. ھېكايىلىرىمدىكى بوش تۈزۈ-
لۈپ قالغان جۈملىلەر مېنىڭ ئەدەبىيات ئاساسىمنىڭ
تولىمۇ ئاجىزلىقىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن (ئىمكا-
نىيەت بولغان بولسا، سۆھبىتىمىزدە بىر نەچچە جۈملە
مىسال ئالغان بولساق مەن ئۈچۈنمۇ، بىزنىڭ سۆھبە-
تىمىزگە قىزىققان قەلەم ساھىبلىرى ئۈچۈنمۇ ئۆگىنىش
پۇرسىتى بولغان بولاتتى). مەن خىجىللىق بىلەن تەن
ئالىمەنكى، ئانا تىلىمنىڭ گىرامماتىكىسىدا تولۇق دې-
گۈدەك قارا ساۋات. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب تولۇق-
سىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆيىمىزگە يېقىنلا يەردىكى باش-
لانغۇچ سىنىپى بىلەن ئوتتۇرا سىنىپى بىر بولغان
تارماق مەكتەپتە ئوقۇغانىمەن. ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىيات
دېگەن پەنلەرنى شۇ مەكتەپنى بىزدىن بالدۇرراق پۈت-
كۈزگەن بوي تۇرقى بىز بىلەن تەڭ بىر «خانىم» ئۆت-

كەندى. تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3 ـ يىللىقىغا چىققاندىن كېيىن، «ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلەيدىكەن»، دېيىشىپ، ئىككى ئاي تەكرار قىلىپ بەرگەن بولدى. ئوتتۇرا تېخنىكومدا (ئالىي تېخنىكومدا ئوقۇشقا مېنىڭ پەقەت بىر نومۇرۇم كەملەپ قالغان ئىدى). بوغالتىرلىق كەسپىدە تىل ـ ئەدەبىيات دېگەن دەرسنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىسامىمۇ بولار. شۇنداق قىلىپ مېنىڭ قۇرسىقىمنىڭ ئۇمىچى شۇنچىلىك ھالدا ئىجادىيەت سېپىگە قوشۇلدۇم. مېنىڭ بۇنى سۆزلىگىنىم ئەيىپنى باشقىلارغا ئارتقىنىم ئەمەس. لېكىن، تەربىيىلىنىش شارائىتى ھامان بىر ئادەمنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل. شۇڭا، يازمىلىرىمدا كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلەرنى بايقىيالماي قالغان بولۇشۇم مۇمكىن. مېنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىنمۇ خەۋىرىم يوق. ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى بويىچە ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ تولۇق كۇرسنى تاماملىغاندىمۇ، سىستېمىلىق نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ئىمكانىيەت بولماي، ئۆزۈمنىڭ يېزىقچىلىق، تەپەككۇر ئىقتىدارىمغا تايىنىپ بىرەر پەندىنمۇ تولۇقلاش ئىمتىھانىغا قالماي، دېپلوم ئالغان. شۇڭا ئادەتتە «قائىدە ـ يوسۇن ئۇقمايدىغان بايۋەچچە» قىسىنىپ، ئىچكە تارتىپ ئولتۇرماي، ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ئاغزىغا كەلگەننى دەپ كېرىلىپ ياشىغاندەك، مەنمۇ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، قائىدە ـ پرىنسىپلاردىن خالىي ھالدا ئەركىن ـ ئازادە ئولتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىمەن. ئەمما، مەن ھېكايىلىرىمدىكى ھەربىر جۈملىنى تۈزگەندە، نېمىنى ئىپادىلىمەكچى بولغانلىقىم، قانداق مەقسەتكە يەتمەكچى بولغانلىقىم، ئوقۇرمەنلەرنى قانداق تەسىراتقا ئىگە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تەپەككۇر قىلىمەن، يازىمەن. ھەربىر سۆزگە تولۇق ئىگە بولۇش تۇيغۇسى بىلەن ئەسەرلىرىمنى كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنىمەن.

ھېكايىلىرىمدا ئاخبارات تىلىنىڭ ئېغىر بولۇشى مەسىلىسىگە كەلسەك، سىزنىڭ قارىشىڭىزغا قوشۇلىمەن. مەن 11 يىل خىزمەت قىلغان خەۋەر دۆۋىسى ئىچىدىن مىڭ تەستە ئۆمىلەپ چىققىنىمدا، كېچىسى ئۇخلىسامىمۇ، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ خەۋەر يېزىپ چۈش كۆرىدىغان، ئۇدا بەش يىل «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1 ـ 2 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئىختىيارى مۇخبىرى، «قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئاخبارات خادىمى» بولۇپ باھالانغىنىم بىلەن بىر ئاينىڭ نورمال خىزمەت كۈنى ھېسابلىنىدىغان 22 كۈندە، 25 پارچە خەۋەر يېزىپمۇ ئايلىق ۋەزىپىنى ئورۇندىيالماي قارا باسىدىغان بولۇپ قالغانىدىم (بۈگۈنكى كۈنۈمگە مىڭ قەترە شۈكرى). مەن دوستلىرىمنىڭ ئىنكاسى ۋە ئۆزۈمنىڭ سەزگۈسىگە ئاساسەن، بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىمنى بايقىغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن تۇرمۇشقا چۆكۈشكە، يەنىلا كۆپرەك كىتاب ئوقۇشقا ئەھمىيەت بەردىم. ئەمما، بەك زورۇقۇپ كەتمىدىم. چۈنكى ھەرئىشنىڭ ئاستا ـ ئاستا، تەبىئىي بولغىنى ياخشى. شۇنداقتىمۇ يەنە بىر گەپنى دەۋالاي: سىز مىسالغا ئالغان يۇقىرىقى ئوي ـ پىكىرلەر «دولقۇنلۇق تارىم» دېگەن «مەن» نىڭ جەمئىيەتكە بولغان تونۇشىغا، كۆز قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ ئاپتور تىلى ئەمەس.

7. ھېكايىلىرىڭىزدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ دىئالوگ قىسمىدا يەرلىك شېۋىلەر كۆپلەپ قوللىنىلغان. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىڭىز نېمە؟ سىز ئەدەبىي تىل بىلەن يەرلىك شېۋىنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟ يەرلىك شېۋىنى قوللىنىشنىڭ ئىجادىيەتنىڭ سۈپىتى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

ھېكايىلىرىمدا يەرلىك شېۋىلەرنىڭ كۆپ قوللىنىلىشى ھەرگىزمۇ مەقسەتلىك ئەمەس. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى ئىجتىمائىي تۇرمۇش. مەن تەپەككۇرۇمدا پىششىپ يېتىلگەن مەلۇم تېما ئۈچۈن كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمدە، ئۆزۈم تۇرغان مۇھىتنى ئۇنتۇيمەن. پېرسوناژلىرىم نەدە بولسا، مەنمۇ شۇ يەردە بولىمەن. نېمە كۈن كۆرسە مەنمۇ شۇ كۈننى كۆرىمەن. ئۇلار بىلەن ھال ـ مۇڭ بولىمەن، سۆزلىشىمەن. ئۇلار يىغلىسا، ئولتۇرۇپ تەڭ يىغلايمەن. ئۇلار كۈلسە، بىللە قاھ ـ قاھلاپ كۈلىمەن. (يەنە ياشلانغان كۆز چاناقلىرىمنى كۆرۈپ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، مېنىڭ بۇ كۆزلىرىم ھامان ئىپتىخار بىلەن كۈلىدۇ). خۇددى «تاز قوچقار» دېگەن قونىكامنىڭ ئوغلىدەك. «تۈلكە كۈلكىسى» دېگەن «مەن»نىڭ كۈلكىسىدەك. دېمەك، مەن ئىجادىيەتكە كىرىشكەندە، ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا، ئۆزۈم يېزىۋاتقان مۇھىتقا، پېرسوناژلىرىمنىڭ ئارىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۆزۈمگە تونۇش




شائىر مۇھەممەت كامال خۇشخۇينىڭ تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمىز!

بولغان ئاشۇ كىشىلىرىمىزنىڭ دىئالوگلىرى، تىل شېۋىسىنى ئەينەن يازىدىكەنمەن. ھەتتا پۈتۈپ چىققان ئەسەرگە قايتا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا بەزى پېرسوناژلىرىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزۈممۇ كۈلۈپ كېتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ دەرىجىدە بولۇپ كەتسە، قانداق بولار؟ دەپ كۆپلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىمەن. ھېلىمۇ ياخشى كۆپلىگەن ژۇرناللار بۇ جەھەتتىكى «سەۋەنلىك»ىمگە توغرا پوزىتسىيە تۇتتى ھەم ئارتۇقچىلىق نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلدى.

يەرلىك شېۋە بىلەن ئىجادىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كەلسەك، ئەدەبىي ئىجادىيەت خەلقتىن كېلىپ يەنە خەلققە قايتىدۇ. خەلقتىن كەلگەن ھەرقانداق نەرسە ئاشۇنداق يەرلىك ئادەتلىرى، يەرلىك تىلى، يەرلىك پۇرىقى، ئۆزگىچىلىكى بىلەن چىنلىقىنى نامايان قىلىدۇ. مېنىڭ بىر دېھقان پېرسوناژىم سۆزلەۋاتقاندا، ئۆزىچە زورۇقۇپ ئورتاق تىلدا سۆزلەيمەن دېسە، ئۇنىڭ گەپ - سۆزى سۇنئىيلىشىپ قېلىشى، ھەتتا «ياڭاق» دېيەلمەي «راڭاق»، «بوياق» دېيەلمەي «بوراق» دەپ كۈلكىگە قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا مېنىڭ پېرسوناژلىرىم ئۆزىنىڭ «ھالىغا بېقىپ ھال تارتىپ، خالتىسىغا بېقىپ ئۇن تارتىپ»، «سىڭگەن ئومىچىنى ئىچىپ» يۈرىيدىغان كىشىلەر. مانا مۇشۇنداق بولغاندا بۇنداق ئىجادىيەتنىڭ ئۆز چىنلىقىنى يوقاتمىغان ھالدا خەلققە قايتىپ يەنە قارشى ئېلىنىشىدا گەپ يوق. دېمەك، مېنىڭ بىردىن - بىر قارىشىم پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تىلى ئەسەرنىڭ چىنلىق دەرىجىسىنى، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئەمما يەرلىك شېۋە ئىشلەتتىم دەپ زورۇقۇپ كەتسەك، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكىنى دوراپ قالساق، ئۇ ھالدا بۇ ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئەدەبىي تىل بىلەن يەرلىك شېۋىنىڭ مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، بىر قەدەر ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان يەرلىك شېۋە ئەدەبىي تىلنى بېيىتىدۇ. ئەدەبىي تىل ئۆز نۆۋىتىدە يەرلىك شېۋىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر مىللەت تىلىنىڭ ئىلمىيلىشىش، قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

8. ھازىرغىچە سىز خاس ھېكايىلا يازدىڭىز، پوۋېست، رومانلارغا قاراپ تەرەققىي قىلىش پىلانىڭىز بارمۇ؟

پوۋېست، دېدىڭىزمۇ؟ قارىغاندا ئىككىمىزنىڭ ئوي - پىكرى خېلى بىر يەردىن چىقىپ قالامدۇ قانداق، ئەنۋەرجان ... مەن 2004 - يىل ئىچىدە ئاساسلىق ئەدەبىي ژۇرناللىرىمىزنى بىر قۇر «كالۋالىق قىلىپ» بولغاندىن كېيىن، يەنە كۆڭلۈم تىنماي، 11 - 12 - ئايدا «لەڭگەرنىڭ چۈشى»، «قىزىل قويۇن» قاتارلىق ئىككى پارچە پوۋېست يېزىپ «تەڭرىتاغ»، «تارىم» قاتارلىق ژۇرناللارغا ئەۋەتكەنىدىم. ھازىرغىچە بىرەر ئۇچۇر يوق. «يازالمايسىز» دېگەن ئۇچۇرنىمۇ ئاڭلىمىدىم. پەرىزىمچە ژۇرناللىرىمىزنىڭ بەت سانى چەكلىك بولغاچقا، نۆۋەت ساقلاۋاتامدىكىن دېيمەن. «تۇزۇشنامە» ناملىق يەنە بىر پارچە پوۋېستىم پۈتۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. سىز يەنە ئۈچ پارچە پوۋېستنىڭ كېيىنى ئاڭلاپ «90 - يىللاردا يازغانلىرىڭىز ئەمەستۇ؟» دەپ قالماڭ، مەن ئۇ يازمىلىرىمنى، نان يېقىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان ئانامنىڭ تونۇرىدىكى يالقۇنجاپ تۇرغان ئۇلۇغ ئوتتا پاك - پاكىز كۆيدۈرىۋېتىپ بولغان! رومان ئىجادىيىتىگە كەلسەك، ھازىرچە ئاكىلىرىمىزنىڭ قىلىپ كۆنگەن ھۈنىرىگە شىلتىنىڭ ئاتقۇم يوق. ئەمما ئۇنىڭغىمۇ ۋاقتى - سائىتى يېقىنلاپ قالغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

9. ھېكايىلىرىڭىزنى توپلام قىلىپ نەشر قىلدۇرۇشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

بۇ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىۋاتقان مۇشۇ مىنۇتلاردا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «دولقۇنلۇق تارىم» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىمنىڭ باسمىدىن چىققانلىق خەۋىرىنى ئۇقۇپ تولىمۇ ھاياجانلىنىپ تۇرۇۋېتىمەن. ئېھتىمال ئاپرېلنىڭ بېشىدا سىز ۋە رايونىمىزدىكى ئوقۇرمەن دوستلىرىمىزنىڭ كىتابىمغا بەرگەن تەنقىد پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ قالارمەن. ئەپسۇس، كىتابنىڭ نامى بېكىتىلىپ، تىزىمغا ئېلىنىپ بولغاندا، كىتابقا نام قىلىپ قويۇلغان ھېكايىنىڭ ئۆزى توپلامدىن چىقىرىۋېتىلىپتۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە مەن سۆھبىتىمىزدە بۇ ھېكايىنىڭ ئەزمىسىنى تولا ئېزىپ كەتتىم. بۇ بەئەينى «يولىغا قاراتقان جۇۋاننىڭ ئىسمى ئالتۇنخان ئىدى. ئۆزى سۇلۇق، گېپى لېۋەن ...لېكىن ئەجەب...» دېگەندەك بىر ئىش بولدى. بۇنى دوستلىرىمىز ئۆزى چۈشىنىپ قالار.

10. كىتابخانلارنىڭ ئىجادىيىتىڭىزگە بەرگەن يۈز تۇرانە ۋە ۋاستىلىق باھاسى قانداقراق؟ سىز ئۆزىڭىزنى

NEW JADE LITERATURE

ھېكايە ئىجادىيىتىدە «خېلى پىشىپ قالدىم» دەپ ئويلامسىز؟

بۇ سوئالىڭىزغا ئائىلەمدىكى مۇنداق بىر ئۇششاق ئىشنى مىسال قىلىپ جاۋاب بېرەي: «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىللىق 2 ـ سانى كەلگەن كۈنى ئۆزۈمنىڭ ھېكايىسىنى، يەنى «تەشنارەڭ كۆڭۈل»نى كۆرۈپ پۈتۈن ھۇجەيرىلىرىمگىچە بىرخىل ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتى پەيدا بولدى. بۇ «تارىم»دا ئېلان قىلىنغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى مەن بۇ ھېكايەم ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش، ئىچكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئېچىپ بېرىشتە ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلغان، يېڭى قەدەم ئالالىغانىدىم. كەچتە ژۇرنالنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدىم، ئەمما شۇ ئارىلىقتا مېھمانغا پەمەل بولۇپ قاپتىمەن. بىر چاغدا مېھماننى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرسەم، رەسىمگە تولىمۇ قىزىقىدىغان ئوغلۇم، ژۇرنالدىكى قىستۇرما رەسىملەرنى كۆرۈۋېتىپ، باش بەتتىكى مېنىڭ ئىسمىمنى تونۇۋاپتۇ. ئەپسۇس، خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولغاچقا، نېمىلەرنى يازغانلىقىمنى ئوقۇيالماي، ئۇكىسىغا ئوقۇتقىلى تۇرۇپتۇ. مەن بۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە كىرىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلار تەڭلا ماڭا يېپىشىپ ھېكايىنى ئوقۇپ بېرىشىمنى ئىلتىماس قىلىپ تۇرىۋالدى. مەن ئادەتتە چوڭلارنىڭ تۇرمۇشى يېزىلغان ھېكايىلەرنى ئۇلارغا تۇتقۇزمايدىغان ئادىتىمنى بۇزۇپ، ژۇرنالنى قولۇمغا ئېلىپ ھېكايىنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ئوقۇغاندىمۇ، ھېكايىدىكى «ھاۋىزاخۇن»غا ھاۋىزاخۇندەك، «چولپانخان»غا چولپانخاندەك ئاۋاز بېرىپ، كىچىكلەر ئاڭلاشقا لايىق كەلمەيدىغان قىسمەن دىئالوگلارنى سىلىقلاشتۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىدىم. باللار گاھ جىمىپ، گاھ كۈلۈپ ھېكايىنى ئاڭلاپ چىقتى. ھەتتا ھېكايىدىكى ئادەملەر كىم ئىدى؟ دەپ سورىشىپ كەتتى. كىتابخانلارنىڭ ئىنكاسىنى ئېلىپ ئېيتسام، «باھار قوغلاشقان تۇرنىلار» («قەشقەر ئەدەبىياتى» 2004 ـ يىل 1 ـ سان)دىن باشقا بارلىق ھېكايىلىرىمگە بولغان ئىنكاس ئۆزۈمنىڭ ئويلىغىنىمدىن ئارتۇقراق ياخشى. «تاز قوچقار» («تەڭرىتاغ» 2004 ـ يىل 5 ـ سان) ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن يۈز تۇرانە بىلدۈرۈلگەن ۋە تېلېفوندا كەلگەن ئىنكاسلار ناھايىتى كۆپ بولدى. ھەتتا مېنى نەچچە يىلدىن بېرى نېمە ئىش قىلغان؟ دەپ تەنقىدلىگۈچىلەرمۇ چىقتى. ئاتۇش شەھەرلىك تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىكىلەر ئارقىلىق تېلېفون نومۇرۇمنى تېپىپ، ئاتايىن تېلېفون ئۇرۇپ: «سىز بىزنىڭ ئارا جاڭگالدىكى ئىشلارنى يېزىپسىز، قەلىمىڭىزگە كۆز تەگمىسۇن!» دېدى. بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كەچتە قەشقەردە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن ئابدۇرېھىم قاۋۇل ئەپەندى بىلەن دىدارلىشىپ قالدىم. شېئىرىيىتىمىزدە سالماقلىق ئاساسىي بار، ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىدىن بىر قەدەر تولۇق خەۋەردار بولغان بۇ كىشى (ياش جەھەتتە بىز بىلەن قۇرداش ئىكەن) قولۇمنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ: ماڭغان يولىڭىزغا يەنىمۇ مەزمۇت دەسسەڭ. مەن «قۇمۇل ئەدەبىياتى» دىكى «دولقۇنلۇق تارىم» ماۋزۇلۇق ھېكايىڭىزنى ئۆزۈم تونۇيدىغان بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلدىم» دېدى. مېنىڭ ئاغزىمغا گەپ كەلمەي قالدى. پەقەت ئىسلىدىنلا تونۇشمايدىغان ئۇ كىشىنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتىم. «قۇمۇل ئەدەبىياتى»دىكى بەگمەت يۇسۇپ ئەپەندى مېنىڭ ھېكايىلىرىمگە يۇقىرى باھا بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى (بۇ يىل قۇمۇلغا ئەسەر ئەۋەتەلمىگەنلىكىمگە ئەپسۇس). ئەمما مەن ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى «ھېكايە ئىجادىيىتىدە پىشىپ قالدىم» دېيەلمەيمەن. بۇنىڭغا تېخى «ئالتە قاپاق پىششىقى بار». ھېكايىلىرىمگە قارىتا يۈز تۇرانە ھالدا «ئاخبارات تىلى ئېغىر» دەپ پىكىر بەرگۈچىلەرنىڭ ئىككىنچىسى سىز بولدىڭىز. مەن بۇ پىكىرنى سىزدىن ئاڭلىغاندا تېخىمۇ خۇشال بولدۇم. چۈنكى، «دوست ئاغرىتىپ ئېيتىدۇ». مەن دوستىنىڭ سۆزىگە ئەڭ ئېتىبار قىلىدىغانلار جۈملىسىدىن، مېنىڭ بۇ يېتەرسىزلىكىمنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە قۇربىم يېتىدۇ.

11. سىز كىملەرنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپرەك ئوقۇيسىز؟ 2004 ـ يىلدىكى سىزنى ئەڭ خۇشال قىلغان ئىش قايسى؟ ئەڭ خاپا قىلغان ئىشچۇ؟ ئادەم دېڭىزغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى، دېڭىزنىڭ ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ نەچچە ھەسسە بۈيۈك ۋە چوڭلۇقنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. سىز مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش مۇساپىسى جەريانىدا يەنە نېمىلەرنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلدىڭىز؟

بۇ مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك سوئال

بولدى. چۈنكى، مەن ئادەتتە خۇشاللىق بىلەن قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇغان كىتابتىن ھۇزۇر، قانائەت ھاسىل قىلىمسام ئۆزۈمنى ئالدانغاندەك ھېس قىلىمەن، شۇ كىتابنىڭ ئاپتورىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالىمەن. ھەتتا خاپا بولىمەن. شەخسەن ئۆزۈمنىڭ ئەڭ قورقىدىغان ئىشىمۇ، خام، ناچار ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى ئالداپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قېلىش. شۇڭا، كىتابنى ئىمكانقەدەر تاللاپ ئوقۇيمەن. ئۆزىمىزنىڭ ئەدىبلىرىمىزدىن زوردۇن سابىر (ئەپەندىم جەننەتتىمۇ بەدىئىي دېتىدىن قالمىغاي)، مەمتىمىن ھوشۇر، ئەختەم ئۆمەر، توختى ئايۇپ، نۇرمۇھەممەت توختى، ئابدۇقادىر جالالىدىن، مۇھەممەت باغراش، خالىدە ئىسرائىل قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، ياش يازغۇچىلاردىن ياسىنجان سادىق، تۇرسۇنجان مۇھەممەت، رىزۋانگۈل يۈسۈپ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قالدۇرماي ئوقۇيمەن، ئادىلجان تۇنىيازنىڭ شېئىرلىرىغا ئاشىق. مەن ئىسرىگە قىزىقىدىغان يەنە بىر بۆلەك ياش ئاپتورلار بار. ئۆتكەن يىلى مېنى يەنە تېبەت يازغۇچىسى ئالەينىڭ «چاڭ ـ توزان بېسىققاندا» ناملىق رومانى كۆپتىن ـ كۆپ ئويلاندۇردى. ئامېرىكا يازغۇچىسى ئالېكىس. خارىنىڭ ئىككى توملۇق «يىلتىز» ناملىق رومانى ئەينى چاغدا تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى كۆرگەندىكىدەك قاتتىق تەسىرلەندۇردى. شۇنىڭدەك ماڭا يازغۇچى ئۈچۈن رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۇرۇش ئۈچۈن قانداق ئىزدىنىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۇرۇپ قويدى.

2004 ـ يىل مېنى ئەڭ خۇشال قىلغان ئىش مەن سىز ئېيتقاندەك تۇيۇقسىز «پەيدا بولدۇم». ياسىنجان سادىق ئېيتقاندەك «ئۆزۈمنى تونۇدۇم».

مەن ئىجادىيەت دېڭىزىدا ئۈزۈپ كېتىۋېتىپ دېڭىزنىڭ ئويلىغىنىمدىن نەچچە ھەسسە بۈيۈك ۋە چوڭقۇرلۇقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم. بىر باشقا چىقىش ئۈچۈن ھېرىپ ـ چارچاشتىن، يىرتقۇچ يۇسۇنلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قورقماسلىقتا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىلمەس كۈچ ـ قۇدرەت بولۇش كېرەك. شۇ تاپتا، كۆرسىتىپ ئۆتكىنىڭىزدەك كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىم، يېتەرسىزلىكلىرىم مانا مەن دەپ ئاشكارا بولۇۋاتىدۇ. مەن كۆز ئالدىمدىكى مۈشكۈل سەپەرنى غەلىبىلىك بېسىش ئۈچۈن، ئالدىمدا يىراقلاپ كەتكەن غەۋۋاسلارنىڭ پالاق ئۇرۇشىغا دىققەت قىلىشىم، ئۆگىنىشىم، بىر تەرەپتىن، ئۈچۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈزۈش ماھارىتىنى تولۇق يېتىلدۇرۇشۇم لازىملىقىنى ھېس قىلدىم. ئوچۇق قىلىپ ئېيتسام، تىلىمىزنىڭ گراماتىكىلىق قائىدىلىرى، لوگىكا، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى جەھەتتە بىلىمىمنىڭ كۆپ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيەت داۋامىدا بۇ جەھەتلەردىكى بىلىمىمنى تولۇقلاش بىلەن بىرگە، پېرسوناژلىرىمنىڭ تاشقى دۇنياسىدىن، يۈزەكى ئوي ـ پىكىرلىرىدىن ئىچكى دۇنياسىغا، كىشىلىك تۇيغۇلىرىغا قاراپ ئىلگىرىلەيمەن.

12. بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيەت پىلانلىرىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز!

بۇ ھەم ئۇزاق، ھەم مۈشكۈل بىر سەپەر. ئالدىنقىلار بىزگە بىرمۇنچە ئېسىل ئىجادىي بايلىقلارنى قالدۇرۇپمۇ ئارماندا كەتتى. ئەجدادلارنىڭ ئارمىنى ئەۋلادلارنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچى. يېقىندا «تۈزۈشنامە» ناملىق پوۋېستلار توپلىمىمنى نەشرىياتقا تاپشۇرىدىغانلىقىمدىن باشقا ئارتۇق سۆزلىگۈم يوق. كەچۈرۈڭ، ئەمدى قەلب يارامنى تاتىلىماڭ، مەن ئىجاد ـ مېھنەتسىز ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ يەتتە يىل ـــ 2555 كۈنۈمگە يۈز كېلەلمەيمەن. بىلىمەن، ئۆتۈپ كەتكەن كۈننىڭ ئورنىنى تولدۇرماق ئاسان ئەمەس. ئەمما مەن تىرىشىمەن.

13. كىتابخانلارغا دەيدىغان يۈرەك سۆزىڭىز بارمۇ؟

تۈگىمەس يۈرەك سۆزۈم بار. شۇڭا بۇ بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ، ئۆگۈنمۇ ئىندىنىمۇ تۈگەيدىغان سۆز ئەمەس. مېنىڭ سۆزلىرىمنى «قۇياشقىز»، «ئەمەت ئەلەمشاھ»، «تاشتۆمۈراخۇن»، «يۇمشاق يۇسۇۋاخۇن»، «ھەمراخان ئانا»، «قېمىزخان»، «زەيتۇنىخان»لار (بۇ ئاپتورنىڭ كونا ـ يېڭى ھېكايىلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىسىملىرى) كىتابخانلىرىمغا سۆزلەپ بەرگىلى كەتتى ھەم كېتىۋاتىدۇ. مەن ئۇبدانراق كۈنگە ئېرىشىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئويلىمىغان بەختسىزلىكلەرنى بېشىدىن كۆچۈرۈۋاتقان ئاشۇ ئاددىي كىشىلىرىم ئارقىلىق يۈرەك سۆزلىرىمنى كىتابخانلارغا توختىماي دەيمەن!

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تەشۋىقات بۆلۈمىدە)

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت



ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن

# تارىخنىڭ بەدئىي كۆرگۈسى

## «جاللات خېنىم» رومانى توغرىسىدا

NEW JADE LITERATURE

تارىخىمىزنىڭ نازۇك قەلبلەرگە رېئاكسىيە قىلدۇرىدىغان قان ـ ياشلىق سەھىپىلىرىنى، ئىبرەتلىك تەكرار تىراگېدىيىلەر بىلەن تولغان ئاچچىق قۇرلىرىنى داۋاملىق ۋاراقلاشقا قەلب ياپراقلىرىم تىترەپ كېتىدىغان بولۇپ قالغان مۇشۇ كۈنلەردە، چەكسىز قىزىقىش ۋە ئاچچىق ئىزتىراپ ئىچىدە ياسىنجان سادىقنىڭ «جاللات خېنىم» ناملىق رومانىنى ئوقۇپ چىقتىم. ئىچىم شۇ قەدەر ئاچچىق بولدى. بىر دەۋرنىڭ، بىر سەلتەنەتنىڭ، بىر ئوتتۇرا ئەسىر ئىمپىرىيەسىنىڭ شانلىق سەلتەنىتى ۋە ھالاكەتلىك تەقدىرىنى، بىر ئەلنىڭ تەپەككۇرى، ئېتىقادى، بىر دەۋرنىڭ تارىخىنىلا ئەمەس، بەلكى پەلسەپىسىنىمۇ ئۆزىگە مەزمۇن قىلغان بۇ رومان مېنى ناھايىتى جەلپ قىلدى. شۇ تاپتا ئېڭىمدىكى ماكان ۋە زامان ئۇقۇمى پۈتۈنلەي يوقۇلۇپ، ۋاقىت ماشىنىسى بۇنىڭدىن تۆت ئەسىر مۇقەددەمكى تارىم ۋادىسىدىكى سەلتەنەتلىك سۇلالىلار، قانلىق جەڭگاھلار قايىنىمىدا سەيىر قىلماقتا ئىدى. تۈن نىسبىدە كىتابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇرلىرىنى ئوقۇپ تۈگۈتۈپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم. خەير مۆھتەرەم جاللات خېنىم، خەير سەلتەنەتلىك سەئىدىيە. بېشىمنى كۆتۈرگىنىمدە 21 ـ ئەسىرنىڭ قايناق ھايات مۇھىتىدا ياشاۋېتىپتىمەن، ئالدىمدا بىر كومپيۇتېر، دەرىزىدىن سىرتقا قارىدىم، قايسىدۇر بىر دىبا (ئېلېكترونلۇق تۈنەك)دىن ئاڭلانغان غەربچە جاز مۇزىكىسىنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازى مەن كىتاب قۇرلىرى ئارقىلىق چوڭقۇر چۆكۈپ كەتكەن سەئىدىيە تەسەۋۋۇرى زېھنىمدا ياڭرىغان سۈپى ـ زاھىدلارنىڭ جەررە ـ ساما، زىكرى ـ ھۆكمەت ھەلقۇملىرىغا ئوخشاش قۇلاق تۈۋىمدە ياڭرىماقتا ئىدى. ھەي... ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋەتتىم. ئۆزۈمنىڭ سەئىدىيە سەركەردىسى ئەمەس، بەلكى 21 ـ ئەسىرنىڭ بىر غېرىب زىيالىيچىقى ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. تورۇسقا بېقىپ تەپەككۇر ئارقىلىق رومانىنى قايتىدىن ھەزىم قىلىشقا باشلىدىم. «پىكىرلىرىدا ئەسىرلەرنىڭ، دەۋرلەرنىڭ مەنزىرىسىگە نەزەر تاشلىغانلار، تارىخ مەنتىقىسىنىڭ ئاجايىپ خۇلاسىسىنى كۆرىسىلەر، قەھرىمانلار، ھۆكۈمدارلار، جاھاندارلارنىڭ ئۆمرى بولغانغا ئوخشاش دۆلەت ۋە سەلتەنەتنىڭ، خانلىقلار ۋە سۇلالىلەرنىڭمۇ ئۆمرى بولىدۇ.» (ئايبېك)

سەئىدىيە خانلىقى شجائەت ۋە ھىممەت بابىدا يەكتا سۇلتان سەئىدخاننىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى چاغاتاي خانلىقى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى سەھنىسىدە مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، مىللەتلەرنىڭ ھەرىكەتچان سەھنىسى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئۇيغۇرلىشىش مۇساپىسىنى ناھايىتى تېزلەشتۈرۈپ، مۇكەممەل بىر مىللىي گەۋدىنىڭ روياپىنى مەيدانغا كەلتۈرگەنىدى. تارىخ قۇرلىرىمىزنىڭ سەئىدخان باشلاپ بەرگەن ئەنە شۇ يەركەن سەئىدىيە بەتلىرىنىڭ دەسلەپكى بابلىرى يۈكسەك سەلتەنەت، ئالەمشۇمۇل ماددىي مەئىشەت، ئەھلى رەئىيەتتىكى مول پاراۋانلىق، ئەدلۇ ـ ئادالەتتىكى غايەت زور

گۈللىنىش ۋە ئىلىم مەرىپەتتىكى مىسلىسىز سەكرەش بىلەن خاراكتېرلەندى. ئەمما كېيىنكى بابلىرى بولسا ئىلمۇ مەرىپەت، روھانىيەتچىلىك بىلەن، ئەھلى ئالىملار سوپى- زاھىتلار بىلەن، ئىلمىي مۇتائىلىيە جەھرۇ- ساما بىلەن، مەدرىسلەر خاناقالار بىلەن، نەزەرىيىۋى تەپەككۇر تەركى دۇنيا خامۇشلۇقى بىلەن، كىتاب ۋە كىتابخانىلار مازارى- ماشايىخ تاۋاپچىلىقى بىلەن ئورۇن ئالماشتى. تارىم ۋادىسىنىڭ مەنىۋى ئېكولوگىيىسى قويۇق روھانىيەتچىلىك تۇمانلىرى بىلەن قاپلاندى. بۇ ۋاقىتلاردا سوپىزم زاھىتلىرى پۈتكۈل سەئىدىيە تەسەررۇپىدىكى زېمىنلارنى دەھشەتلىك نىزا، تەپرىق، خانۇ ۋەيرانچىلىق دەشتىگە تاشلىدى. تارىم ۋادىسىنىڭ گۈللەنگەن روھىيەت بوشلۇقىغا زۇلمەت يېپىنچىسى يېپىلدى. كاللا مۇنارلىرى، قان دېڭىزلىرى، ئاسماننى قاپلىغان ئوت بورانلىرى ۋە تەركى دۇنياچىلىق خاھىشلىرى ...كېيىنكى سەئىدىيە تەسەررۇپىنىڭ خاراكتېرىستىكىسى بولۇپ قالدى. ئۇرخۇن دەۋرىدە ئۆتۈكەن ۋادىسى، قارا بالاساغۇن، قاراخانىلار ۋە ئىدىقۇت دەۋرىدە قەشقەر، بالاساغۇن ۋە تۇرپان، سەئىدىيە دەۋرىدە يەكەن ۋە قەشقەر تارىمنىڭ مەدەنىيەت ئوچاقلىرىغا ئايلىنىپ، تارىخنىڭ ئىپتىخارلىق سەھىپىلىرىگە ئاجايىپ رەڭدار نەقىشلەرنى ئويغىدى. ئەمما كېيىنچە ئاشۇ مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بولغان قەشقەر ۋە يەكەندە بىر گورۇھ جاھىل سوپى- زاھىتلار ئۇۋۇلاپ بۇ ئۇلۇغ ماكانلار ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقتىن ئىبارەت ئىككى گورۇھ سوپى- زاھىتلارنىڭ ئۆزئارا تەرەپبازلىق ئۇرۇش ئىستېھكاملىرىغا ئايلاندى. سەئىدىيەنىڭ كېيىنكى خانلىرى بولسا، مانا مۇشۇ ئىككى گورۇھ سوپى- زاھىتلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇرەسسە، ماداراچىسى ھەمدە ئىككى گورۇھنىڭ ئۆز تەسىرىنى نامايىش قىلىدىغان سىياسىي تېمپىراتېرىنىڭ سىماپ تۈۋرۈكىگە ئايلاندى. ئاخىرىدا مۇشۇ ئىككى گورۇھ ئوتتۇرىسىدىكى تۈگىمەس پىرقە ئۇرۇشلىرى ۋە ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇش كۈرەشلىرى قايىنىمىدا گاھ لەيلەپ، گاھ چۆكۈپ ئەڭ ئاخىرى ئاق تاغلىق غوجىلارنىڭ باشلامچىسى، جاھالەتنىڭ ھامىيسى، تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەتنىڭ ئاسىيسى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قاتىلى، ئۇيغۇر تارىخى ئىزلىرىنى يوقاتقۇچى ئەشەددى مىللىي مۇناپىق ئاپاق غوجىنىڭ تاشقى دۈشمەنلەرنى باشلاپ كېلىپ، ئىچى- تېشىدىن ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىشى بىلەن تارىخ سەھنىسىدىن غۇلاپ چۈشتى.

بۇ كىتاب مانا مۇشۇ مۇرەككەپ تارىخىي ۋەزىيەتنى ئۆزىگە كۆزنەك قىلىپ تۇرۇپ، سەئىدىيەنىڭ ئاخىرقى ئۆركىشى ۋە كېيىنكى ھالاكىتى ئارقىلىق پۈتكۈل سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىي ئومۇرتقىسىنى بەدىئىي ۋاسىتە ئارقىلىق نامايان قىلغان ھەمدە مىللىتىمىزدىكى پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ ئورنىنى سۈلۈك، مەزھەپچىلىك قاپلاپ ئېغىر پەلسەپە نامراتچىلىقىدا، تەپەككۇر كىرزىسىدا ئۆز تەقدىرىمىزنى دوغا تىكىۋاتقان مۇھىتنى يورۇتۇپ بەرگەن. مەن بۇ يەردە كىتابنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ئۈستىدە توختالمايمەن، چۈنكى بۇ بىر تارىخىي رومان، تارىخىي رومان تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي توقۇلمىنىڭ سەنئەتلىك بىرىكىشىنى ۋايىغا يەتكۈزسە، مەزمۇن مۇۋەپپەقىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ياسىنجان سادىقنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھەققەتەن مۆلچەرلىگۈسىز. «ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخىي نۇرغۇنلىغان شان- شۆھرەت بىلەن تولغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە نۇرغۇن داغلارنىمۇ يوشۇرغان بولىدۇ. ناۋادا پەخىرلىنىش بىلەن يۈيۈشنىڭ بىرلىكى بولمايدىغان بولسا، بۇ ھەقتە پەلسەپىۋى ئەقلى يەكۈن چىقىرىلمايدىغان بولسا، بۇ ئالدى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ مەنىۋى ئاساسىنى يوقاتقانلىق بولىدۇ» (ئابدۇقادىر جالالىدىن). رومان بىزگە تارىخىمىزنىڭ تۆت ئەسىر مۇقەددەمكى ئەنە شۇ شان- شۆھرەت ۋە داغلىرىنى ناھايىتى ياخشى يورۇتۇپ بەرگەن.

تارىخىمىز قېزىلىۋاتقان بىر كونا خارابىلىققا ئوخشايدۇ، ئۇ قوپال كەتمەنلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى نازۇك ئەسۋابلار ۋە پەلكۈچلەر بىلەن سۈرتىلىپ ئېچىلىدىغان خارابىلىقتۇر. نۇرغۇنلىغان ئەدىب، ئالىملىرىمىز تەرىپىدىن

يازغۇچى تۇردى ئەھمەت «سارالى بولىۋالغان ئوغرى» ناملىق كىتابىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

تارىخىمىزنىڭ يىلنامىگە يوشۇرۇنغان تارىخىي
پوستى نامايان بولىۋاتىدۇ. 90 ـ يىللاردىن بۇيان
تارىخىي تېمىدىكى رومانلار ئارقا ـ ئارقىدىن
ۋۇجۇتقا كېلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئۆز تارىخىغا
بولغان ئوتتەك تەشنالىقى قاندۇرۇلۇش بىلەن
بىرگە، تارىخىمىزنىڭ پۈتكۈل گەۋدىسى بەدىئىي
يوسۇندا كىتاب يۈزىدە ئەكس ئېتىلىشتىن ئى-
بارەت غايەت زور ئەمگەك ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان
ئەدەبىياتىنىڭ، ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ بىر
غەلىبىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى-
دىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر «ئەدەبىيات ـ
سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋر»نى ياراتتى
(ناۋادا شۇنداق ئاتاشقا بولسا، گەرچە ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك ۋە باشقا چەت ئەل خەلقلىرى كۆپ
قىسىملىق تارىخىي تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى
ئارقىلىق ئۆز تارىخىنى سىن يۈزىدە يورۇتۇپ
بولغان بولسىمۇ). بىر قىسىم تارىخىي دەۋرلەر
ئوخشاش بولمىغان ئاپتورلار تەرىپىدىن ئوخ-
شاش بولمىغان بەدىئىي ماھارەت، ئوخشاش
بولمىغان تىل ۋە ئۇسلۇبتا يورۇتۇلۇپ، تەرەققىي
تاپقان ئەللەردىكى بىرخىل مەزمۇندىن كۆپ
خىل شەكىلدە زوق ئېلىشتەك ۋەزىيەت مەيدانغا
كېلىۋاتىدۇ. يەكەندە سەنئەتىيە دەۋرىنى مەزمۇن
قىلغان كۆپ خىل بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ مەي-
دانغا كېلىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ئۇيغۇر
رومانچىلىقىمۇ تارىخىي تېمىنى ئاساس قىلغان
ھالدا پەللىمۇپەللە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بارغان-
سېرى يىرىك ۋە جەلپكار ئەسەرلەر ئارقا ـ ئار-
قىدىن مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. 80 ـ يىللار ۋە 90 ـ
يىللارنىڭ باشلىرىدا «ئويغانغان زېمىن» روما-
نىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇر تارىخىي رومان-
چىلىق ساھەسىدىكى پەۋقۇلئاددە زور مۇۋەپپە-
قىيىتى بىلەن «ئويغانغان زېمىن» قىزغىنلىقى
ھادىسىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەندى. 90 ـ يىل-
لارنىڭ ئاخىرى «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق
ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى (گەرچە بۇ بەدىئىي
ئەسەر بولمىسىمۇ) مەمتىلى ئەپەندى قىزغىنـ-
لىقىنى قوزغىۋەتتى. دانىشمەنلەر: «بورۇنقى
دولقۇننى كېيىنكى دولقۇن بېسىپ چۈشىدۇ،
تاغ كەينىدە تاغ بار» دەيدۇ. ياسىنجان سادىقنىڭ
«جاللات خېنىم» رومانى مەيدانغا كەلتۈرگەن
مۇۋەپپەقىيەتنى ئۇيغۇر تارىخىي رومانچىلىق
ساھەسىدىكى يەنىمۇ سەكرىمش خاراكتېرلىك بىر
پەللە دېيىشكە تامامەن بولىدۇ.

بۇ تارىخىي رومان بولۇش سۈپىتى بىلەن،
تارىخنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا شۇڭغۇش
جەھەتتىكى چوڭقۇرلىقى ۋە يورۇتۇپ بېرىلگەن
تارىخىي كەڭلىك ھەمدە بۇ كەڭلىكنىڭ يۇقى-
رى بەدىئىي ماھارەت بىلەن جۇلالىنىشى مېنى
ھەيرەتتە قالدۇردى. بۇ يەردە ئۇيغۇر تارىخىي
رومانچىلىقىنىڭ باشلامچىسى بولغان ئۇلۇغ ئا-
لىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەس-
لەپ ئۆتۈشكە بولىدۇ: «تارىخ تېمىسىدا يېزىل-
غان ئەسەر چىن مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا،
ھەم ھەقىقىي تارىخ، ھەم بەدىئىي ئەسەر بولۇشى
كېرەك، يەنى تارىخشۇناسلىق بىلەن رومانچىلىق
سەنئىتىنىڭ جانلىق بىرىكمىسى بولالىشى،
ھەممىدىن ئاۋۋال تارىخىي چىنلىقنى ئاساس-
ئالدىنقى شەرت قىلىشى لازىم، مۇنداق ئەسەر
مۇئەللىپتىن تارىخ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كى-
رىشنى ۋە تارىخ ئىچىدىن قاڭقىپ چىقىش ما-
ھارىتىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.» روماندا «-
جاللات خېنىم» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان
مۆھتىرەم خېنىمدىن ئىبارەت بۇ رېئال تارىخىي
شەخسنى كەڭ دائىرىدىكى تارىخىي ماكان ئى-
چىگە قويغان بولۇپ، شۇ نام ئاستىدا ئەكس
ئەتتۈرگەن تارىخىي رېئاللىق ئەسەر ماۋزۇسى ۋە
نىشانىدىن كۆپ دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن.
مۇنداقچە ئېيتقاندا، تارىخىي شەخس مۆھتەرەم
خېنىم پائالىيەت ئېلىپ بارغان مىلادى 1666 ـ
يىلىدىن تارتىپ، تاكى 1700 ـ يىلغىچە بولغان
قىسقىغىنە بىر دەۋرگە پۈتكۈل سەئىدىيە روھى
ۋە پەلسەپىسى سىغدۇرۇلغان ھەمدە بۇ تارىخىي
قىممەت بىلەن بەدىئىي قىممەتنىڭ، تارىخىي
چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ ماس قە-
دەمدىكى پاراللېل ئورۇنغا قويۇلۇشى ئارقىلىق
ئەمەلگە ئاشقان.

روماندا يەنە ئاپتور ئوبراز يارىتىش جە-
ھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. تارىخىي
تەزكىرىلەر تارىخنىڭ يىلنامىسى ۋە پوستىغا
باشلايدۇ، بەدىئىي تارىخلار بولسا تارىخنىڭ رو-
ھىي زېمىنلىرىگە باشلايدۇ، كىتابخانلارنى خى-

يالىي چۈش كەبى تارىخ زامانلىرىنىڭ زۇلمەت ۋە سەلتەنەتلىرىدە سەير قىلدۇرىدۇ، تارىخىي شەخسلەر بىلەن ئۈنسىز پىچىرلاشتۇرىدۇ. يازغۇچى ئۆز تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ئاشۇ باقىي روھلار ئالىمىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئاشۇ تارىخىي شەخسنىڭ ئوي ـ پىكرى بىلەن ئەينى تارىخىي شەخسنىڭ ئوي ـ پىكىر ۋە مەدەنىيەت دۇنياسى خۇددى ئىككى ئالىقاندەك سىممېترىك چۈشمەيدۇ. ئەمما شەخسكە تارىخ ئەڭ ئادىل باھا بېرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، تارىخىي شەخسلەرنى بەدىئىي ئەدەبىيات مۇنبىرىدە قايتا نامايان قىلىش ـ ئەدەبىياتنىڭ بۇرچىدۇر.

سىيت نوچىنىڭ روھىي ئەرۋاھى ئىجابىي ـ سەلبىي جەھەتتە ھازىرغىچە سۆرىلىپ تۇرغانغا ئوخشاش بەزىلىرىمىز خۇجىنىياز ھاجىدىن ئىپتىخارلانساق، بەزىلىرىمىز سۆكىۋاتماقتىمىز. مىللەت تارىخىدىكى قەھرىمانلارنى ئوبراز شەكلىدە خەلقىمىز ۋۇجۇدىدا تۇرغۇزۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، پەقەت ئۇلارنىڭ ھايات تەھلىلى ۋە قېلىپلىشىپ كەتكەن سەرگۈزەشتە شەكلىدىكى ئىبارىلەر قايىنىمىدىن ھالقىيالمايۋاتىمىز. گەرچە «جاللات خېنىم» رومانىدىمۇ بۇ تەرەپلەردىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما تارىخىي شەخسلەر تارىخىي نۇقتىدىن ئۆزگىچە باھاغا ئېرىشكەن. بىزنىڭ تارىخ ماتېرىياللاردىن كۆرگەن مۇھەممەت ئىمىن باھادىرخاننىڭ سىڭلىسى خوجى ئاپاقنىڭ ئايالى جاللات خېنىم قېلىچىدىن قان تېمىپ تۇرغان بىر ياۋۇز ئايال ئىدى. ئەمما روماندا تەسۋىرلەنگەن جاللات خېنىم كىشىگە باتۇر ۋە غەيۇر ئىپارخاننىڭ سىماسىنى ئەسلىتىدۇ. شۇنداقلا قان تامغان قېلىچنى تۇتقان قوللارنىڭ ھەممىسى ياۋۇز ئەمەسلىكىنى، بەزىدە قاننىڭ روھنىڭ قۇرۇق يۇيۇش ماشىنىسى ئىكەنلىكىنى، بىر قىسىم سۇدا ۋە ھېچ قانداق نەرسە بىلەن يۇيۇپ بولغىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى قان ئارقىلىق يۇيۇشقا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇنداق، «مىڭ غوجا يىغىلىقى»دا مۆھتەرەم خېنىم قېلىچىدىن تۆكۈلگىنى سوپىلارنىڭ قېنى ئەمەس، بەلكى سەئىدىيەنىڭ ئاچچىق قەھرى ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ روماندا جاللات خېنىم ئوبرازىغا قايتىدىن نەزەر سېلىنىپ، تارىختىكى بۇ رېئال شەخس قايتىدىن باھاغا ئېرىشتى. كەڭ كىتابخانلار ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئالدىدا جاللات خېنىم باشقا بىر ئادەم بولۇپ، قايتا ئوتتۇرىغا چىقتى. بەلكىم ئالىم ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن: «تارىخ پېنى تېخى ياش، ئۇ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىي گۇمانىستىك روھتىكى ئالەمشۇمۇل تەپەككۇر مىزانى بىلەن قايتا مۇھاكىمە قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا» دەپ ھەسرەت چېكىشىدە تارىخنىڭ بۇ تەرەپلىرىنىمۇ كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. تارىخىي بايانلاردا جاللات خېنىمنىڭ بىر سىڭلىسىنى غەزەل توقۇپ، شېئىر ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن قىزىتىلغان قايناق سۇغا تاشلاپ ياشلىق ھاياتىنى نابۇت قىلغانلىقىدەك بىر تارىخىي ۋەقەنىڭ كۆلەڭگۈسىنى كۆرەلەيمىز. بۇ تەرەپلەر توغرىسىدا ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە يەنە ئەپسۇسلۇق ئىچىدە شۇنىمۇ قەيت قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ. روماندا كۆپ قىرلىقتا ئىگە قىلىنغان خانىم پادىشاھ ئوبرازى گەرچە بىزگە تۇمارىسنىڭ قەھرىمانلىقىنى، ئىپارخاننىڭ جاسارىتىنى، «يەتتە قىزلىرىم» نىڭ باھادىرلىقىنى، نۇزۇگۇمنىڭ قەيسەرلىكىنى ئەسلىتىپ، تارىخىمىزدىكى خانىم ـ قىزلىرىمىزنىڭ يۈكسەك قەيسەرلىك، باتۇرلۇق روھىنى تولۇق نامايان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بىر ئوبرازنى شۇنچە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ بولۇپ، ئۇنى ئاسانلا ئەشەددىي رەقىپكە نىكاھلاپ قويغان ياسىنغان سادىقتا شۇ قەدەر ئاچچىغىم كەلدى. گەرچە بۇ تارىخنىڭ رېئاللىقى ھەمدە ئۆز ئىرادىمىزگە ئاساسەن ئۆزگەرتىشكە بولىدىغان توقۇلما ۋەقەلەر تىزمىسى بولمىسىمۇ، ئەمما ئەسەرنىڭ باشتىن ـ ئاخىر خانىم سەئىدىيەنىڭ ئىككى قېتىملىق چوڭ مەشھۇر سۇلتانلىرى ھۇزۇرىدا تۇرۇپ، مەيلى ئوردا كېڭەشلىرى ۋەياكى قانلىق جەڭگاھلاردا بولمىسۇن، ھىدايىتۇللا غوجا ئاپئاققا ئەڭ قەسەرلىك بىلەن چىش يېرىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن ھەمدە ھەر قېتىملىق ھىدايىتۇللاغا قارشى جەڭلەرگە ئىزچىل قاتنىشىپ ئۆزىنى چېنىقتۇرغان. پۈتۈن ۋۇجۇدى، قان ـ قېنى ئىرادىسىگە ھىدايىتۇللا باشچىلىقىدىكى سوپى

سۇلۇكلەرگە قارشى نەپرەتنى يېتىلدۇرگەن بىر ئوبرازنىڭ ئاسانلا كېيىن ئەنە شۇ ئەشەددى دۈشمەننىڭ قوينىغا كىرىپ قېلىشى مېنى ئېچىندۇردى. گەرچە بىر دوستۇم مەسخىرىلىك كىنايە قىلىپ: «ئاياللارنىڭ ئاخىرقى تەرجىمىھالى، يەنىلا ئەرگە تېگىش، خالاس» دېگەن بولسىمۇ، ياسىنجان سادىقنىڭ قەلىمىدىن ئاغرىنىدىم، باشقا كىتابخانلارنىڭ نازۇك قەلبىگىمۇ بۇنىڭ ئېغىر كەلگەنلىكى ئېنىق، ياسىنجان مۆھتەرەم خېنىمغىلا ئەمەس، كىتابخانلارنىڭمۇ دىلىنى سالقىن شامال بىلەن غەش قىلدى. چۈنكى كىتابنىڭ ئالدىنقى بابىدىنمۇ بۇخىل قىسمەتنىڭ ھېچقانداق پۇرىقىنى تاپقىلى بولمايدۇ. شۇنداقكەن، كىتابخانلارغا بۇخىل رېئاللىقنى تۇيۇقسىزلا قوبۇل قىلىش ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. مۆھتەرەم خېنىممۇ بىر يېتۈك ئوبراز، باتۇر قىز بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇ بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن قانلىق جەڭگاھ قوينىدا ھېچ بولمىغاندا بىرەر باتۇر سەرگەردىگىمۇ بولسا ياشلىق تۇيغۇلىرى بىلەن قىزىققان ياكى شۇل سەركەردە شېھىتلىق ئالىي مۇقامىغا يېتىپ قېلىشى سەۋەبلىك ھىجران دەشتلىرىگە تاشلىنىپ، قەلبىدىكى مۇھەببەت گۈلخانلىرىنى ئەبەدىيلىك سۆكۆتكە كۆمگەن بولغىيدى ۋەياكى سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئاپئاق غوجا بىلەن نىكاھلانغان بولسىمۇ، قەلب قەسرىنىڭ پىنھان جايلىرىغا بىر ئاچچىق ھىجراننى يوشۇرغان بولغىيدى. بۇ توغرىسىدا ياسىنجان ئاكىنىڭ تەسەۋۋۇر قەلىمىنىڭ ئەجەب پەرۋاسىز قېلىشى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ ھەمدە بۇخىل ئەھۋال كىشى ئېگىدا شۇنچە كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆزىگە سىغدۇرغان «جاللات خېنىم» رومانىدىكى باش پېرسوناژ مۆھتەرەم خېنىم ئوبرازىنىڭ ئۆز خاسلىقىنىڭ تولۇق نامايان قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزگەن بىر بوشلۇق بولۇپ قالدىمۇ قانداق؟!. دېگەن سوئاللارنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا رومانىدا تەسۋىرلەنگەن گۆمانخور، قىزىق قان، ئەمما ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا ئېپى بار سىياسىيون ئابدۇللاخان ئوبرازى، ساددا، ئاقكۆڭۈل سەئىدىيە خان ئەۋلادى ئىسمايىلخان ئوبرازلىرىمۇ كىشىنى قايىل قىلىدۇ. رومان ئارقىلىق بۇ خانلار ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت، جەمئىيەت، ئېتىقاد، دۇنيا قاراشلىرى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى خان، پادىشاھلارنىڭ ئومۇمىي سىماسى سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. ئابدۇللاخاننىڭ ئىتتىكلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ قىز نەۋرىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى ھەمدە خوتىنىنىڭ نائېپى بولمىش يەنە بىر نەۋرىسىنىمۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇشى، ئوغلى يولۋاسخان ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ توغۇلۇشى ۋە بۇ ھەقتە ئابدۇللاخاننىڭ مۇرەككەپ ئوي ـ خىياللىرى ئىسمايىلخاننىڭ خاننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشماي تۇتۇلۇپ قالغان ھىدايىتۇللا غوجا ئاپئاقا تۇتقان يۇمشاق ۋە رەھىمدىللىك مۇئامىلىسى قاتارلىقلار بىزگە بۇ ئوبرازلارنىڭ تەسۋىرىنى تېخىمۇ چىن جۇلاندۇرۇپ بەرگەن.

روماننىڭ يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، رومانىدا ئاپتور بىر دەۋرنى شۇ دەۋرگە خاس بولغان تىل بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن. كىشى بۇ روماننى ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا، رومانىدا تىلىمىزنىڭ ئىمكانىيىتىدىن ئەڭ يۇقىرى چەكتە پايدىلىنىپ، ناھايىتى ئەركىن ۋە ئويناق ئىشلىتىلگەن بەدىئىي تىل كىشىگە خۇددى ئوتتۇرا ئەسىردىكى چاغاتاي تۈركچىسى تىرىلىپ قالغاندەك، بىر دەۋرنىڭ تىلى قايتىدىن سەزگۈ ئەزالارغا ئورنىشىۋاتقاندەك تەسىر بېرىدۇ ھەمدە رومانىدا ئىشلىتىلگەن تۈرلۈك تىل لەھجىلىرى، ھۆنەر ـ سەنئەت، ھەربىي ئىشلار ئاتالغۇلىرى... قاتارلىقلار تىلىمىزنىڭ لېكسىكولوگىيە بايلىقىنىڭ نەقەدەر موللىقىغا بولغان قايىللىق ھېسسىياتىمىزنى قوزغىماي قالمايدۇ. ئاخىرىدا ياسىنجان سادىق ئاكىنىڭ بۇ تىل ماھارىتى بىلەن سەئىدىيەنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى بەدىئىي يوسۇندا مەجمۇئە تۈسىدە يورۇتۇپ بېرىشكە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن)

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**



يۈسۈپجان نىياز ئەلقۇت

# دىسكوخانا ۋە قىرائەتخانىدىن تۇغۇلغان ئويلار...



ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيـ
لىشىشكە ئەگىشىپ، تەرەققىي قىلغان ئىقتىساد، بازار
ۋە رىقابەت خەلقىمىزنىڭ كالللىسىغا نۇرغۇن چىگىش
سوئالللارنى قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تەپەككۇرىدا
زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەزەلدىن داۋامـ
لىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى خاراكتېردىكى تىجارەت
ئەندىزىسى كۈنسايىن كۆچىيىۋاتقان، خىلللىشىۋاتقان،
مۇكەممەلللىشىۋاتقان تىجارەت مېخانىزمىغا ۋە سودا يېـ
ڭىلىقلىرىغا، شۇنىڭدەك، كەسكىن بازار رىقابىتىگە دۇچ
كېلىپ، ئۆز رولىنىڭ بۇ دەۋردىكى تىجارەت ۋە بازار
مۇھىتىغا ئەمدى ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئەلەم بىلەن
ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېرسىيەت
خاراكتېرىدىكى سودا ئەنئەنىسىگە ۋارسلىق قىلغان
خېلىلا ئىقتىدارلىق سودىگەرلىرىمىزمۇ بۇخىل سودا
ھادىسىسى ئالدىدا گاڭگىراپ، دەمالللىققا نېمە قىلارىنى
بىلەلمەي قېلىشتى. دۆلەتنىڭ پىلانلىق ئىگىلىكتىن
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشى بازار مۇـ
ھىتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، سودا، بازار مۇھـ
تىنى ئەنە شۇنداق جىددىيلەشتۈرىۋەتكەنىدى. لېكىن،
بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىز بۇنى ۋاقتىدا ھېس قىلالماي،
تېڭىرقىغان ھالدا دىققەت ـ نەزەرىنى ئۆزلىرىنىڭ تىـ
جارەت ئۇسۇلىغا تىكتى. خاتامۇ ـ ؟! ...ياق! ئۇلارنىڭ
تىجارەت ئۇسۇلى خاتا ئەمەس ئىدى. پەقەتلا ئەنئەنىۋى
يەككە ئىگىلىكتىكى تىجارەت ئۇسۇلى بۇ دەۋرگە ئەمدى
ماس كەلمەيتتى. بۇ نۇقتىنى تېزلا بايقىۋېلىشقان ئەـ
قىللىق سودىگەرلىرىمىز ئاددىي ھالدىكى يەككە ئىگىـ
لىكتىن قول ئۈزۈپ شىركەتلىشىشكە، كارخانىلىشىشقا
ۋە گورۇھلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. پارچە سېتىشتىن
توپ سېتىشقا، يۆتكەپ سېتىشتىن ئىشلەپچىقىرىپ
سېتىشقا، ئادەتتىكى ئاشخانا مۇلازىمىتىدىن ناخشا ـ
مۇزىكىلىق، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىنى ئالغان رېسـ
تۇران، ئارامگاھ، بەزمىخانىلارنى ئېچىشقىچە تەرەققىي
قىلدى. دەرۋەقە بۇخىل يۈزلىنىش ۋە تەرەققىيات سوـ
دىگەرلىرىمىزگە ئاز بولمىغان ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەرنى
ئېلىپ كەلدى. يەنە شۇنىڭدەك، بازار رىقابىتىنىڭ ھەـ
قىقەتەن رەھىمسىز ۋە كەسكىن بولىدىغانلىقىدىن ئىـ
بارەت بۇ ئاچچىق ھەقىقەتنىمۇ بىلىدۇرۇپ قويدى،
تەجرىبە ـ ساۋاقلار يەكۈنلەندى. كىشىلەرنىڭ كۆزى
رىقابەت كەسكىن بولسىمۇ، ئوڭايلىقچە زىيان تارتمايـ
دىغان يېمەك ـ ئىچمەك ساھەسى ۋە رېستۇران ئېچىشقا
تىكىلدى. بۇ ئۇلارنىڭ يەڭگىل تىجارەت ئۇسۇلىغىمۇ
ناھايىتى ئوبدان ماس كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلقىـ
مىزدە بىردىنلا رېستۇران ئېچىش قىزغىنلىقى قوزغىـ
لىپ كەتتى. ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىپ چىققان بۇ «ـ
شامال» ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ۋىـ
لايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلارغىچە
شىددەت بىلەن كېڭەيدى. گويا خەلقىمىزگە بۇنىڭدىن
باشقا تىجارەت قالمىغاندەك ئىدى. بۇ خىل «شامال»
نىڭ زەربىسىدىن كەمىنە مۇئەللىپىنىڭ يۇرتى بولغان
XXناھىيىسىمۇ ئامان قالمىدى.

كەمىنە مۇئەللىپىنىڭ يۇرتى ئاران 180 مىڭلا نوـ
پۇسى بار كىچىكلا بىر ناھىيە. تېخى بۇ نوپۇسنىڭ %
80 تى دېھقان ـ چارۋىچىلار، % 20 تىنىڭ ئاز بىر قىسـ
مى مائاشلىقلار، قالغانلىرى بولسا كىچىك دائىرىدىكى
سودىگەرلەر، ئېلىپ ـ ساتارلار، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ۋە
بىكارچىلار ...شۇنداقلىقىغا قارىماي بۇ كىچىككىنە

ناھىيە بازىرىدىكى چوڭ ـ كىچىك رېستوران يەتمىشتىن ئاشىدۇ (بۇ رېستورانلارنىڭ ئۆزگەرتىلگەن ۋە كېڭەيتىلگەن نۇسخىلىرى بولغان ھەرخىل ئارامگاھ، بەزمىخانا، دىسكوخانا ۋە تورتخانىلار ...شۇنىڭدەك ھەرقايسى يېزىلاردىكى رېستورانلار يۇقىرىدىكى ستاتىستىكىمىزنىڭ سىرتىدا تۇرۇپتۇ). ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلىپ بولالمىغان مۇشۇنداق كىچىككىنە ناھىيىدە نېمە دېگەن كۆپ رېستوران ـ بۇ؟! ...مۇنچىۋالا كۆپ رېستورانلارغا كىرىپ يەپ ـ ئىچىپ ئوينايدىغان ئادەملەرمۇ بارمىدۇ؟! ...بۇ «رېستورانچى» ئادەملەر كۈندىلا يەپ ـ ئىچىپ ئوينىغۇدەك شۇنچىۋالا پۇلدارمىدۇ؟! ...دېگەندەك بىر قاتار سوئاللار ئىختىيارسىز كاللىمىزغا كىرىپ قالىدۇ. مەن بۇ سوئاللارنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن بۇ رېستورانلارنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقتىم. ھالبۇكى، ئەڭ خېرىدارسىز دېيىلگەن رېستوراندىمۇ ھېچ بولمىغاندا ئىككى ـ ئۈچ ئۈستەل ئادەم يەپ ـ ئىچىۋېتىپتۇ. رېستورانلاردا يەپ ـ ئىچىپ يۈرگەن بۇ كىشىلەرگە قاراپ نېمە ئۈچۈن رېستورانلارنىڭ چاشقاندەك ئاۋۇپ كېتىپ بارغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ساغرىمىزنىڭ بارا ـ بارا ئوچۇق قېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. مەزكۇر ماقالىنى يېزىپ بولاي دېگەندە ناھىيىمىزدە رېستورانغا ئالاقىدار مۇنداق ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. مەن بۇ ئىشلارنى ماقالىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىشقا ئازراقمۇ بولسا پايدىسى بولۇپ قالار دېگەن خىيالدا بۇ يەرگە قىستۇرۇپ قويدۇم.

ناھىيىمىزنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقان بۇ رېستورانلار بىر ـ بىرىنى رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىپ، باشقا رېستورانلارنىڭ خېرىدارلىرىنى ئۆز رېستورانىغا تارتىپ كېلىش ئۈچۈن بەزى «ئەقىللىق» خوجايىنلار ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە ئانچە ـ مۇنچە نامى چىقىپ قالغان ناخشىچى، مۇزىكانتلارنى يۇقىرى مائاش بىلەن رېستورانىغا چىللاپ كېلىپ، ئۆز رېستورانىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، ھاياتى كۈچىنى ئاشۇرماقچى بولۇشتى. ئۇلار ئالدى بىلەن بىر ـ ئىككى ئۈنئالغۇ لىنتىلىرىغا گىتار چېلىپ ئازراق نام چىقىرىپ قالغان ئاكا ـ ئۇكا سەرگەردان گىتارچىلارنى بۇ ناھىيىتىگە ئېلىپ كەلدى. ئارقىدىن بۇنى دورىغان يەنە بىرى «ئوينا سەنەم»، «ۋىسال» ...قاتارلىق VCD پىلاستىنكىسىنى چىقارغان، ھىندىستان كىنو چولپانلىرىنىڭ زىمىپانە مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ۋە ئاھاڭىنى ئۇيغۇرچىغا «ئۆز» لەشتۈرۈپ ناخشا ئېيتىشتا داڭ چىقىرىپ قالغان بىر غىتمەك ناخشىچىنى ئېيىغا 7000 (يەتتە مىڭ) يۈەنلىك يۇقىرى مائاش بىلەن تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، باشقا رېستورانلارنىڭ «رىزق»ىنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشمۇ «شامال» غا ئايلىنىپ كەتتى. بۇنىڭغا چىدىمىغان باشقا رېستوران خوجايىنلىرى ھالىغا يارىشا رېستوراندا بىر ئاي ناخشا ئېيتىپ بېرىش بەدىلىگە ياتاق، تاماق، بېرىپ ـ كېلىش كىرا ...قاتارلىق چىقىملارنى كۆتۈرۈپ ز.X.نى 7000 (يەتتە مىڭ) يۈەن، خ.X.نى 10000 (ئون مىڭ) يۈەن. م.X.نى 15000 (ئونبەش مىڭ). م.X.نى 20000 (يىگىرمە مىڭ) يۈەنگە ئېلىپ كېلىپ بۇلار بىلەن ئىستېمال ئېڭى تۆۋەن، نادان، ساددا خېرىدارلارنىڭ چولپانلارغا چوقۇنۇش پسىخىكىسىدىن پايدىلىنىپ، يانچۇقىدىكى پۇللارنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن سۇغۇرىۋېلىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە م. X بىلەن م. X ئۈرۈمچىدىن بۇ ناھىيىگە ئايروپىلان بىلەن كېلىپ، يەنە ئايروپىلان بىلەن كېتىدىكەن. مانا بۇ چىقىملارنى ئۇلارنى ياللىغان رېستوران خوجايىنلىرى توختامدا دېيىشكەن «ئىش» ھەققىنى تولۇق بەرگەندىن سىرت، يەنە تېخى بىرمۇنچە سوۋغا ـ سالاملار بىلەن «غىڭ» قىلماي كۆتىرىشى شەرت. چۈنكى بۇ ئىشلار توختاملىشىشتىن بۇرۇن دېيىشىپ بولغان ئىشلار. ئۇلار شۇڭا «غىڭ ـ پىڭ» قىلمايدۇ. تېخى يەنە بىر خوجايىن چوڭ گەپ قىلىپ:

—مەن ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنى ئېلىپ كېلىپ رېستورانىمدا بىر ئاي ناخشا ئېيتقۇزىمەن! —دەپ پو ئېتىپتۇ. بۇغۇ زەي سالماي پو ئاتقانلىق. ئابدۇللا ئابدۇرېھىمدەك سەنئەتنى پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارىمايدىغان ۋىجدانلىق بىر سەنئەتكار ھېلىقى خوجايىننىڭ ئىككى توك ـ توك پۇلىغا گول بولۇپ ئۇنىڭ رېستورانىغا كېلىپ ناخشا ئېيتمايدۇ. ئەگەر ئۇ پۇل ئۈچۈن رېستورانلاردا ناخشا ئېيتقان بولسا، بۈگۈنكى كۈندىكى ھەممە كىشى ياقتۇرىدىغان ئابدۇللا ئابدۇرېھىم بولالمىغان بولاتتى. يانفون سودىسى قىلىدىغان بىر ئاغىنەمنىڭ ئېيتىشىچە م. X ئۇنىڭ دۇكىنىغا كىرگەندە ئىككەيلەن بىلەن «ئاھۋال» لىشىپ قاپتۇ. م.X:

—XX لاۋبەن ئاغىنە باللىرىنى ئارىغا سېلىپ تۇرىۋالمىغان بولسا 20000 (يىگىرمە مىڭ) كويىنى دەپ جاپا تارتىپ بۇ يەرگە كەلمەيتتۇق. ئاغىنە باللارنىڭ «يۈز» دە ـ بۇ! —دەپتۇ، ماختىنىپ. دەرھەقىقەت، ناخ-

شا ـ ئۇسسۇل ۋە كىنو ئاكتىيورلىقى قاتارلىق كۆپ
قىرلىق سەنئەت تالانتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان
م. Xدەك ئىقتىدارلىق بىر سەنئەتكار ئاتايىن جاپا تارتىپ
ئۈرۈمچىدىن بۇ يەرگە كەلمىسىمۇ، گېزى كەلسە ئۈرۈم-
چىدە تۇرۇپمۇ بىر ئايدا 10 ــ 20 مىڭ يۈەن تاپالىشى
مۇمكىن. بىراق، بىر ئايدا 20000 (يىگىرمە مىڭ) يۈەنگە
ئىشلەش ئۇ كىشىنى تازا رازى قىلالمىسىمۇ يىلبويى
كەتمەن بىلەنلا ھەپىلىشىدىغان ئاشۇ جاپاكەش دېھقان-
لىرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر ئاي ئەمەس، بىر يىل،
ھەتتا ئون يىلدىمۇ نېسىپ بولمايدىغان پۇل بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. م. Xغا بىر ئاي ناخشا ئېيتىپ بېرىشى
ئۈچۈن يىگىرمە مىڭ يۈەن بەرگەن ئاشۇ رېستوران بىر
ئايدا شۇنچىلىك پۇل تاپالامدۇ؟! ...ئەلۋەتتە تاپىدۇ.
رېستوران خوجايىنلىرى ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ
كېلىشتىن بۇرۇن ئىنتايىن ئىنچىكە ھېساب ـ كىتاب
قىلىپ بېقىپ، ئالىدىغان پايدىسىنىڭ تارتىدىغان چى-
قىمىدىن كۆپ بولىشىغا «كۆز»ى يەتكەندىن كېيىنلا
ئاندىن ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىدۇ. بولمىسا
نېمە قىلىدۇ ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ؟!...

خوش، ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك: بۇ يازمىلارنى
كۆرگەن بەزى دوستلىرىمىز كۆڭلىدە: تازىمۇ بىر ئۆتۈپ
كەتكەن ئىچى تار، باشقىلارنى كۆرەلمەيدىغان، ھەسەت-
خور ئاداشمۇ نېمە ـ بۇ؟! ...خەق رېستوران ئاچسا ئۇ-
زىنىڭ پۇلىغا ئېچىپتۇ، ناخشىچى ئېلىپ كەلسە ئۆزى-
نىڭ پۇلىغا ئېلىپ كەپتۇ ...شۇنداق تۇرۇپ بۇ ئىشلارغا
ئارىلىشىپ نېمە چاتىقىدۇر ـ بۇ ئاداشنىڭ؟! ...دەپمۇ
ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. توغرا! خەق رېستوران ئاچسا
ئۆزىنىڭ پۇلىغا ئاچىدۇ. ناخشىچى ئېلىپ كەلسە ئۆزى-
نىڭ پۇلىغا ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن گەپ شۇ يەردىكى،
خەلق ئىقتىسادىي يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان
بۇ كىچىككىنە ناھىيىنىڭ زور كۆپ ساندىكى ئادەملى-
رى كىرىمى چېكى تارتىلغان بۇنداق ئىقتىسادىي بې-
سىمغا ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئاكتىپ
تەسىرىدىن پاسسىپ تەسىرى چوڭ بولىدۇ. مەن بۇ يەردە
رېستورانلارنىڭ مىللىي تائام مەدەنىيىتىمىزگە قوشقان
تۆھپىسىنى ھەرگىز ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمەن. كۆزدە
تۇتۇۋاتقىنىم، ھالىمىزغا بېقىپ ئىش قىلايلى دېمەكچى،
خالاس! ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز چاغلىق تۇرۇپ رېستو-
ران خوجايىنلىرىغا يانفون، چاقىرغۇ، خىزمەت كېيىنىش-
كىسى ...قاتارلىق نەرسىلىرىمىزنى گۆرۈگە قويۇپ «ـ
ياشىمىساق» نېمە بوپتۇ؟! ...يەنە كېلىپ رېستورانلاردا
«ياشايدىغان»لارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەمدىلەتىن
خىزمەتكە چىققان، مۇئاشى بىر قەدەر تۆۋەنرەك يېڭى
ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ...ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ
كېلىپمۇ ئۆزلىرى خىزمەت تاپماستىن، ھۆكۈمەتنىڭ
بىر تۇتاش تەقسىم قىلىشىنى، ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ
«يول» مېڭىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىشىنى كۈتۈپ
تۇرىۋاتقان بىر قىسىم نان قېپى ستۇدېنتلار ...يېڭى-
ياچە تىجارەت قىلىپ، ئازغىنە پايدىنى كۆرۈپ دىندەكەپ
قالغان بىر قىسىم يەككە تىجارەتچىلەر. ئەلۋەتتە، بۇ
قاتاردا ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ ـ ئىچىپ ئوينايدىغان،
خەلقنى شىلىپ يەيدىغان بىر قىسىم چىرىك ئەبلەخ-
لەرمۇ يوق ئەمەس!

بۇ كىشىلەرنى تىلغا ئېلىشتىكى مەقسەت: ئىق-
تىساد ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ قېلىۋاتقان، ئىن-
سانلارنىڭ ئىجتىمائىي يۈكى بارغانچە ئارتىۋاتقان مۇ-
شۇنداق بىر يېڭى ئىرا، يېڭى ئەسىردە ياشاۋېتىپمۇ،
تېخىچە ھاماقەتلىك بىلەن رېستوران ۋە مەيخانىلاردىكى
قىرلىق ئىستاكانلارنىڭ ئىچىدە سۈزۈككىنە يالتىراپ
تۇرغان بىخۇدلاشتۇرغۇچى شارابلارنىڭ مەست قىلغۇچى
سېھرىگە مەپتۇن بولۇپ ياشاۋاتقان ھاراق بەدىلىرى-
نىڭ ...شۇنىڭدەك، ئەتلىمە گۆش ھالىتىمىزدىن باش-
لاپ تا ھازىرغىچە يېمىگەننى يېدۈرۈپ، كىيمىگەننى
كىيگۈزۈپ مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن چوڭ قىلىپ،
باشلانغۇچ مەكتەپتىن تاكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغىچە
ئەۋەتىپ ئوقۇتۇپ، شۇنىڭدىمۇ «ئارام» ئالالماي، خىز-
مەت ئىشلىرىمىزغىچە شاپاشلاۋاتقان بالا باققان بىچا-
رە ـ جاپاكەش ئاتا ـ ئانىلىرىمىزغا لايىقىدا جاۋاب قاي-
تۇرۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، بالىلىرىم ـ بالىلى-
رىم دەپلا مەزگىلسىز قېرىپ كېتىۋاتقان ئاتا ـ ئانىلارنى
تۆت تام ئىچىگە جىندەك يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، دېس-
كوخانا ئىچىدە جاراڭشىپ تۇرغان غەربنىڭ جاز مۇزى-
كىلىرىغا پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇغان ھالدا چەكسىز ئىش-
تىياق بىلەن ئەسەبىيلەرچە پىقىراۋاتقان، تولغىنىۋاتقان
سەكرىشىۋاتقان ...نادان ستۇدېنتلىرىمىزنىڭ، ياش
دوستلىرىمىزنىڭ ...شۇنىڭدەك، خەلقنىڭ چاكىرى دەپ
ئاتالغان، ئەمەلىيەتتە خەلقنى شىلىپ يەيدىغان بىر قى-
سىم ھوقۇقدارلارنىڭ كۆڭلىگە ئاز بولسىمۇ «ئىنساپ»
تىلەشتىنلا ئىبارەت، خالاس!

رېستوراننىڭلا گېپىنى قىلىپ ئەسلى تېمىدىن



ژۇرنىلىمىزغا ئېھتىياجلىقلار ھەرقايسى شىنخۇا كىتابخانىلىرىغا قەدەم تەشرىپ قىلىڭ.

سەل چەتنەپ كەتتىمۇ ـ قانداق؟! ... بىراق، ھېچۋە-
قەسى يوق. كونسايىن كۈچىيىۋاتقان ئىقتىسادىي رىقا-
بەتنىڭ تۇرمۇشىمىزغا توختىماي كۈچ كۆرسىتىشىنىڭ
تەسىرىدە بۇخىل رېستورانلار ئۆز نۆۋىتىدە ھەرخىل ئا-
رامگاھ، دېسكوخانا، بەزمىخانىلارغىچە تەرەققىي قىلىپ،
خۇددى كەلكۈندىن كېيىنكى يامغۇر پاقىلىرىغا ئوخ-
شاش، ساناپمۇ سانىنى ئالغىلى بولماس بولۇپ كەتتى.
ئەسلىدە سودا قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، ھەرقانداق
تىجارەت شەكلى ۋە تاۋار ئىستېمال ئېھتىياجىدىن ئې-
شىپ كەتكەندە فۇنكسىيىلىك مەۋجۇتلىقىنى يوقۇتۇپ،
بازاردا ئوبروت قىلىنىشتىن قالاتتى. ھالبۇكى، بۇنداق
شەكلى ئۆزگەرگەن رېستورانلارنىڭ ئازايماي ئەكسىچە
ئاينىپ كېتىشى ھەقىقەتەن خەلقىمىزنىڭ ئىستېمال
ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتقانلىقىدىن بولۇۋاتامدۇ ـ
قانداق؟! دېگەندەك شۈبھىلىك سوئاللارنى دىققىتىمىزگە
قالدۇرىدۇ. مەن ئىلگىرى تىجارەت مۇناسىۋىتى بىلەن
ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ خېلى كۆپ ناھىيە ـ شەھەرلە-
رىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدىم. ئۇ يەرلەردە
مەسجىد، چىركاۋ، بۇتخانىلارنىڭ تانسىخانا، دېسكوخانا
ۋە مەيخانىلار بىلەن قوشنا بولغانلىقىنى كۆرگەنىدىم.
بىراق، بىرمۇ قىرائەتخانا ۋە كىتابخانىلارنىڭ تانسىخانا،
دېسكوخانا، مەيخانىلار بىلەن قوشنا بولغانلىقىنى زادىلا
كۆرمىدىم. (مەن كۆرمىگەن شەھەرلەردە بولسا قانداق-
كىن؟) ھالبۇكى، بىزنىڭ بۇ يەردە بولسا ئىش باشقى-
چە! ...يەنى ناھىيىمىزنىڭ ئاساسلىق ھەم ئاۋات كو-
چىسى بولغان ئىتتىپاق يولىغا جايلاشقان مەدەنىيەت
يۇرتى خىزمەت بىناسىنىڭ بىرىنچى قەۋىتى تۈرلۈك
ماللار سېتىلىدىغان سودا دۇكانلىرى، ئىككىنچى قەۋى-
تى ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە قىرائەتخانا ۋە كەسپىي ئىش-
خانىلار، ئۈچىنچى قەۋىتى بولسا دېسكوخانا.

ئىككىنچى قەۋەتتىكى قىرائەتخانا تاشلىۋېتىلگەن
يېتىم بالىغا شۇنداق ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭدا كىتاب كۆ-
رىدىغان ئادەم يوق دېگۈدەكلا. قىرائەتخانا خىزمەتچى-
لىرى قىرائەتخانىنى تاشلىۋېتىپ بىر يەرلەرگە چىقىپ
كەتسىمۇ، قىرائەتخانىغا بىرەر ئادەم كىرىپمۇ قويمايدۇ.
لېكىن ئۇلار مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن بىر يەرگە چى-
قىپ كەتمەيدۇ، (ھالبۇكى، خەنزۇچە قىرائەتخانا بولسا
ئۇيغۇرچە قىرائەتخانىنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ، شۇن-
داق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ مۇھىتتىمۇ گېزىت ـ ژۇرنال كۆرى-
دىغان كىشىلەر ھېچبولمىغاندا تۆت ـ بەشتىن كەم
بولمايدۇ. ئۇلار كىتاب كۆرگەچ دېسكوخانىدىن چىقى-
ۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ غەلۋە ـ غەۋغا، جەڭگى ـ
جېدەللىرىنى مەسخىرە قىلغاچ تاماشا قىلىدۇ). ئۇلار
قىرائەتخانىغا كىتاب كۆرىدىغان ئادەم كىرمىسىمۇ كى-
تابلارنى ئۆزلىرى چۇۋۇپ، ئۆزلىرى ئوقۇپ زېرىكىشنى '
باسىدۇ. بەزىدە قىرائەتخانىغا ئاندا ـ ساندا كىتاب كۆ-
رىدىغانلارمۇ كىرىپ قالىدۇ. ئەمما، ئۇلار خاتىرجەم كى-
تاب كۆرەلمەيدۇ. نېمىشقا دېگەندە ئۈچىنچى قەۋەتتىكى
گۈمبا ـ گۈمباڭ مۇزىكىلارغا سەكرىشكەن ئۆچكىلەرنىڭ
تاراق ـ تۇرۇق، پالاق ـ پۇلۇقلىرىدا قانداقمۇ خاتىرجەم
كىتاب كۆرەلىسۇن؟!

ماي ئېيىنىڭ بىر دۈشەنبە كۈنى كۈن دېگەر
ۋاقتىغا قايرىلغان چاغ، دوكانغا كىرىدىغان خېرىدارلار
بىر ئاز شالاڭلىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دوكاننى
ئايالىمغا تاشلاپ قويۇپ مەدەنىيەت يۇرتى بىناسىنىڭ
ئىككىنچى قەۋىتىگە جايلاشقان ئۇيغۇرچە قىرائەتخانىغا
كىردىم. قىرائەتخانىدا ئاتمىش ياشلاردىن ھالقىغان،
ساقاللىرى ئاقىرىشقا باشلىغان، گىرادۇسلۇق كۆزەينە-
كىنى بۇرنىغا تىرەپ قويۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن
گېزىت كۆرۈۋاتقان ياداڭغۇ بىر بوۋاي بىلەن، ئالدىدىكى
ئۈستەل يۈزىگە كىرىشتۈرۈلگەن بىلەكلىرىنىڭ ئۈس-
تىگە بېشىنى قويغىنىچە مۈگدەۋاتقان بىلەن ئۇخلاۋات-
قانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان قىرائەتخانا خىزمەت-
چىسىدىن بۆلەك ئادەم يوق ئىدى. ــ ئەسسالامۇ ئەلەي-
كۇم! ـ دېدىم ئاستاغىنە ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ، بىراق
ھېچكىم جاۋاب سالام قايتۇرمىدى. مەنمۇ ئېرەن قىلمايلا
ئۈستەلدە يېيىقلىق تۇرغان گېزىت ـ ژۇرناللارغا نەزە-
رىمنى ئاغدۇردۇم. بوۋاي ئالدىغا «پايدىلىنىش خەۋەرلە-
رى» گېزىتىنى يىغىۋالغانىدى. مەن «شىنجاڭ مەدەنى-
يىتى»نىڭ يېڭى سانىنى قولۇمغا ئېلىپ مۇندەرىجى-
سىنى ۋاراقلاۋاتسام، ھېلىقى مويسىپىت بوۋاي قويۇن
يانچۇقىدىن بېغى ئۈزۈلۈپ كەتكەن كونىراق ئېلېكتى-
رونلۇق سائەتنى چىقىرىپ ۋاقىتقا قاراپ بېقىپ، ئور-
نىدىن تۇردى، ئاندىن قۇلاقلىرىنىڭ ئىچىدىن باختى-
دەك نەرسىنى چىقىرىپ قورۇق سەرەڭگىنىڭ قېپىغا
سالدى. مەن بوۋاينىڭ بۇ ئىشلىرىغا ھەيران بولۇپ قا-
راپ تۇرسام، ماڭا قاراپ:

ــسىلى بىردەم تۇرىدىغان ئىش بولسا مەن
چىققاچ تۇراي. ھېلى ياناشلىرىدا XX نى ئويغىتىپ
قويۇپ چىقىپ كېتەرلا ..ــدېدى مۇلايىملىق بىلەن.

مەن ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالماي:

ــ قۇلاقلىرىنىڭ ئىچىگە نېمىشقا پاختا سىلىۋاللا؟ ...ــ دەپ سورىدىم.

ــ نېمە دېدىلە؟! ...ــ كۆزۈمگە سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلدى بوۋاي. مەن سوئالىمنى ئۈنلۈكرەك تەكرارلىدىم.

ــ ھە! ...ــ دېدى بوۋاي مەقسىدىمنى چۈشىنىپ ــ ئەسلىدىمىغۇ قۇلىقىم سەل ئېغىرراق. شۇنداقتىمۇ ماۋۇ ئۈستىدىكى تاراق ـ تۇرۇقلار دىققىتىمنى چېچىپ گېزىت كۆرۈشۈمگە دەخلى قىلىدىكەن، ـ دېدى بوۋاي ئۈچىنچى قەۋەتتىكى دىسكوخانىنى ئىما قىلىپ ـ شۇڭا سېلىۋالغان بۇ پاختىلارنى...

سكۇنتلۇق جىمجىتلىقتىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى بوۋاي، ـ ئۆي سەھراندا بولغاچقا، بۇ يەرگە كۈندە كەلگىلى بولمايدۇ. ئۈنىڭ ئۈستىگە بازار كۈنىدىن بۆلەك كۈنى قاتناش يوق. دۈشەنبە كۈنى كەلسەك مانا مۇشۇنداق نەسچىلىك. قۇلىقىمغا پاختا سېلىۋالسام ئانچە دەخلىسى بولمايدىكەن...

ــ ھەرقايسى يېزىلاردىمۇ مەدەنىيەت پونكىتى بارتىغۇ؟...

ــ بىزنىڭ ئۆي يېزا بازىرىغا يېقىن بولسا نېمە كاشكى! ...كەنتىمىزدىكى مەدەنىيەت ئۆيىمۇ كۆپىنچە ھاللاردا ئېچىلمايدۇ. ئېچىلغان تەقدىردىمۇ يېڭى گېزىت ـ ژۇرناللار يوق دېيەرلىك. ھەممىسىنى كۆرۈپ بولغان ـ دېدى بوۋاي مەيۈسلۈك بىلەن.

بوۋاي چىقىپ كەتتى. قەلبىمگە ئاجايىپ تەسىرات ۋە چېكىش سوئاللارنى قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى. مەنمۇ ئېغىر خىياللار قايىنىمىغا غەرق بولۇپ بىر دەم تۇرۇپ قالدىم. كېيىن ئايالىمنىڭ دوكاندا يالغۇز قالىنغالىقى ئېسىمگە كېلىپ دەررۇ XX نى ئويغاتتىم. XX كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ بىلىكىدىكى سائىتىگە قاراپ بېقىپ:

ــ مەنمۇ ئىشتىن چۈشەي ـ دېگىنىچە ئېزىلەڭگۈ كەيپىيات بىلەن قىرائەتخانا ئىشىكىنى تاقاشقا تۇتۇندى.

ــ ئىشتىن چۈشىدىغانغا سەل بالدۇرمۇ قانداق؟! ـ دېدىم سائىتىمگە قاراپ بېقىپ، چۈنكى بۇ چاغدا سائەت ستىرىلكىسى شىنجاڭ ۋاقتى 4:45 دېگەن چېكىتنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ــ ئىشتىن چۈشىدىغانغىغۇ يەنە يېرىم سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىت بار ئىكەن. بىراق قىرائەتخانىنى ئاچقان بىلەنمۇ كىتاب كۆرىدىغان ئادەمنىڭ تايىنى بولمىسا... ـ دېدى بىر خىللا پەرۋاسىزلىق بىلەن.

ھېلىقى قېرى ئادەم ھەردۈشەنبە كۈنى كېلەمدۇ؟ ـ سورىدىم پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ.

ــ ئاساسەن دېگۈدەك ھەردۈشەنبە كۈنى كېلىدۇ. ئەتىگەندە كېلىپ بىرلا ئولتۇرسا كەچ بولغاندا بىراقلا قوپىدۇ. قورسىقىمۇ ئاچمامدىكىن دىمەن ئۇ ئادەمنىڭ...

سۆھبىتىمىز تۈگىدى. كۆز ئالدىمدا ئوخشاش مەنزىرە ...ئىنچىۋاتقان، قۇسۇۋاتقان، كاللىسى قىزىغانچە بىر ـ بىرى بىلەن مۇشتلىشىپ قان تۆكۈشىۋاتقان، نادانلىق بىلەن ياشاۋاتقان ساددا ئۇيغۇر ياشلىرى... ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن قېچىپ قۇلىقىغا پاختا سېلىۋېلىپ گېزىت كۆرۈشكە مەجبۇر بولغان مويسىپىت بوۋاي ...ئادەمسىز قىرائەتخانىنى بېقىپ مۈگدەپ قېلىۋاتقان قىرائەتخانا خىزمەتچىسى... بىرمۇ ئادەم قولىغا ئېلىپ باقماي كونىراپ قېلىۋاتقان گېزىت ـ ژۇرناللار ...پۈتۈن ئۇزايىنى غېرىبچىلىق بېسىپ مۈڭ تۆكۈلۈپ تۇرغان ئادەمسىز قىرائەتخانا... ھەي!!! ...بۇ غېرىبچىلىقنى...

ئوقۇرمەنلىرىمىز يۇقىرىدىكى قۇرلارنى كۆرۈپ ماۋزۇدىكى دىسكوخانا ۋە قىرائەتخانىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئاز ـ تولا ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. دىسكوخانا بىلەن قىرائەتخانا ئوبرازلىق قىلىپ ئېيتقاندا، «مىللىتىمىز كىشىلىرىنىڭ، ياش قىز ـ ئوغۇللىرىمىزنىڭ روھى دۇنياسى ۋە مەنىۋى ساپاسىغا قويۇلغان «؟» بەلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ سوئال بەلگىسى ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەت، پۇرسەت، تەرەققىيات، ئىستىقبال ۋە ۋاقىتنىڭ كېيىشكەن نۇقتىسىدا تۇرۇپ، مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆلچەيدىغان مەنىۋى تارازا سۈپىتىدە ۋىجدانىمىزغا ھەم ئەقلىمىزگە مۇراجەت قىلىدۇ. ئومۇمەن، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىقى، تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تېپىشى، شۇنىڭدەك زاۋاللىققا يۈزلىنىپ ھالاكەتلىك تەقدىرگە دۇچ كېلىشىمۇ ئۆزى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەسلىكتىن، مائارىپقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تېپىشى ئالدى بىلەن يۇقىرى مەنىۋى ساپا ۋە ئىلغار پەن ـ تېخنىكىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇلار بولسا مائارىپنى تەقەززا قىلىدۇ. مائارىپ ئىزچىل ئۆگىنىش ۋە

ئۆگىتىشنىڭ ھەم بىلىم تارقىتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاسىتىسى بولغان كىتاب ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىلىم قوراللىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. دېمەك، بۇ پىكىرىمىزدىن: كىتاب ۋە ئۆگىنىش + ماتارىپ ۋە ساپا + ئىلغار پەن تېخنىكا = تەرەققىيات ۋە مەۋجۇدلۇق! دېگەن فورمۇلا يەكۈنلىنىپ چىقىدۇ.

بۇ يەردە ئۆزىنىڭ چەكسىز مىللىي ئۇيۇشۇش كۈچى، غايەت زور ئىقتىسادىي بايلىقى، يۇقىرى پەن - تېخنىكىسى، شۇنداقلا ئۆكتەم زوراۋانلىقى بىلەن دۇنيا خەلقىنى ھەيران قالدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرىۋاتقان يەھۇدى مىللىتىنى مىسالغا ئالساق ئارتۇق كەتمەس. نوپۇسى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى بىلەن ئاران تەڭشىلىدىغان بۇ سەرگەردان مىللەتتىن: لىكاتو (1809—1870) غا ئوخشاش ئىقتىسادشۇناس، كارل.ماركس (1818—1883) قا ئوخشاش دۇنيا كوممۇنىزم تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى، ئالبېرت.ئېينىشتېين (1879—1955) غا ئوخشاش ئاتوم فىزىكا ئىلمىنىڭ پېشۋاسى، سارنوف (1891—1971) قا ئوخشاش ئامېرىكا سىمسىز رادىئو سانائىتىنىڭ ئاساسچىسى، جېم.روكفېللېر (1850—1920) غا ئوخشاش ئامېرىكا قاسراق نېفىت سانائىتىنىڭ ماگناتى ...ساناپ كەلسەك، ھېسابلاش ماشىنىسى ئاتىسى دەپ نام ئالغان فون.نوئىمان (1903—1957)، روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ بەرپاچىسى فىرئۇد (1856—1903) مەشھۇر رومانتىزمچى شائىر ھېنرىخ.ھېينى (1797—1856)، ھازىرقى زامان مۇدېرنىزملىق رەسساملىق سەنئىتىنىڭ ئاساسچىسى، تالانتلىق رەسسام فىكاسسو (1881—1973)، ھازىرقى زامان مۇدېرنىزملىق ئەدەبىيات ئېقىمىنىڭ باشلامچىسى فرانز.كافكا (1883—1924)، تالانتلىق دېپلومات كىسىنگېر (1923—؟) ...قاتارلىقلار كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. يەھۇدىلاردىن چىققان بۇنداق داڭلىق شەخسلەر ۋە ياراملىق ئادەملەر سانىساق يەنە چىقىدۇ. ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەن پەقەت يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغانلىرى بىلەنلا چەكلىنىمەن. ھالبۇكى، مۇشۇنچىلىك ئاز سانمۇ بىزگە ئوخشاش تارىختا ئۆچمەس مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان ۋە ئۇنى يىراق ئەللەرگە تاراتقان، ئەللەر ئېغىزىدا رىۋايەت خاراكتېرلىك داستان بولغان قەدىمىي مەدەنىيەتلىك بىر مىللەتكە نىسبەتلەشتۈرگەندە ھەقىقەتەنمۇ يۈزىمىزنى قىزارتالىغۇدەك بىر سان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (مەن بۇ يەردە نوقۇل ھالدا يەھۇدىلارنىڭ ھەممە نېمىسىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك دېمەكچى ئەمەس، پەقەت تەرەققىي قىلغان ھەرقانداق مىللەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان ئىلغار تەرەپلىرىنىلا ئۆگىنىشىمىز كېرەك دېمەكچى، خالاس).

«تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 3 - سانىدا يەھۇدى مىللىتى خۇسۇسىدا مۇنداق قۇرلارنى ئوقۇدۇم. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەسەبىي ياۋۇز جاللات گىتلېر يەھۇدى مىللىتىنى تارىخىي خاراكتېرلىك قىرىپ تۈگىتىش پىلانىنى ئىنتايىن قاتتىق قوللۇق بىلەن يۈرگۈزىۋاتقان خەۋپلىك پەيتلەردە، يەتتە ياشلىق بىر يەھۇدى بالىسىنىڭ ساۋاتسىز بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئالتە نەپەر ئوقۇتقۇچى ھاياتىدىن ئايرىلىدىكەن. يەتتىنچى بىر ئوقۇتقۇچى ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچراش ئېھتىماللىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، ھېلىقى بالىغا دەرس بەرگىلى بارىدىكەن. نەزىرىمىزنى ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئاغدۇرۇپ باقساق، ناھايىتى ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىمىز. ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقىلىرىدا بۇنداق قىممەتلىك روھ زادىلا يوق. ھەتتا بەزىلىرى ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىگە قەتئىي ماس كەلمەيدۇ. قايسىدۇر بىر كىتابتىن يەھۇدىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە مۇنداق قۇرلارنى ئوقۇغانلىقىم ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: «يەھۇدى ئائىلىرى ھەسەل يالىتىلغان ‹تەۋرات› ۋاراقلىرىنى بوۋاق بالىلىرىغا يالىتىدىكەن. بۇ بالىلارغا كىتابنىڭ ھەسەلدەك تاتلىق بولىدىغانلىقىنى كىچىككىدىن بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىكەن». ئەمدى نەزىرىمىزنى ئۆزىمىزگە ئاغدۇرۇپ باقساقچۇ؟! بىزدە بۇنداق روھ يوق بولۇپلا قالماي، ئەكسىچە بالىلىرىمىز يىغلاپ كەتسە ئېغىزىغا قۇرۇق ئېمىزگىنى سېلىپ قويۇپ ئۇلارنى گوللايمىز. ئازراق ئىش ئۇققۇدەك بولغاندا، شۈكرى قىلىش ئىدىيىسىنى خاتا ھالدا بالىلىرىمىزغا سىڭدۈرۈشكە باشلايمىز. چۈنكى، ئۆزىمىزمۇ شۈكرى قىلىش دېگەن گەپنى خاتا چۈشىنىۋالغان تۇرساق، بالىلارغا كەلگەندە يەنە قانداق بولماقچى؟! بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا كىچىككىدىنلا ئالدىنىشقا، گوللىنىشقا كۆنۈك خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشكە باشلايمىز. ئۇلارغا جەمئىيەتتىن، دەۋردىن، مۇھىتتىن، ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن بىرەر چوڭ ئەرزىيەت كەلسىمۇ، سەۋەبىنى پەقەتلا ئۆزىنىڭ پېشانىسىنىڭ تەتۈرلىكىدىنلا كۆرۈپ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزىدۇ. شۈكرى قىلىپ بولدى قىلىدۇ. (بۇنداق

AQچە خاراكتېر بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلىرىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىگە ئۆزلىشىپ قالسا، ئۇ چاغدا كەلگۈسى ئىستىقبالدىن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، مىللىي مەۋجۇدلۇقتىن سۆز ئېچىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟!) بالىلارغا ئۆزلىكىمىزدىن كىتاب ئېلىپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، مەكتەپتىن تارقىتىپ بەرگەن دەرسلىك كىتابلىرىنىمۇ پۇل بەرگۈمىز كەلمەيدۇ. ئۇنداقتا بىز بالىلارغا كىتاب ئېلىپ بېرەلمىگۈدەك دەرىجىدە نامراتمۇ؟ ئاز ساندىكى نامرات، بىچارە دېھقانلىرىمىزنى ۋە مۇقىم كىرىم مەنبەسى يوق شەھەر ئاھالىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، زور كۆپچىلىكىمىز بۇنداق ئىللەتتىن مۇستەسنا. بىزنىڭ كىرىمىمىز بالىلارغا كىتاب ئېلىپ بېرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس. ئاشۇ ئاز ساندىكى بىچارە دېھقانلىرىمىز ۋە مۇقىم كىرىم مەنبەسى يوق شەھەر ئاھالىلىرىمۇ بالىلىرىغا كىتاب ئېلىپ بېرىپ ئوقۇتىۋاتىدۇ، بولمىسا؟!...

بۇ يەردىكى گەپ ئىقتىسادتا ئەمەس، مائارىپقا بولغان ئىدىيىدە، ئوقۇشنى چۈشەنمىگەن يۈرەكتە. ئابروي قوغلىشىش تۇيغۇسى ئالغان ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت چىقىملىرىمىز — قاتار چاي، مەسلىھەت چاي، سۈننەت چاي ... نەزىر - چىراغدەك ئەھمىيەتسىز چىقىملارنىڭ يوللىرىنى جىق ئەمەس، شۇنچىلىكلا ئېتىپ قويساق، كىتاب پۇلى، ئوقۇش پۇلى دېگەندەك بۇ مەسىلىلەر ھەل بولۇپلا قالماي، يەنە بىزنىڭ ئائىلىدە تۇرۇش ۋاقتىمىزمۇ كۆپ بولۇپ، بالىلىرىمىزنىڭ ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرۈشىگىمۇ ناھايىتى زور پايدىسى بولىدۇ. بىزچە بولسا ھەقسىز مائارىپنى يولغا قويسا تېخى! ...بىراق دۆلىتىمىزنى ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە ھازىرچە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ھېلىمۇ بىر مىلياد 300 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىنى ياخشى تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بۇ چوڭ دۆلەتنىڭ مائارىپقا سالغان مەبلىغى ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس. نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى، جايلارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ئىقتىساد ئېششىش سۈرئىتىنىڭ تېخىچىلا تۆۋەن چەكتە تۇرۇۋېلىشى... قاتارلىق چەكلىگۈچى ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ھەقسىز مائارىپنى يولغا قويۇشقا ھازىرچە مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. (ھازىر بىر قىسىم جايلاردا ھەقسىز مائارىپنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى) خوش، بۇ نىشان ئەمەلگە ئاشۇرۇلغىچە مۇشۇنداق بالىلارنىڭ مائارىپ تەربىيىسىگە سەل قاراپ يۈرۈۋېرىمىزمۇ؟! ...ئۇلارنى يەپ - ئىچىشتىن، مودا قوغلىشىپ ھەررەڭ - سەررەڭ كىيىملەرنى كىيىپ، ئويۇن - تاماشادىن باشقىنى بىلمەيدىغان، مىللىي روھى سۇسلىشىپ، ماڭقۇرتلاشقان كېرەكسىز يارىماسلاردىن قىلىپ چىقىمىزمۇ؟! بۇ ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم ۋە جىددىي مەسىلە. پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ جەڭچىسى ۋ.ئى.لېنىننىڭ ئانىسى پەرزەنت تەربىيىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەنىكەن: «كىچىك بالا بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ھۆسنخەت بىلەن يېزىپ چىرايلىق قىلىپ قويىسىمۇ ئاتا - ئانا قىلىدۇ، بىر قۇتا سىياھنى چېچىۋېتىپ سەتلەشتۈرىۋەتسىمۇ ئاتا - ئانا قىلىدۇ». دېمەك، بۇ يەردە ئاتا - ئانا تەربىيىسىنىڭ پەرزەنتلەر ئالدىدىكى بۇرچى ئىنتايىن ئوبرازلىق ھالدا ئەسكەرتىلگەن.

20 - ئەسىر بىلەن خوشلىشىپ، 21 - ئەسىرگە قەدەم قويغىنىمىزغىمۇ ھەش - پەش دەپ بولغىچىلىكلا ئىككى - ئۈچ يىل بولۇپ قالدى. بۇ يېڭى ئەسىردىكى رىقابەت ئۆتكەن ھەرقانداق ئەسىردىكى رىقابەتكە زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئۆتكەن ئەسىردىكى رىقابەت ئاساسەن پەن - تېخنىكا رىقابىتى بولغاچقا، ۋاقىت كۈنلەپ، ياكى سائەتلەپ ھېسابلىناتتى. بۇ ئەسىردىكى رىقابەت بولسا بىر دۆلەتنىڭ، ياكى بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇش (كۈچلۈكلەر قاتارىدا پۇت تىرەپ تۇرۇش - تۇرماسلىق) ياكى شاللىنىپ كېتىش مەسىلىسى بولغاچقا، ۋاقىت مىنۇتلاپ، سىكۇنتلاپ، ھەتتا دەقىقىلەپ ھېسابلىنىدىغان بولۇپ كەتتى. بىز بولساق قايىنام - تاشقىنلىق ئىچىدىكى بۇ مەنزىرىنى كۆرمەيۋاتىمىزمۇ - قانداق؟! ئاز ساندىكى بىر قىسىم روھى ئويغاق، قەلبى سەگەك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مىللىي مەۋجۇدلۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى ئىسپاتلاپ چىقىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇشلىرىنى، كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ناھايىتى زور كۆپچىلىكىمىزدە ئومۇمىي ئىنكاس پەيدا بولمىدى. بىز يەنىلا بۇرۇنقىدەك «بىغەم» ياشاپ كېلىۋاتىمىز. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟! ...بۇ شاللىنىپ كېتىشتىن دېرەك بېرىدۇ، ھالاكەتتىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ مىللەت ئۈچۈن قىيامەتتىن دېرەك بېرىدۇ! ھەددىدىن زىيادە ئويۇنخۇمارلىقىمىز، ناخشا - ئۇسسۇلخۇمارلىقىمىز (ناخشا - ئۇسسۇل، ئويۇن - تاماشامۇ بولمىسا بولمايدۇ. بىراق، بۇ نەرسىلەرنىڭ نورمال بولغىنى ياخشى) رېستوران - دىسكوخاناخۇمارلىقىمىز ۋە يەنە ئاللىقانداق «خۇمار»لىرىمىزنىڭ كۆپلىكىدىن

NEW JADE LITERATURE


شائىر مۇختار سوپۇرگى، قايناپ تۇرغان ئىلھام بۇلىقىڭىزدىن بىزگىمۇ بىر ئوتلام سۇنغايسىز!

كەيپ ـ ساپا، ئويۇن ـ تاماشاغا بۆلەكچىلا غەرق بولۇپ كېتىپ، مەنىۋى دۇنيارىمىز ۋە ساپ ئېتىقادىمىز ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىپ، پاك روھىمىز سۇسلاشتى. ئىنكاسىمىز ئاستىلىشىپ، جىسمىمىز لەقۋالاشتى. رىقابەت ۋە خىرىسنى كۆرىدىغان كۆزىمىز خىرەلەشتى. سەزگۈر، تۇيغۇن قەلبىمىز غەپلەتتە قالدى. شۇڭلاشقا، ئەخلاق كىرزىسىغا دۇچ كەلدۇق. مىللىي روھ، مىللىي غۇرۇر، ئەركەكلىك ...دېگەنلىرىمىز قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. تۈزەش بەكمۇ تەس بولغان بۇخىل ئىقتىمائىي ھادىسە ئۇيغۇر روھىيىتىنى، مەنىۋى دۇنياسىنى زاۋاللىققا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ قورقۇنچلۇق مۇقەررەرلىككە سۆرەپ كېتىۋاتماقتا.

تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي قەۋملەردىن «سوغدى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مىللەت ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلاردا ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاز، ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئويۇن ـ تاماشا بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغانلار كۆپ بولغاچقىمۇ، ئەيتاۋۇر مىللەت سۈپىتىدە يەر شارىدىن يوقاپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندىمۇ مىللىي مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئازراقمۇ تىپىرلاپ باقماي، قېرى كالىغا پىچاق خوش ياققاندەك غەپلەتكە پېتىپ ئۆزبېك، تاتار، ئەرمەن ...قاتارلىق مىللەتلەرگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىپ، پەقەت تارىخىي ماتېرىياللاردىلا نامى بار، ئەمما، بۈگۈنكى دەۋردە خۇددى نەسلى قۇرۇپ كەتكەن ھايۋانلاردەك يەر شارىدا يوقلا بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى. بۇ مەرىپەتسىزلىكنىڭ، ئويۇن ـ تاماشاغا ھەددىدىن زىيادە بەك بېرىلىپ كېتىشنىڭ مىللەتنى غەپلەتتە قويىدىغانلىقىنى، بىخۇدلۇقنىڭ ماھىيەتتە مىللەتنى نەسلى قۇرۇپ كېتىش گىردابىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دۇنيادىكى سەرگەردان مىللەت سىگانلارنىڭ ئەھۋالىنى نەزەرگە ئالغاندىمۇ، مەرىپەتسىزلىكنىڭ ۋە نادانلىقنىڭ نەقەدەر ئېغىر ۋە خەتەرلىك ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە!

تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ئۈزلۈكسىز تەربىيە ۋە مائارىپ تەربىيىسى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ساپا مائارىپىنىمۇ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزۈلمىسىنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ بولدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرى بۇنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، دەسلەپكى نەتىجىلەرگىمۇ ئېرىشىپ بولدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۈرۈمچى، فۇكاڭ، سانجى، قارىماي، شىخەنزە ... قاتارلىق سانائەت شەھەرلىرىدە سىناق تەرىقىسىدە ئەمدىلەتتىن يولغا قويۇلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭدەك ئىقتىسادىي تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا، ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن تەشكىل قىلىنىدىغان يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدا ساپا مائارىپى تېخىچىلا بىر ئىزدا تۇرىۋاتىدۇ. دېڭىز ياقىسىدىكى جايلار بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەرەققىيات پەرقىنىڭ شۇنچە چوڭ بولۇپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب شۇ يەردىكى، بىزدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىچكى جايلاردىكى ئادەملەردەك كۈچلۈك ئەمەس. بىلىمگە تۇتقان پوزىتسىيە ۋە ئىنتىلىشىمىزمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇلار كۆپ ئۆگىنىدۇ، كۆپ تىرىشىدۇ. ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتىن كۆپ ئۆتكۈزىدۇ. بىز بولساق كۆپ ئۇخلايمىز، كۆپ ئوينايمىز. ئۆگەنگەنلىرىمىزنىمۇ ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىغىمىز كەلمەيدۇ. ئىككى مىللەتنىڭ خاراكتېرىدىكى پەرق تۇرمۇشىدىمۇ ئەنە شۇنداق پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق ئامىل دېسەك، قىلچە مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. ئۇلار بىزگە ئوخشاش پەن ـ مەدەنىيەت، مائارىپنىڭ يەنە بىر كۆزنىكى بولغان قىرائەتخانىنىڭ ئۈستىگە، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىدىغان، كىتاب كۆرىدىغانلارنىڭ دىققىتىنى چاچىدىغان دېسكوخانىنى قۇرۇپ قويمايدۇ. قىرائەتخانا ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆگىنىدىغان، بىلىم ئالىدىغان جايى. شۇڭا ئۇلار قىرائەتخانىنىڭ ئۈستىگە يەڭگىللىك بىلەن دېسكوخانا قۇرۇپ قويىدىغان نادانلىقنى ھەرگىزمۇ قىلمايدۇ. گەرچە دېسكوخانا بىلەن قىرائەتخانىنىڭ بىرسى ـ بىرسىنىڭ ئۈستىگە جايلىشىپ قېلىشى ماھىيەتلىك مەسىلە بولمىسىمۇ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. بەلكىم مەن زىيادە گۇمانخورلۇق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەزۋەيلەپ كەتكەندىمەن، ئەمما كونىلاردا: «سۇ كەلمەستە توغان سال» دەيدىغان ماقال بار ئەمەسمۇ. ھەرھالدا 21 ـ ئەسىردىكى مىللىي مەۋجۇدلىقىمىز ئۈچۈن قىلىنغان كىچىككىنە «تىپىرلاش»نىڭمۇ ئۆز نۆۋىتىدە مەۋجۇدلىقىمىز ۋە تەرەققىياتىمىز ئۈچۈن ئوينايدىغان رولىنى ئويلاشقاندا بۇنداق ئارتۇقچە «ئەزۋەيلەش» نىڭمۇ زىيىنى بولمىسا كېرەك.

ئىسكەرتىش: يەھۇدىلار توغرىسىدىكى مەزمۇنلار «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن ئېلىندى.

(ئاپتور: توقسۇ ناھىيىسىدە)

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئەزىز ھاشىم

# تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

1

ئىنسانلارنىڭ ئىقتىدارى ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسى ۋە يۆلەنچۈكلىرى ئارقىلىق ئۆلچەنگەن جەمئىيەتتە ھەقىقىي تالانت بوغۇلۇپ، ئىقتىدار زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بولىدۇ.

2

ھەممىگە كۆنۈپ قېلىش مۇناپىقلىق بولسا، گۇناھ تۇيغۇسىنىڭ ئاجىزلىشىشى مۇناپىقلىقنىڭ مۇقەددىمىسى.

3

ئەرلەر ئىمانىنى سېتىپ جان بېقىۋاتقان يەردە، ئاياللارنىڭ ئىپپىتىنى سېتىشى ئالاھىدە ئىش ھېسابلانمايدۇ.

4

جەمئىيەتشۇناس — رېئاللىق ئىچىگە تۇغۇلۇپ قالغان شائىر.

5

سەنئەتكارلار ھاياتقا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتقۇچىلاردۇر، چۈنكى ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئاكتىپ ھالەتتىكى ئۆزگەرتىش ئەمەس، بەلكى پاسسىپ ھالەتتىكى ئۆتۈنۈش. شۇنىڭدىن قارىغاندا، سوپىزمنىڭ بىدئەتلىكى ئېنىقلا بىر ئىش، خالاس.

6

ئائىلىگە ئەمەس، ئاشنىغا، ئازابقا ئەمەس، ھاراققا خۇشتار بولغان ئەرلەر قىيامەت بومبىسىنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياققۇچىلاردۇر.

7

يۇلتۇز — تۈن كۆكسىگە ئېتىلغان ئوقيا، شۇ مەنىدىن ئالغاندا، تۈن قانچە قاراڭغۇلاشقانسېرى يۇلتۇزلار شۇنچە كۆپىيىدۇ.

8

راستىنى ئېيتقاندا، توخۇ چۆجىسىنى بۈركۈت باقسا، ئۇنىڭ بۈركۈت بولۇپ چىقىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس، بىراق توخۇ چۆجىسىگە ئۆز بالىسىدەك قارايدىغان بۈركۈتنى تاپماق بەسىي مۈشكۈل.

9

قويلارنى بوغۇزلىماقچى بولغاندا، بىر پۇتىنى چىقىرىپ قويۇشنى ئاخىرقى قېتىم پۇرسەت بېرىش دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما ئەڭ ئاخىرقى ساقىندى قانلىرىنىمۇ چىقىرىۋېتىش ئۈچۈنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم.

ھەي، ھېيلىگەر ئادەم، رەھىمسىز ئادەم!

10

مەقسىتىنىڭ ھاياتتىن ئۇلۇغلىقى ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

11

تەرەققىيات — ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنىڭ كۈچى ئارقىلىق قانۇنىيەت ئاساسىدا تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش جەريانى.

12

مۇستەھكەم ئېتىقاد ئۇيۇل تاشقا ئوخشايدۇ، ئۇ پارچە ـ پارچە بولۇپ تۇپراققا ئارىلىشىپ كەتسە كېتىدۇكى، ھەرگىز ئۇنىڭدىن «ۋايجان» دېگەن سۆز چىقمايدۇ.

13

كىشىلەرنىڭ كەپتەرلەرنىڭ يېنىغا كەلمەسلىكىنى ئۆزىنىڭ كەپتەر گۆشىگە ئامراقلىقىدىن كۆرمەي، كەپتەرنىڭ قانتىدىن كۆرگەنلىكىگە ھەقىقەتەن ھەيرانمەن.

14

ئىشلەشكە ئوڭ قول ئىگە، زىننەتكە سول قول. چۈنكى ئۇ ئىشلىمىگەچكە، ئاسانلىقچە سىلكىنمەيدۇ ـ دە.

15

سەن مېھرىبان ئانىسىغا ۋاپا قىلمىغان ئادەمدىن ۋاپا، مۇھەببەت كۈتەمسەن؟ ئەڭ ياخشىسى دېڭىزدىن چوغ ئىزدە.

16

قۇللۇقتا قالغان ھېسسىياتسىز جان ئىگىسىلا ئانىسىنىڭ خورلىنىشىغا قاراپ تۇرالايدۇ.

17

مۇھەببەتكە ھەققانىيەتتىن تاج كىيدۈرگەن پادىشاھلا شائىرنىڭ «ئادىل» دېگەن باھاسىغا لايىقلاشقان بولىدۇ.

18

ھەقىقىي ئىنسان دۇنيادا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاڭقىرىپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيانى ئۆزى ئۈچۈن يارىتىلغان دەپ قارىيالايدىغان بولىدۇ.

19

ھەقىقىي پاك نەرسە سۇ، چۈنكى ئۇ تۈن كېچىدە رەڭگىنى ئۆزگەرتىسىمۇ، ماھىيىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ئېقىشنى ـ مەنزىلىگە قاراپ مېڭىشنى توختاتمايدۇ.

20

بىز ئىنساندىن نەرسە تىلىگەندە، ئۇنىڭ ئالدىدا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالىمىز ـ يۇ، ئاللادىن نەرسە تىلىگەندە، سۆھبەتلىشىۋاتقاندا قەلبىمىزنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرالمايمىز. شۇنداق تۇرسا، دۇئانىڭ ئىجابەت بولماسلىقىدىن ئاغرىنىش ھاجەتمۇ؟!

21

ھاياسىزدا ئىمان يوق، ئۇيقۇسىزدا بەخت.

22

ئۆزىنى باشقىلارنىڭ بەرگەن باھاسى بىلەن ئۆلچەيدىغان ئادەم مەڭگۇ ھەقىقەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

23

ئۆتمۈشتىكى ئادەملەرنىڭ گۇناھكارلىقى ئۇلارغا بىزنىڭ بۈگۈننىڭ كۆزى بىلەن قاراپ باھا بەرگەنلىكىمىزدىن پەيدا بولغان.

24

پارتلاش ـ چەكلىك دەقىقىدىكى چەكسىزلىك. ئادەم پەقەت تىنىمسىز تېشىغا پارتلاپ تۇرغاندىلا، ئاندىن ئىككىنچى بىر مەۋجۇتلۇقتا ئەمەس، ئۆزىگە تەۋە بولالايدۇ.

25

لالما ئىت كېچىدە ئەڭ كۆپ، چۈنكى كىشىلەر ئۆز يولىدىن ئېزىپ قېلىشتىن ھەم ئورىلارغا چۈشۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، ئىتنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇشقا پېتىنالمايدۇ.

26

ھايات نەپەسلىنىش ئەمەس، بەلكى تەۋەلىك. چۈنكى ئىنسان پەقەت تەپەككۇر ئارقىلىقلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ھاياتلىقىنى ئىسپاتلىيالايدۇ.

27

ئېتىقاد جەھەتتىكى يېكىلەش ۋە داشقايناقلىق خەلقنىڭ خار ـ زەبۇنلۇقتا مەھكۇم بولۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى.

28

ھېسسىياتنى پروگراما، ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىشنى سىنبەلگە قىلغان پائالىيەتلەر ۋىرۇسنى كۆپەيتىپ، كومپيۇتېرنىڭ نورمال ئىشلەش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، يېڭى پروگراما قاچىلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

29

ئېتىقاد يوقالغان يەردە قەھرىمانلىق بولمايدۇ، چۈنكى ئادەمنى ھاياتتىن ۋاز كەچتۈرەلەيدىغىنى ئېتىقاد، يەنى يۈكسەك دەرىجىدىكى مۇھەببەت.

30

ئۆز نەپسىنى ئەخلاقنىڭ گەدىنىگە مىندۈرىۋالغان ئادەم مەڭگۇ ئېتىقادسىزلىق جاڭگىلىدا سەرسان بولۇپ ياشايدۇ.

31

دۇنيادا ئېتىقادسىز ئالىم، ئەقىدىسىز قەھرىمان بولمايدۇ. چۈنكى ئەقىدە ـ ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن تەپەككۇرلا ئىنسانغا ئۆزىنى بېغىشلاش جۈرئىتىنى ئاتا قىلالايدۇ.

32

ئىنسانلار ئەڭ قورقىدىغان نەرسە ـ ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەن ياكى سىرلىق بىلىنگەن نەرسىدۇر، قاچانكى ئىنسان ئۇ نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنسە، ياكى ئۇنىڭغا چېقىلغانلار چېقىپ زىيان تارتمىسا، شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇ نەرسە ئۇلۇغلۇقتىن، چېقىلغانلار جىنايەتچى بولۇشتىن قالىدۇ.

33

كۆز يېشى شۈنچىلىك سۈزۈك، بىراق ئۇ سىڭگەن يەردىن گىياھ ئەمەس، شور ئۆرلەپ چىقىدۇ.

34

بەزىدە نادانىنىڭ سۆزلىرى ئاقىلنىڭ تەپەككۇرى ئاستىدا ھېكمەتلىك سۆزگە ئايلىنىپ، نادان ئاقىل سانىلىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ. تەقدىرنىڭ چاقچىقى دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك، ئېھتىمال.

## يۈرەك زەردابى

1

سەن مېنىڭ يېنىمدا ۋاز كەچتىم بىراق،
ئۇ مەندىن يىراقتا يۈرەكتە يىراق.

مۇساپە ـ ئارىلىق. روھىمىزدا جىمىرلاتقىنى بولسا چەكسىز دۇنيانى سۆيۈپ تۇرغان، بارلىق ئىنساپەرۋەر ئادەملەرنى قۇچاقلاپ تۇرغان بۈيۈك ئەقىدە. بۇلار مېنىڭ قۇچىقىمدا. تېخى ئېغىزىمغا تۇنجى تامچە ئۇغۇز سۈتنى تامدۇرغان ئاناممۇ، قەلبىمگە قايتا ھاياتلىق بەرگۈچى ئېلىم تامچىلىرىنى تامدۇرۇپ ماڭا ئۆزۈمنى تونۇتقان ئۇستازىممۇ، شېرىن لەۋلىرىدىن ۋىسال شەربىتىنى ئىچكۈزۈپ، ھاياتلىق قەترىلىرىنى شەبنەمدەك سۈزۈك تۇيغۇلىرىغا چۆمدۈرگەن نىگارىممۇ مېنىڭ قۇچىقىمدا. روھىم ئۇلارنى ئانام مېنى پەپىلىگەندەك پەپىلەيدۇ، ئىللىق شامال سۆيۈپ ئۆتكەن چاڭسىز ياپراقتەك تەۋرىتىدۇ. قۇياش نۇرلىرىنى قايتۇرۇپ زۇمرەتتەك جىمىرلاپ، قىرغاقلارغا ئۇرۇلىۋاتقان قەيسەر دولقۇنلاردەك ئەركىلىتىدۇ.

قولۇمنى سوزىمەن، قولۇم ئۇلارنى تۇتۇشقا ئامالسىز. كۆزۈمنى ئاچىمەن، ئۇلارنىڭ سىماسى كۆزۈمدىن يىراقتا. پەقەت ئاسماندا ئىللىق نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشتىن ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلىقىنى، بۇلۇتلارنى سۆيۈپ



ھۆرمەتلىك ئابدۇقادىر جالالىدىن، «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» ناملىق كىتابىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

تۇرغان ئاقباش تاغلاردىن ئۇلارنىڭ بۈيۈكلىكىنى، ۋىلىقلاپ كۈلگەن بوۋاقتەك شىلدىرلاپ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان سۇلاردىن ئۇلارنىڭ پاكلىقىنى كۆرىمەن. يېڭى بىر كۈندىن بىشارەت بەرگۈچى جىلۋىدار ئۇپۇقتىن ئۇلارنىڭ سۆيۈملۈكلىكىنى، تاغ شامىلى ئېلىپ كەلگەن تاغ گۈللىرىنىڭ پۇرىقىدىن ئۇلارنىڭ جەزبىدارلىقىنى ھېس قىلىمەن. كۆزۈمنى يۇمۇپ ئۇلارنى قۇچاقلايمەن ۋە ئاستا قۇلىقىغا:

— روھ چەكسىزلىكنى قۇچاقلايدۇ، بىزنىڭ روھىمىز چەكسىزلىككە سىڭىشىپ كەتكەن، سەن مېنىڭ، مەن سېنىڭ قۇچاقلىرىمىزدا!، — دەپ پىچىرلايمەن.

مۇساپە — ئارىلىق، مەيلى ئارىلىقىمىز چەكسىز قىسقىراپ كەتسۇن ئەي، مەنپەئەت ئالدىدا ئانىسىنى ئۇنتۇغۇچى بەندىلەر، سۇ سىماپقا سىڭىشمىگەندەك روھىمىز مەڭگۈ سىڭىشمەيدۇ. سىماپ تال ـ تال تۇرىدۇ، سۇ ئۆز ئارا قوشۇلۇپ.

مەنپەئەت ۋۇجۇدتا ساقلىنىدۇ. مەنپەئەت ئۈچۈن ئىنسانلىقىنى ئۇنتۇغانلار ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ پاك روھىيىتىنى پاسىقلىق ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملاندۇرغان بولىدۇ. سىلەرگە ئۇزاتساملا قولۇم يېتىدۇ، ھەرۋاقىت، ھەرجايدا. خۇددى كۆپلىكىدىن خار بولىۋاتقان تۇپراققا قولۇم يەتكەندەك. بىراق روھىمىز مەڭگۈ سىڭىشمەيدۇ. روھىڭنىڭ پۇل، مەنپەئەت دەپ پىچىرلىشىغا روھىم ئېتىقاد ۋە سۆيگۈنىمۇ قوشىۋال دەپ پىچىرلايدۇ ۋە ئۇپۇققا سىڭىشىپ كەتكەن يۈرەكلەرگە قاراپ ئاستا يول ئالىدۇ. چۈنكى ئايرىلىش تەنگە، ۋاز كېچىش روھقا مەنسۇپ.

2

ئەركەكلەر شەھىرىگە مېھمان بولۇپ بارماقچى ئىدىڭ، يوللىرىڭنى نېمە توردى؟

ساڭا قارىماي، يۈرىكىڭدە داغ قالدۇرغان نىگارىڭ ساڭا قايتا جىلۋە بىلەن باقتىمۇ، ھايۋاندىن پەس كۆرگەن دۇنيا يۈرىكىڭگە ياقتىمۇ، تۈن كېچىدە ئەللەيلەمدۇ سېنى غايىپ پەرىزات، خورلۇقتا قاتقان يۈرىكىڭ ئەمدى سۇ بولۇپ ئاقتىمۇ؟

بېشىڭنى كۆتۈر، يىراققا قارا، ئۇلۇغ ـ سولۇغقا باق.

سەن كىم ئىدىڭ، كىم بولدۇڭ ھازىر، يۈرىكىڭگە سىغامدۇ قۇياش، ئۈھسىنما، قوي، نەگە كەتتى سېنى سۆيگەنلەر، ئاھ، قىلمامسەن ئۇپۇقنى ھاپاش؟

ئاخىرلاشتىمۇ، ھەممە ئىشلار ئاخىرلاشتىمۇ؟ دەقىقىلەرنىڭ تاغدەك ئېغىرلىقىنى ئۆزىگە يوشۇرغان «شېرىن» سۆزلىرى تىزىڭنى ئېزىۋەتتىمۇ؟

كۆزلەر سېھىرلىك، دەقىقىلەر ئۇلۇغۋار. سېھرىي كۈچكە تولغان ھاياجانلىق دەقىقە پارتلاشنى كۈتىدۇ. خۇددى ئادەم بىلەن ئەكس ئادەم قوشۇلغاندىكىدەك شىددەتلىك پارتلاشنى، ۋىسال دەقىقىلىرىگە، چەكسىزلىك ئالىمىگە سىڭىشكەن پارتلاشنى. بۇ دەقىقىدە زېمىن لەپپەڭشىۋاتىدۇ، ياق، زېمىن ئەمەس، يۈرىكىم ئېغىشىۋاتىدۇ.

دائىم سېنىڭ سۆزلىرىڭنى تىڭشايتتىم. سۆزلەر پەقەت سېنىڭ بولسىلا ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىمچە مۇڭلۇق قىرائەتنى ئاڭلاۋاتقان ئىخلاسمەن مۇرتتەك، ھاياجانلىق ئەپسۇننى ئۆگىنىۋاتقان يېڭىياچى سېھىرگەردەك، نىگارىنىڭ سۆيگۈ توغرىسىدىكى پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلاۋاتقان مىسكىن يىگىتتەك زوقمەنلىك بىلەن، قۇلىقىم بىلەن ئەمەس، يۈرىكىم بىلەن تىڭشاشنى، سۆزلىرىڭنى قەلب ئارامگاھىمنىڭ مەڭگۈ تېپشى قىلىۋېلىشنى ئويلايتتىم. بىراق يامغۇردەك ئېنىقسىز، ئۆجمە كۆڭۈلنىڭ سۆيگۈسىدەك تۇترۇقسىز بۇ ھايات سېنى دەقىقىلەرنىڭ سىرلىق ئوردىسىغا ئەكىرىپ، باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگەرتىپ چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.

ساڭا قارىدىم...

كۆزۈم ياشلىق، دىلىم سەكپار، ۋۇجۇدنى كۆيدۈرىدۇ ئار.

پۇشايمان ۋە ئازاب تىنىقلىرىمنى ۋەيلۇن دوزاخنىڭ ئوتىدەك قىزدۇردى. ۋۇجۇدۇمنى بالىسىنىڭ ناھەق ئۆلۈمىگە يىغلاۋاتقان بىچارە ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدەك لاغ ـ لاغ تىترەتتى. كۆزلىرىمگە قۇياشسىز، ئايسىز، ئادەمسىز، گىياھسىز قاغجىرىغان بىر دۇنيا كۆرۈندى.

راستىمنى ئېيتسام، سېنى بۇ ھالەتتە كۆرگەندىن كۆرە، سېنىڭ ئۆلۈمىڭنى كۆرگىنىم مىڭ ئەۋزەل ئىدى. چۈنكى ئۆلۈم بىلەن نەپەس توختىسىمۇ روھىتىكى ھەققانىيەتكە بولغان ئىنتىلىش توختىمايتتى. ۋۇجۇد توپا ئاستىغا كۆمۈلسىمۇ، ئېتىقاد توپا ئاستىغا كۆمۈلمەيتتى. بىراق روھ ئۆلدى، ھەممە ھېچنىمىگە، ھەممە يوقلۇققا ئايلاندى.

روھى ئۆلگەن تەننىڭ سايىغا سۆرىنىۋېتىلگەن ھارام گۆشلۈك ئېشەك تاپىدىن قىلچە پەرقى يوق.

نېمە دېيىشنى بىلەلمىدىم. كاللام ئۆز سۈلكىتىنى يوقاتقان لوپنۇر كۆلىدەك قۇرۇقدۇلۇپ قالغان. ھازىرغىچە بىرسىگە يامانلىق تىلىمەپتىكەنمەن، ساڭا تىلەشنى ئويلاپ قالدىم. ئاڭلىماقچى بولساڭ «مېنى نېمە دېدى» دەپ باشقىلارنى سوراققا تارتىپ، قىيناپ ئاۋارە بولما، مەن مۇنداق دەپ پىچىرلىدىم:

ئەي ئىنسان، روھىڭنى پاكلا، ئېتىقاد بىلەن ياشا، چۈنكى ئېتىقاد ساڭا شېرىن مېۋە ئاتا قىلىدۇ.

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

NEW JADE LITERATURE

ئۇبۇلقاسىم مەتنىياز يۇرۇڭقاش



# «نەقشۋەن» گىلەملىرى ۋە ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان سىرلار

(ئەدەبىي ئاخبارات)

بۈگۈن مەن ئادىتىم بويىچە خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزىي سودا بازىرىغا يېتىپ كەلدىم، تېخى ئەتىگەن بولۇشىغا قارىماي، بۇ بازارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىك كوچىلىرىدا ئادەملەر مىغىلدايتتى، خىلمۇخىل ئاپتومبىللار خۇددى باپكارنىڭ موكىسىدەك ئالدىراشلىق بىلەن ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىشاتتى، پويىز ۋاگونىدەك بىر - بىرىگە ياندىشىپ تۇرغان دوكانلاردىن ئۈزۈلمەي ياڭراۋاتقان ئۈنئالغۇنىڭ ئاۋازى بازارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا گىلەم بازىرىغا كېلىپ قالغانلىقىمنى سەزمەي قاپتىمەن، ئوتقاشتەك جۇلالاپ تۇرغان خىلمۇخىل گىلەملەر كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. گىلەم ئالىدىغانلارمۇ، ساتىدىغانلارمۇ ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولۇپ، گىلەم سودىسى جانلىنىپ كەتكەنىدى.

—بۇ، زەپمۇ چىرايلىق توقۇلغان گىلەمكەن، قانچە پۇلغا ساتىدىلا؟

—3000 يۈەنگە ساتىمەن.

—2500 يۈەنگە بېرەملا؟

—كەم بولار، ئوبدان كۆرسىلە، گىلەمدە ئېۋەن يوق.

—بۇ، قايسى گىلەم كارخانىسىدا توقۇلغان گىلەم؟

—يۇرۇڭقاش «نەقشۋەن» گىلەم كارخانىسىدا.

—بۇ كارخانىدىن چىققان گىلەمنىڭ ئېۋىنى يوق، سۈپىتى ياخشى.

بۇ، گىلەم بازىرىدا گىلەم سودىسى قىلىۋاتقانلارنىڭ پاراڭلىرى ئىدى. مەن بۇ ئۇچۇرغا ئاساسەن، يېقىندا بۇ كارخانىنى زىيارەت قىلدىم.

—بۇ، «نەقشۋەن» گىلەم كارخانىسىنىڭ خوجايىنى ئابلەھەت ھاجىم بولىدۇ، —دېدى لوپ ناھىيە يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ باشلىقى مەتنۇرى مەتسالى ماڭا ئېگىز بوي، قەددى - قامەتلىك كەلگەن، رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن، چىرايىدىن خۇشخۇيلۇق، سەممىيلىك چىقىپ تۇرغان 43 ياشلار چامىسىدىكى كىشىنى كۆرسىتىپ، بىز قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا كېلىشتىكى مۇددىئايىمنى ئېيتتىم. كەلگەنلىرى ياخشى بوپتۇ، قارشى ئالىمەن دېدى، - ئۇ قىزغىنلىق بىلەن.

مەن ئابلەھەت ھاجىمنى ئۆزىنىڭ ئائىلە ۋە ھايات تارىخىي ھەم گىلەم كارخانىسىنىڭ بەرپا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدىم. ئۇ خۇشاللىق بىلەن تەكلىپىمگە قوشۇلۇپ، ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى:

—مەن 1963 - يىلى ئۆرۈك گۈللىگەن چاغدا يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ ئېگىز ئېرىق كەنتىدە ئۇقۇمۇشلۇق بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئىكەنمەن، دادامنىڭ ئىسمى رەخمەت ئاخۇن بولۇپ، ئۇ ئاق كۆڭۈل، مېھنەت سۆيەر، دىيانەتلىك، قەيسەر، ئىرادىلىك كىشى ئىدى، ئەقلىمگە كەلسەم دادام قوي يۇڭى ئېلىپ - سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنىكەن، ئانامنىڭ ئىسمى ئىمانىخان بولۇپ، ئۇ، بەكمۇ چىۋەر، ئىشچان ھەم زىرىپ ئايال ئىدى. ئائىلىدە بىردەم بىكار ئولتۇرمايتتى. مەن جەمئىي ئالتە بىر تۇغقان بولۇپ، تۆتى ئوغۇل، ئىككىسى قىز، مەن بالىلارنىڭ ئالتىنچىسى بولۇمەن، كوممۇنا ۋاقتىدا دادام دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغان، ئانام يەسلىدە دېھقانلارنىڭ بالىلىرىنى بېقىپ بەرگەن، دادام، ئانامىلا تاڭ ئاتاردىن كۈن پاتارغىچە تەرگە چۆمۈلۈپ شۇنداق جاپالىق ئىشلىسىمۇ، ئەمما ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى نامراتلىق، غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتەتتى. مەن كەنت باشلانغۇچ

NEW JADE LITERATURE

مەكتىپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يۇرۇڭقاش بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدۇم، ئانام مېنى ھەردائىم تىرىشىپ ياخشى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى، گەرچە كۆپ جاپا تارتسىمۇ ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىپ، بىزنى كىتاب ئوقۇشقا، تاپشۇرۇق ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇراتتى. مۇشۇلارنى ئويلىسام، ئانامنىڭ بىزنى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، بىلىملىك ئادەم بولۇشقا سەرپ قىلغان ئەجرىنىڭ ھەقىقەتەن چەكسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن.

مەن 1979 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ يىلى دۆلەتلىك ئالىي مەكتەپلەر ئىمتىھانىغا قاتناشتىم، پەقەت بىر نومۇرۇمنىڭ كەملەپ قېلىشى تۈپەيلىدىن ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرەلمىدىم، ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش ئوتلۇق ئارزۇيۇم سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك يوققا چىققاندىن كېيىن، بىرقانچە كۈنگىچە يىغلى چىقىپ كەتكەن تۇپتەك بوشاپ گېلىمدىن غىزا ئۆتمىدى، كېچىلىرى كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قاچتى، ئىنتايىن بىئارام بولدۇم، مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرگەن ئانام:

ــ ئوغلۇم، سەن تېخى ياش، ئالدىڭدا پۇرسەت يەنە بار، سەن تېخى نى ـ نى ئىشلارنى قىلالايسەن، بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئۈمىدۋار، روھلۇق بولغىن، ياخشى كۈنلەر تېخى ئالدىڭدا، ــ دېدى، ئۇنىڭ ئىلھامبەخش بۇ سۆزلىرى ماڭا تاغدەك كۈچ ـ قۇۋۋەت بەخش ئەتتى.

دادامنىڭ تىنىم تاپماي ئىشلەيدىغان قەيسىرانە روھى قېنىمغا سىڭىپ كەتكەندەك، ئانامنىڭ ھېلىقى سۆزلىرى قاراڭغۇلۇقتا پاتقان قەلبىمنى يورۇتتى. شۇنىڭ بىلەن دادامنىڭ يۇڭ ئېلىپ ـ ساتىدىغان كەسپىگە ۋارسلىق قىلىش ئىرادىسىگە كەلدىم. بۇ ئويۇمنى دەرھال ئانامغا ئېيتتىم. ئانام مەمنۇنىيەت بىلەن:

ــ ھەببەللى، يارايسەن ئوغلۇم، ئەمدى ئەقلىڭنى تېپىپسەن، پەرزەنت دېگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ كۆزىنىڭ قارىسى، يۈرىكىنىڭ پارىسى، ئىشلىرىنىڭ ۋارىسى، بۇ كەسىپكە قول تىقساڭ داداڭمۇ خۇش بولۇپ، سېنى يۆلەيدۇ، مەن ساڭا مەدەتكار، ئىشىڭغا بەرىكەت ياغسۇن! ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن 1980 ـ يىلى ئەتىياز پەسلىدە 31 يۈەن پۇلنى دەسمايە قىلىپ، يۇڭ ئېلىپ ـ سېتىش تىجارىتىگە كىرىشتىم، كونا بىر ۋەلسىپىتىم بار ئىدى، ئۇنى مىنىپ ئەتىگەن لوپ ناھىيىسىنىڭ دول، ھاڭگى، سامپۇل، چارباغ يېزىلىرىنىڭ بازىرىغا بېرىپ يۇڭ سېتىۋالاتتىم، يەنە سېتىۋالغان يۇڭلارنى ۋەلسىپىتنىڭ كەينىگە ئارتىپ، 30 نەچچە كىلومېتىر يولنى بېسىپ، خوتەن شەھىرىدىكى بازارغا ئەكىلىپ ساتاتتىم، ۋەلسىپىتىم تالاي قېتىم يېرىم يولدا بۇزۇلۇپ، بوران، يام-



غۇرلاردا قالغان چاغلىرىمۇ بولدى، ۋەلسىپىتنى يېتىلەپ ھېرىپ ـ چارچاپ روھىم چۈشۈپ، مەيۈسلىكتە ئۆيگە قايتىپ كەلسەم ئانام:

ــ ھارمىغىن ئوغلۇم، قېنى، چاي ئىچكىن دېسە، ھارغىنلىقىم بىراقلا ئۇنتۇلۇپ، كۆڭلۈم يامغۇردىن كېيىنكى باھار ئاپتىپىدەك ئېچىلىپ كېتەتتى. بىر ئىش ھېلىغىچە زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. 1982 ـ يىلى باھار، دەل ـ دەرەخلەر ياشىرىپ، قۇشلار ۋىچىرلىشىپ باھار تەنتەنىسىگە چۆمگەن كۈنلەر ئىدى. مەن بىر يەكشەنبە دول يېزىسىنىڭ بازىرىدىن سېتىۋالغان يۇڭنى ۋەلسىپىتنىڭ كەينىگە ئارتىپ، خوتەنگە قاراپ كېلىۋاتاتتىم، چارباغ يېزىسى تەۋەلىكىگە يېتىپ كەلگىنىمدە، تويۇقسىز ۋەلسىپىت بۇزۇلدى، ئۇنى ئوڭشۇتۇپ بولغىچە نامازدېگەر ۋاقتى بولۇپ قالدى، خوتەن شەھىرىنىڭ يۇڭ بازىرىغا يېتىپ كەلگىنىمدە، ئانام بىلەن سىڭلىم مېھرىنىسا يولۇمغا ئىنتىزارلىق بىلەن قاراپ، جىلى بولۇپ ئولتۇرغانىكەن، ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتتىم، ئۇلار ماڭا كۆپ ئىچ ئاغرىتىشتى. بۇ كۈنى يۇڭ بازىرىغا بەكمۇ كەچ يېتىپ كەلگىنىم ئۈچۈن پەقەت سودا قىلالمىدىم. بار پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىگە يۇڭ ئېلىپ بولغاچقا، يانچۇقۇم قۇرۇق ئىدى، ئانام، سىڭلىمغا بىر چىنە دوغمۇ ئېلىپ بېرەلمىگىنىم ئۈچۈن، خىجىللىقتا ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم. ئەمما ئانام رەنجىمىدى. بەلكى مېنى تېخىمۇ كۈچەپ، تىرىشىپ ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈردى. مەن قەتئىي ئىرادە، تولۇپ ـ تاشقان

غەيرەت بىلەن، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىشىمنى داۋاملاشتۇردۇم. كېيىنچە چىرا ناھىيىسىنىڭ چاقار، ئۈلۈغساي، نۇرى، بوستان قاتارلىق تاغلىق يېزىلىرىغىچە باردىم. يۇرۇڭقاشتىن ئۇ يەرلەرگە دېھقان، چارۋىچىلارغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە يەم ـ خەشەك قاتارلىقلاردىن ئاپىرىپ ساتتىم، ئۇ يەرلەردىن يۇڭ ئېلىپ قايتىپ كېلىپ، خوتەن شەھىرىنىڭ بازىرىدا ساتتىم، تىجارىتىم جانلىنىپ يىلسېرى روناق تاپتى، كېيىنچە ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي چەرچەن، چاقىلىق، لوپنۇر قاتارلىق جايلارغىچە بېرىپ، ئۇ يەرلەردىن ئالغان يۇڭنى خوتەن شەھىرىگە يۆتكەپ ساتتىم. تىجارىتىمنىڭ روناق تېپىشىغا ئەگىشىپ قولۇم ئۇزاردى، يانچۇقۇم تومپايدى، ئانامنىڭ ئېيتقىنىدەك ئىشلىرىمغا بەرىكەت ياغدى، ماڭا ئامەتلەر يار بولدى.

1983 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، يۇرۇڭقاش بازارلىق تەمىنات ـ سودا كوپراتىپىدا ئىشلەيدىغان تۇغقىنىمىز جىلىل جامالنىڭ قىزى ئەنۋەرخان بىلەن توي قىلدىم، پاك سۆيگۈ، ئىجىل ـ ئىناق تۇرمۇشنىڭ خاسىيىتى بىلەن مانا ئۈچ پەرزەنتكە دادا بولدۇم. بىرىنچى پەرزەنتىم مەرھابا ھازىر يۇرۇڭقاش بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، تۆت ياشلىق پەرزەنتىم نۇرئىسلام بىلەن ئىككى ياشلىق ئوماق قىزىم سۇبھىنۇر ھازىر ئانا تەربىيىسىدە بولۇۋاتىدۇ.

1985 ـ يىلىغا كەلگەندە، مەن ئەتراپلىق ئىزدىنىم، كەنتىمىزدە كىگىز ئېتىدىغان ھۈنەرۋەنلەر كۆپ، بازاردا گۈللۈك كىگىزنىڭ سودىسى ئىتتىك بولۇشتەك ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، ئائىلەمدە 20 كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر كىگىزچىلىك كارخانىسى قۇردۇم، سودىدا ئادىل، مۇلازىمەتتە توغرا، قىزغىن بولدۇم. نەتىجىدە تىجارىتىم يىلسېرى روناق تېپىپ، ئائىلە ئىگىلىكىم گۈللەندى، ماڭغانسېرى يولۇم كېڭەيدى. مەن ئىلگىرى چەت ئەللەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئەھۋالىغا بەكمۇ قىزىقاتتىم، چەت ئەلگە چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلەرگە ھەۋەس قىلاتتىم، گېزىت ـ ژۇرناللاردىن چەت ئەلگە چىققانلارنىڭ يازغان ماقالىلىرىنى تەكرار ئوقۇيتتىم، كۆڭلۈمدە چەت ئەلنى بىر زىيارەت قىلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، چەت ئەلگە چىقىش پۇرسىتى ئاخىر ماڭىمۇ نېسىپ بولدى. 1993 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان، مالايسىيا قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولدۇم، بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق نەزەر دائىرەم تېخىمۇ كېڭەيدى، سەئۇدى ئەرەبىستاندا پەننى ئومۇملاشتۇرۇش، ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىپ، خېلىلا ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىپتۇ، بۇنىڭدىن مەن تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن پەن ـ تېخنىكا، ھۈنەر ئۆگىنىش، بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، كۆڭلۈمگە نۇرغۇن يېڭى پىلان، ئارزۇلارنى پۈكتۈم.

2000 ـ يىلى ھاياتىمدىكى زور بۇرۇلۇش بولغان بىر يىل بولدى. خاس بىرخىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ تېز بېيىغىلى بولمايدىغانلىقنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم، يۇرتىمىز قەدىمى ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ ماكانى، گىلەم توقۇش ماھىرلىرىنىڭ كۆپ، خام ئەشيالارنىڭ مول، گىلەمنىڭ بازىرى ئىتتىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرۇڭقاشنىڭ خوتەن شەھىرىگە يېقىن بولۇشتەك تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بىر گىلەم كارخانىسى قۇردۇم، ئۇنىڭغا دەسلەپكى قەدەمدە 86 دەستىگاھ تەييارلاپ، يۇرۇڭقاش تەۋەلىكىدىكى گىلەم توقۇشنى بىلىدىغان نامرات دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار ھەم ئىش ئورنىدىن قالغانلاردىن بولۇپ، 328 نەپەر كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بازار ئۇچۇرىغا، تېخنىكا يېڭىلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردىم، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى كارخانامنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلدىم، گىلەم نۇسخىلىرىنى ئەسلىدىكى بەش خىلدىن 25 خىلغا كۆپەيتتىم، گىلەملەرگە پۈتۈنلەي خوتەن قويىنىڭ يۇڭىنى ئىشلەتتىم، بازار ئەھۋالى ھەم خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىش تۇتتۇم.

تۆگە يۇڭىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىسسىقلىق مىقتارى كۆپ، بۆرەك ئاجىزلىق، يۈرەك، پۇت ـ قول زەئىپلىشىش، رېماتىزم قاتارلىق بىر قىسىم كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا شىپالىق رولى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ساپ تۆگە يۇڭىدا گىلەم توقۇشنى يولغا قويۇپ، خېرىدارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتىم. بۇخىل گىلەم خاس شىنجاڭنىڭ ئىچىدە بازار تېپىپلا قالماي، بەلكى بېيجىڭ، شاڭخەي، خېنەن، خۇبېي، گۇاڭجۇ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردە ۋە پاكىستان، سەـ

ئۇدى ئەرەبىستان، مالايسىيا قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ۋە گىلەم سودىگەرلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، گىلەم زاكاز قىلدى. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تۇرمۇش چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا بىر تەرەپ قىلىنسا، ياخشى ئۈنۈم ئېلىپ كېلىدۇ، مەن بۇ نۇقتىنى خېلىلا چوڭقۇر چۈشىنىمەن، مەن كارخانامنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي خىرىس، كەسكىن بازار رىقابىتىدە مەزمۇن پۇت تىرەپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ ھاياتى كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خالۋاپىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدۈم، ئۇلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىنىڭ بىر قىسمىنى مۇددەتتىن ئىلگىرى تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ، دەردىگە دەرمان بولدۇم، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى تېخىمۇ ئۇرغۇپ، كارخانامنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆستى، كارخانامدا ئىشلىگەن خالۋاپىلارنىڭ ئايلىق ئەڭ يۇقىرى ئىش ھەققى 500 يۈەنگە يەتتى، ھەر ئايدا توقۇلىدىغان گىلەملەرنىڭ ئوتتۇرىچە مىقدارى 151 كۋادرات مېترغا يەتتى. بىر يىلدا خاس خالۋاپىلار ئۈچۈن 325 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تارقاتتىم، دۆلەتكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باجنى ۋاقتىدا تاپشۇردۇم.

2003 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ھاياتىمدىكى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس بىر كۈن بولدى. بۇ كۈنى ۋىلايىتىمىزدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋىلايىتىمىز رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كارخانامغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ، مەن بىلەن سەممىي ئەھۋاللاشتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئاخىرىدا ئۇ قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

ـــ ھەقىقەتەن كارامىتىڭىز بار ئىكەن، بۇ كارخانىنى قۇرغىنىڭىز بەكمۇ ياخشى بوپتۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپسىز، بۇ كارخانا مەن شىنجاڭدا كۆرگەن، ساپ تۆگە يۇڭىدا گىلەم توقۇيدىغان بىردىن ـ بىر كارخانا بولدى. خوتەن گىلىمى گۈزەل ھەم جەزبىدار، ئۇنىڭ شانۇشۆھرىتى خەلقئاراغا تارالغان، كارخانىڭىزنىڭ زور تەرەققىيات ئىستىقبالى بار ئىكەن، مەن سىزنىڭ گىلەملىرىڭىزگە ماركا ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىزنى، يەنىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ كارخانىڭىزنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، ـ دېدى. ئۇنىڭ ئىلھامبەخش سۆزلىرىدىن قەلبىم يايرىدى، مەن ئاپتونوم رايون رەھبىرى، يەنە كېلىپ دۆلەتنىڭ بىر رەھبىرىنىڭ كارخانامغا كېلىشىنى، مېنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئىشلىرىمغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن. شۇ كېچىسى يالقۇنلۇق ھېس ـ ھاياجانلار ئىلكىدە كۆزۈمگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى، روھىم ئۇرغۇپ تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدىم.

2004 ـ يىلى ھەممە ياق باھار تەنتەنىسىگە چۆمۈلگەن كۈنلەر ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ۋىلايىتىمىز رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كارخانامغا كېلىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە مېنىڭدىن كارخانامنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، گىلەمچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى، ئاخىرىدا مېنىڭ بىلەن بىرگە سۈرەتكە چۈشۈپ ئۆچمەس خاتىرىلەرنى قالدۇردى. ئۇنىڭ سۆزلىرى قەلبىمدە گويا لاۋۇلداپ كۆيۈپ



تۇرغان ئوتنى ئۇلغايتقاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن گىلەمچىلىك تىجارىتىنى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا يۈزلەندۈرۈش قەتئىي ئىرادىسىگە كەلدىم. چۈنكى ئۇيغۇر گىلەمچىلىك سەنئىتى قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ھاسىل قىلغان ھۈنەر ـ سەنئەتتىكى يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ئەمەسمۇ؟ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بۇ تەۋەررۈك ھۈنەرنى بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا، گىلەمچىلىك ھۈنەر-سەنئىتى قەدرىنى تاپتى. 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا ئاتاقلىق رەسسام، پىروفېسسور غازى ئەھمەدنىڭ لايىھىلىشى بىلەن، ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىدىكى خالۋاپلار يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن گىلەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك توقۇپ، گىلەمچىلىك ساھەسىدە يېڭى بىر باشلىنىشنى قولغا كەلتۈردى، 80-يىللاردا قارىقاش ناھىيىسىدىكى گىلەم توقۇش ماھىرى بائىمەخان ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن لوندونغا بېرىپ، گىلەم توقۇش ماھارىتىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر گىلەمچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىنى يەنە بىر قېتىم دۇنياغا نامايان قىلدى. 90-يىللاردا يەنە پىروفېسسور غازى ئەھمەدنىڭ لايىھىلىشى بىلەن ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىدىكى خالۋاپلار «تەڭرىتاغ كۈيى» ناملىق گىلەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك توقۇپ، پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا سوۋغا قىلدى. بۇ گىلەم بىر سەنئەت بۇيۇمى سۈپىتىدە بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويۇلدى. يەنە ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەھمەدنىڭ لايىھىلىشى بىلەن ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىدىكى خالۋاپلار «دوستلۇق گۈللىرى ياشنايدۇ» ناملىق گىلەمنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن توقۇپ، 1997-يىلى ئۇنى شياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىگە سوۋغا قىلىپ، گىلەم ھۈنەر-سەنئىتىمىزنىڭ شانۇشەۋكىتىنى پۈتكۈل ئاسىياغا تارقاتتى. 2002-يىلى 10-ئايدا خوتەن ناھىيىسىنىڭ توساللا يېزا جاالالباغ كەنتىدىكى دېھقان گىلەمچى روزىنىساخان ماۋزېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن قاتارلىق پارتىيىمىزنىڭ ئۈچ ئەۋلاد داھىلىرىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن گىلەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك توقۇپ، ئۇنى پارتىيە 16-قۇرۇلتىيىغا سوۋغا قىلدى. 2004-يىلى ۋىلايەتلىك گىلەم كارخانىسىدىكى خالۋاپلار يەنە «مۇقام شەيدالىرى» ناملىق گىلەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك توقۇپ چىقىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر گىلەمچىلىك سەنئىتىنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى نامايان قىلدى، بۇ ئېسىل، تەۋەررۈك ھۈنەرنى يەنىمۇ ئىلغار تېخنىكا بىلەن بېيىتىپ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈردى. مېنىڭچە ئۇيغۇر گىلەمچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ، دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيىگە كۆتەرسەم دەيدىغان بىر ئوتلۇق ئارزۇ-ئارمان بار، شۇڭا بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىۋاتىمەن، بۇ ئىستىكىم يولىدا تىرىشىۋاتىمەن، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە كارخانامغا ئوبدان كۆڭۈل بۆلدى، 2004-يىلى 6-ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جۇخەيلۇن ئىلتىماسىمدىن مېنىڭ كارخانىنى يېڭىلاپ سېلىشتا يەر ئورنى ۋە مەبلەغ جەھەتتە قىيىنچىلىق تارتىپ قالغانلىقىمدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋە لوپ ناھىيىسىنىڭ مەسئۇللىرىغا مېنىڭ كارخانامغا يەر ئورنى ھەل قىلىپ بېرىش ۋە بىر مىليون يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇندىن بېرى بېشىمنى قاتتۇرۇپ كەلگەن قىيىن مەسىلە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل بولدى.



2004-يىلى مەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، گىلەمچىلەرنىڭ قەدىمىي پىر-ئۇستازى بولغان «نەقشىۋەن» دېگەن كىشىنىڭ ئىسمىنى ماركا قىلىپ تاللاپ، ئۇنى قانۇنلۇق ھالدا بېكىتىپ ئىشلىتىشنى يولغا قويدۇم.

2004-يىل 22-ئاپرېل، قەدىمىي شەھەر خوتەن قاينام-تاشقىنلىق بايرام مەنزىرىسىگە چۆمۈلگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن تەكلىپ بويىچە كەلگەن مېھمانلار خوتەن شەھىرىدىكى «ئىتتىپاق» مەيدانىغا جەم بولدى، چۈنكى بۈگۈن بۇ يەردە ۋىلايىتىمىز تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق كاتتا مەرىكە — خوتەن قاشتېشى مەدەنىيىتى — ساياھەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلگەندى. مەن بۇنىڭدىن چەكسىز ئىپتىخارلاندىم، چۈنكى مېنىڭ كارخانامدا توقۇلغان گىلەملەر ئاشۇ يەرمەنكىدىن ئورۇن ئېلىپ، جايلاردىن كەلگەن ھەرمىللەت ساياھەتچىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىۋەتتى.

راست گەپنى ئېيتسام، 2004-يىلى مەن ئۈچۈن

خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق قېتىلغان تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر يىل بولدى، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا مەن يىپەك يۇرتىدىكى ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئىشچان كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كاتتا يەرمەنكىسىگە قاتناشتىم، مەن يەرمەنكىگە قاتناشتۇرغان ئېسىل گىلەملەر يەرمەنكە ئەھلىنىڭ ئەقلىنى لال قىلدى، يەرمەنكىگە قويۇلغان 48 پارچە گىلەمنىڭ ھەممىسى تېزلا سېتىلىپ بولدى، تۆگە يۇڭىدا توقۇلغان گىلەملەر ئېھتىياجىنى زادىلا قاندۇرالمىدى، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېفېي شەھىرىدىكى تۈرلۈك ماللار شىركىتى بىلەن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭخې ناھىيىسىدىكى ھەرخىل توقۇلما بۇيۇملار مەھسۇلاتلىرى شىركىتى مېنىڭ بىلەن ساپ تۆگە يۇڭىدا توقۇلغان گىلەمدىن 710 مىڭ يۈەنلىك سېتىۋېلىش ـ سېتىپ بېرىش توختامى ئىمزالىدى.

مەن تىجارەت ئىشلىرىمنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، 2003 ـ يىلىدىن ئېتىۋارەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ، گىلەمنى خېرىدارلارنىڭ كۆز ئالدىدا توقۇپ سېتىش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، كارخانامنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇردۇم. يېقىنقى يىللار ئىچىدە ناھىيە ھەم ۋىلايەت رەھبەرلىرى كارخانىنى كۆپ قېتىم كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، مېنى كارخانىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، گىلەمچىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى. مەن تېخىمۇ روھلاندىم، يېڭى پىلانلارنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. 2004 ـ يىلى يۇرۇڭقاش بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى كارخانامنى مەركەز قىلغان ھالدا بازار بويىچە گىلەمچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇپ، كارخانىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. خىزمەتلىرىمگە زىچ ماسلاشتى. 2005 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىپ كۆپ ئەقىل تاپتىم. كارخانام بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، كىچىكلىكتىن چوڭيۇپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، مۇقىم مۈلكى 1 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 381 نەپەرگە يەتكەن، ئىشلەپچىقىرىش جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، داڭلىق پۇقراۋى كارخانىغا ئايلاندى. مەن كارخانامدا شاگىرت تەربىيىلەش نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، بۇلتۇر ۋە بۇ يىل 4 ـ ئايغىچە 476 كىشىگە گىلەمچىلىك كەسپى، گىلەمچىلىك مەدەنىيىتى بويىچە دەرس ئۆتۈپ، ئۇلارنى مول تەربىيىگە ئىگە قىلدىم. 2005 ـ يىلىنىڭ ئاخىرغىچە كارخانامنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى 500 نەپەرگە يەتكۈزۈشنى، گىلەمچىلىكنى كۆلەملەشتۈرۈش ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىتىشنى نىشان قىلىپ، جاسارەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەۋاتىمەن.

بۇلتۇر تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە بازىرىمىزنىڭ باش ئېگىز ئېرىق كەنتىدىن 250 مىڭ يۈەنگە 50 مو يەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى 30 يىللىق مۆھلەت بىلەن سېتىۋېلىپ، ياڭاقچىلىقنى ئاساس قىلغان مېۋىلىك باغ بىنا قىلىشقا تۇتۇش قىلىپ، 2500 تۈپ ئەلا سورتلۇق ياڭاق كۆچىتى سالغاندىم، ھازىر بۇ ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ ئالدى مېۋىگە كىردى، بۇ مېۋىلىك باغدا يەنە كىچىك تىپتىكى بىر چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇپ، 45 تۇياق ئەلا سورتلۇق خوتەن قويى، 25 تۇياق كالىنى بېقىشنى يولغا قويدۇم، بۇلتۇر جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى بىر شىركەت بىلەن ئالاقە باغلاپ، 100 مىڭ يۈەنلىك گىلەم توقۇپ بېرىش توختامى تۈزگەندىم، يىل ئاخىرىدا بۇ توختامنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتىم. مەن پارتىيىنىڭ دانا سىياسىتىنىڭ ئىلھامىدا، ھالال مېھنەت ـ ئەمگىكىمگە تايىنىپ بېيىدىم، ئەمما مېنىڭ نۇرغۇن يۇرتداشلىرىم تېخى نامراتلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ، مەن ئۇلارنى بېيىشقا يېتەكلەپ، پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيىدا كۆرسىتىلگەن ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا داۋاملىق تىرىشىمەن.»

مەن بۇ ئىلھامبەخش بايانلاردىن ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەر، پاراسەتلىك كارخانىچىغا خاس سالاھىيىتى بىلەن ئەگرى ـ توقاي ھايات مۇساپىسىدا جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، بۈگۈنكىدەك ئىگىلىك يارىتالىغان جەريانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا بەرىكەت، تېخىمۇ كۆپ ئۇتۇقلارنى تىلىدىم.

سۆھبىتىمىز ئاخىرىدا مەن ئابلەھەت ھاجىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئومۇمىي كۆلىمى 800 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كۆركەم، يورۇق كارخانىنىڭ توقۇش سېخىنى كۆزدىن كەچۈردۈم، دەرىزىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرىدا يوپيورۇق بولۇپ كەتكەن سېخ ئىچىدە جۇشقۇن، كۆتىرەڭگۈ، روھلۇق خالۋاپلار دەستگاھ ئالدىدا چى-

ۋەرلىك بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. بىر ـ بىرىدىن ئېسىل، رەڭدار گىلەملەر كۆزنى قاماشتۇراتتى، شۇ تاپتا مەن ئۆزۈمنى گويا رەڭمۇرەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان بىر گۈلزارلىققا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. قەلبىمدە ئۇرغىغان ئىلھاملار بىلەن مۇنۇ شېئىرنى يازدىم:

گىلەم ھۆسنىگە باقسام،
زوقۇم تاشار يۈرەكتىن.
خەلقىم بەختىنى كۆردۈم،
ئۇندىكى گۈل ـ چېچەكتىن.

دەستىگاھقا بەردى جان،
ئەمگەكچان چېۋەر قوللار.
شۇ قوللاردىن ئېچىلدى،
پاراغەتكە كەڭ يوللار.

——ئابلەھەت ھاجىم يارايدۇ، ئۇ، ھەقىقەتەن يۇرۇڭقاشلىقلارنىڭ پەخرى، شەرىپى بولۇشقا مۇناسىپ، بىز ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلىنىمىز، ــ دېدى يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ باشلىقى مەتنۇرى مەتسالى ھاياجانلانغان ھالدا،

——ئابلەھەت ھاجىم ئاق كۆڭۈل، ديانەتلىك سېخىي ئادەم، ئۇ بېيىغاندىن كېيىن، ئاجىز، يېتىملار، نامراتلارغا خەيرى ـ خاھلىق قىلىپ كەلدى، قوشنىسى ياشنىپ قالغان تۇل ئايال رابىيخانغا ئۆز يېنىدىن 10 نەچچە مىڭ يۈەن چىقىرىپ، پىششىق خىش بىلەن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ بەردى، 2000 يۈەن چىقىرىپ، ئۆزى ئولتۇرۇشلۇق كەنتتىكى نامرات دېھقان تۇرسۇننىيازنىڭ تويىنى قىلىپ قويدى، يۇرۇڭقاش بازارلىق ياشانغانلار ساناتورىيىسىگە 1000 يۈەن قىممىدە 12 پارچە كىگىز ياردەم قىلدى ھەمدە بۇلتۇز روزى ھېيتتا، بۇ يىل قۇربان ھېيتتا بۇ بازاردىكى ئاجىز، نامراتلارغا 2500 يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى. ئۇنىڭ سېخىيلىق بىلەن قىلغان ياردىمى دەل ۋاقتىدا ياغقان خاسىيەتلىك باھار يامغۇرىدەك ئاجىز، يېتىم، نامراتلارنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى. ئۇلار خوشلۇقتا ئابلەھەت ھاجىمغا كۆپلەپ مىننەتدارلىق ئىزھار قىلدى. جاپانىڭ كەينىدە راھەت بار، ئىنساننىڭ قىممىتى ئۇنىڭ چىرايىنىڭ گۈزەل، كىيىمىنىڭ پۇزۇر، مەنسىپىنىڭ يۇقىرى، مال ـ مۈلۈك دۇنياسىنىڭ كۆپلىكى بىلەن ئۆلچەنمەستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن قىلغان ئەھمىيەتلىك ئىشلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. شۇنداق، ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق. تۆھپە تۆرگە باشلايدۇ. ئابلەھەت ھاجىم ھازىرغىچە ياراتقان ئەمەلىي تۆھپىلىرىگە ئاساسەن، بازار، ناھىيە بويىچە كۆپ قېتىم ئالدىن بېيىغانلار ئۈلگىسى، ۋىلايەت بويىچە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىگىلىك يارىتىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى شەرەپ چولپىنى، ئۇنىڭ كارخانىسى 2005 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلار ئۈچۈن ياخشى مۇلازىملىق قىلىشتىكى ئۈلگىلىك پۇقراۋى يېزا ـ بازار كارخانىسى» دېگەن شەرەپلىكناملارغا ئېرىشىپ ئالاقىدار ئورۇنلار تەرىپىدىن تەقدىرلەندى ھەم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئەزىم دەريا يۇرۇڭقاش خىسلەتلىك دەريا، ئۇ، زامان ـ زامانلاردىن بۇيان، قاشتېشى چاپقاپ دوقۇنلىنىپ ئېقىپ كەلدى، ئۇنىڭ سۈزۈك سۇلىرى ئانا تۇپراققا سىڭىپ، ئۇنى يېشىللىققا ئورىدى، ئۇنىڭ خىسلىتىدىن تەكلىماكان باغرىدىكى بۇ قەدىمى ۋادىدا گۈزەل باغ ـ بوستانلىقلار يارالدى. ئابلەھەت ھاجىم ئەنە شۇ ئانا دەريانىڭ بويىدا تۇغۇلۇپ، ئۇنىڭ ئابىھايات سۈيىنى ئىچىپ ئۆسۈپ يېتىلدى، ئەقىل تاپتى. ئانا دەريانىڭ سۇلىرى، خىسلىتى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا سىڭدى، ئۇنىڭ نامى ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن قىلغان ئەھمىيەتلىك ئىشلىرى بىلەن مۇشۇ گۆھەر زېمىندىكى خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا تالانتلىق شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ بىر شېئىرى ئېسىمگە كېلىپ قالدى، ئۇنى ئابلەھەت ھاجىمغا تەقدىم قىلىشنى لايىق تاپتىم:

يۆلەكسىزنى يۆلىگەنلەر ياشىسۇن،
يۆگەكسىزنى يۆگىگەنلەر ياشىسۇن،
ئۆزى ئالماي يامبۇ ياغسا ئاسماندىن،
ئەلگە يامغۇر تىلىگەنلەر ياشىسۇن.
ئۆزگىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن دەرد تارتىپ،
ئۆزى راھەت كۆرمىگەنلەر ياشىسۇن.

شۇنداق، ئابلەھەت ھاجىمدەك ئەل ـ يۇرتىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىپ، ماڭغان يولىدىن تۇزۇماس خۇشپۇراق گۈللەرنى ئېچىلدۇرغان، ئەل سۆيەر، مەرد، مەردانە، جەسۇر ئوغلانلار ياشىسۇن! تېنى داۋاملىق سالامەت، ئائىلىسى خاتىرجەم بولۇپ، ئىشلىرىغا بەرىكەت باغىسۇن!

(ئاپتور: «خوتەن گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**



# بىزدىكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى

مەمتىمىن رەجەپ

(فېلىيەتون)



زۆرۈرىيىتى بار ـ يوقلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، دەرىجىمۇ دەرىجە، قاتلاممۇ قاتلام رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇش ــ بۈگۈنكى زامان رەھبەرلىك سەنئىتى ۋە ئۇسۇلىدىكى كەڭ ئومۇملاشقان يېڭى يۈزلىنىشكە ئايلىنىپ قالدى.

رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇش ــ شۇ دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئۆتكۈنچى خىزمەتكە ئەھمىيەت بەرگەن ـ بەرمىگەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم قىلىنىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇش شاملى ئەۋج ئېلىپ، بۇ «شامال» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرغانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش، ھۆججەتلەرنى ھەممىلا يەردە ئۇچۇرۇپ يۈرىدىغان بولدى.

رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ كۆپلىكىدىن، تۆۋەندىكىلەر ئۇنى ئاڭقىرىپ بولالماي، باشلىرى ئايلىنىپ كەتتى. ھەتتا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغانلىق توغرىسىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەرگە مۇبارەك نام ـ شەرىپى سىغداپ كىرگۈزۈلگەن زاتلارمۇ، ئۆزىنىڭ قايسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىدا، قانچە رەھبەرلىك گۇرۇپپىدا، نېمە ۋەزىپە ئۆتىگەنلىكىنى بىلىشكە ئۈلگۈرەلمىدى. مەركىزىي خىزمەت، يىللىق ۋەزىپىلەر، شۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان چوڭ ـ چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە، دائىملىق خىزمەتلەردە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ھەر تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، مالىيە كۈچى، رەھبەرلىك سالمىقى، ئادەم كۈچىنى بىر نۇقتىغا قارىتىش، ئارتۇقچە ئىش ئەمەس ئىدى.

ئەمما، بىزدە بىر نەچچە كۈنلۈك، قىسقا دەۋر قىلىدىغان ئىشلاردىمۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇش مودىغا ئايلاندى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغانىكەن، نۇرغۇن تارماقلاردىن رەھبەر ئاجرىتىپ، ئىشخانا تەسىس قىلىپ، ماشىنا، ئادەم، راسخوت سەپلەيدىغان گەپ، بۇنى بىھۇدە ئاۋارىچىلىق، ئورۇنسىز ئىسراپخورلۇق دېمەي، نېمە دەيمىز؟ يەنە شۇنداقمۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى باركى، ئۇنىڭ بىمەنىلىكىدىن كىشىنىڭ كۈلگىسى كېلىدۇ.

ئاددىي مىسال:

چاشقان تۇتۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى،

چىۋىن يوقۇتۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى،

ئەخلەت يۆتكەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى،

ھاجەتخانا ئۆزگەرتىش رەھبەرلىك گۇرۇپ-

پىسى،
ئۇلاغچىلىق رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى،
ئوغۇت توپلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى...
ۋاھاكازالار.

بۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ئاتالماقتا ئەھمىيەتلىكتەك، خەلق مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىكتەك تۇرغىنى بىلەن، نامدا بار، ئەمەلدە يوق، ساندا بار، ھەمدەمدە يوق، قەغەز يۈزىدىكى قۇراشتۇرمىدىنلا ئىبارەت. بۇنچە كۆپ رەھبەرلىك گۇرۇپپا قۇرۇلۇپ، بىرەر ئەمەلىي ئىش تەۋرىتىدىغان، خىزمەتلەر جايىدا يۈرۈشىدىغان، تەدبىرلەر ئەمەلىيلىشىدىغان بولسا، بىز ھازىرقىدەك ئاستا قەدەملىك تەرەققىيات باسقۇچىدا، «ئورۇندا تۇرۇپ مېڭىش!» ھالىتىدە، تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ نەتىجىسىدىن پەخىرلىنىپ، ئۆز ـ ئۆزىمىزگە تەسەللىي ئىزدەيدىغان «بىچارە» قىياپەتتە يۈرمەس ئىدۇق.

بۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنىڭ ھەقىقەتەن رولى ۋە كارامىتى بولىدىغان بولسا، جەمئىيەت ھارۋىسىنىڭ چاقى ئاللىبۇرۇن كاتاڭدىن چىقىپ، ئىلگىرى كەتكەنلەرنىڭ سۈرئىتىگە يېقىنلاشماسمىدى؟

بۇنداق رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنىڭ «ئۆمرى» ئىنتايىن قىسقا بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ھاياتى كۈچ بولمايدۇ. رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئەزالىرى يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن بىرەر قېتىم بولسىمۇ، دىدارلىشىش پۇرسىتىگە نائىل بولالمايدۇ. شۇڭا بۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىرەر يېرىم قېتىم مۇھاكىمە يىغىنى ياكى ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچماي، تۆۋەنگە چۈشۈپ تەكشۈرۈپ، بىرەر ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلماي تۇرۇپلا، تارىخىي بۇرچى ئاخىرلىشىپ بولىدۇ. رەھبەرلىك گۇرۇپپا نەدە، قانداق تېز قۇرۇلغان بولسا، يەنە ئۆزلىكىدىن شۇنداق توزۇپ، غايىپ بولىدۇ. قايتا ھۆججەت، ئۇقتۇرۇش تارقىتىلمايدۇ.

بەزىدە نۇرغۇن باشقۇرغۇچى تارماق، فۇنكسىيىلىك تارماقلار بار. ئۇلارغا يېڭىدىن ھوقۇق بەرمىگەندىمۇ، ئەسلىدە ئۆزىدە بار ھوقۇقنى كونترول قىلىۋالماي، ۋەزىپە، مەسئۇلىيەتنى ئېنىق بېكىتىپ، ئىشلەشكە دادىل قويۇۋەتسە، كەسپىي ئالاھىدىلىكى جارى قىلدۇرۇلسا، خىزمەتلەر ئاققان، مەسىلىلەر تۈزەلگەن، نەتىجىمۇ قولغا كەلگەن بولاتتى. لېكىن، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ «نەرقى» چۈشۈپ، پاخاللىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇنداق تارماق مەسئۇللىرىنىڭ ئىسمى رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئەزالىرى ئىسىملىكىنىڭ تېگىگە «باستۇرۇپ» قويۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا، مۇستەقىل خىزمەت قىلىشىغا رۇخسەت يوق. ئۇلار تېخى خىزمەتتە ئىجادىي بولمىغان، يېڭىلىق ياراتمىغان، تەشەببۇسكار بولمىغان ئاتىلىپ، ئەيىپلىنىدۇ. ئۇلارمۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپا يىغىنى ئېچىپ، قارار قىلسا، ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەيدەكچىلىك قىلسا، ئاندىن ... دەپ تەلمۈرۈپ، كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بىر ئېچىلىش بىلەنلا «مۆجىزە» يارىتالايدىغان بۇ يىغىنلار ئېچىلمايدۇ. توختاپ تۇرۇش، كۈتۈشلەرنىڭ چېكى بولمايدۇ. كۈنلەر، ئايلار، پەسىللەر مانا مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، پەيت ـ پۇرسەتلەر ئۆتۈپ كېتىدۇ. قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار شۇ پېتى قېلىۋېرىدۇ.

بۇنداق ئادەم ساقلىتىدىغان، ئىش ئاقسىتىدىغان، ئالدىرىغاننىڭ پېشىنى تارتىدىغان، رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنىڭ نېمىگە پايدىسى تېگەر؟

(ئاپتور: چىرا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا)

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت



مۇھەممەتتۇرسۇن قۇربان

# تەرەققىيات

(فېلىيەتون)

مەدەنىيەت، ئىقتىساد جەھەتتە سەل ئارقىدا تۇرۇۋاتقان بۇ يۇرتىمىزدا تەرەققىيات تېز، مۆجىزىلىرى كۆپ دېسەم ئىشەنمەمسىز؟ شەھەرلەردە بارلىققا كەلگەن تالا ـ تالا، كەڭرى يوللارغا، يول ئەتراپلىرىدا بەس ـ بەستە مۇئەللەققە بوي سوزغان ھەشەمەتلىك بىنالاغا قاراپ، يېزىلاردا توپىلاق يوللارنىڭ تاشيول، ماي يوللارغا ئورۇن بوشاتقانلىقىغا، قىرلىرى مەخمەلدىن ئەنداز ئالغان ئېرىق، ئۆستەڭلەرنىڭ سىمونتلىنىشىپ ئاپپاق كالىنسىدەك پارقىراپ قالغانلىقىغا، دېھقان ئۆيلىرىنىڭ ھاۋادانلىق، قاراڭغۇ گەمىدەك ھالەتتىن ئايۋانلىششقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىگە قاراپ ئىشىنەرسىز، ياكى بۇنى كىم بىلمەيدۇ دەپ كايىشىڭىز مۇمكىن. كايىشىڭىز بەرھەق، چۈنكى، كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان بۇنداق تەرەققىياتنى ھېس قىلالماسلىق ئەقلى نورمال ئادەمنىڭ قىلىقى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېلېۋىزور، رادىئو، گېزىت ۋە يىغىنلار پات ـ پات بۇلارنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟ بىراق ھېچ كىم ھېس قىلدۇرمىغان، ھېچ كىم ھېس قىلىشنى خالىمىغان يەنە نۇرغۇن تەرەققىياتلار بۇ يەرلەردە ئاز ئەمەس. ئالايلۇق، ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە، بۇ يەرلەردە ئەزەلدىن مەۋجۇت بولمىغان ئەرلەر كېسەللىكلىرى بۆلۈملىرى، دوختۇرخانىلىرى قىسقىغىنا بىرقانچە يىلدا يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن ھەم شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئەرلەردىكى ماغدۇرسىزلىق، ھېسسىياتسىزلىق، ئاجىزلىق كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا كىرىشكەن ھەتتا ئاگىلىتىش، كۆرستىلىش ۋاقتى ئىنتايىن قىس بولىۋاتقان تېلېۋىزور، رادىئولارمۇ ئېلان بېرىش، ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىش پروگراممىلىرىنى يولغا قويۇپ، قايىنام ـ تاشقىنلىق ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. ھازىر بۇ يەردە مەخسۇس ئەرلەر كېسەللىكلىرى بويىچە جۇڭگوچە، غەربچە، مىللىيچە، زاڭزۇچە، ئوردا رېتسىپى بويىچە ئاللىقانداقچە داۋالاش تەرەققىي قىلغان بولۇپ، كېسەللىكلەرنىڭ تولىلىقىدىن دوختۇرمۇ، تېۋىپمۇ بىكار ئەمەس، يېشى چوڭراق، 80 — 90 ياشلارغا كىرىپمۇ بالا يۈزى كۆرگەن كونا ئادەملەرنىڭ ئېغىزلىرىمۇ بىكار ئەمەس. ئاۋات بازارلارنىڭ كىرىش ئېغىزلىرى، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشلىرى ھەتتا ئىبادەت قىلىدىغان مەسچىتلەرنىڭ ئالدىلىرىمۇ ئەرلىكنى كۈچەيتكۈچى دورىلار بىلەن قىزىپ كەتكەن، توپ ـ توپ ئەرلەر، ئەمدىلا بۇرۇتلىرى خەت تارتقان ياشلار دوختۇر، تېۋىپ ۋە يايمىچىلار ئالدىدا ئۆچرەتتە، دەردتە، ھەسرەتتە ھەتتا ئائىلىلەرمۇ بۇلاردىن مۇستەسنا ئەمەس. تاپقان ـ تەرگىنىنى سەرپ قىلىپ قاقسەنەم بولىۋاتقان . ئۇلار ، «بىزنى ئاجىزلاشتۇرىۋەتكىنى نېمە؟ بىلىپ ـ بىلمەي مەدەنىيەت دەپ قوبۇل قىلىپ، يېيىش، ئىچىشكە ئادەتلىنىپ قالغان قايسى نەرسە بىزنى بۇ ھالغا تاشلىدى؟ بىز تەرەققىيات دەۋالغان قايسى تۇرمۇش ئادىتى بۇ ئاجىزلىقلارنىڭ مەنبەسى؟ ...» دېگەنلەرنى مۇلاھىزە قىلماي، مۇلاھىزە قىلسىمۇ زىيانلىق ئادەتنى تەرك ئېتەلمەي، ئۆز غورۇرىنى، جىسمانىي كۈچىنى، روھىي جۇشقۇنلىقىنى خىمىيىلىك، بىئو ـ خىمىيىلىك، ئانتىبىئوتىك تەركىبى زور، روھلاندۇرغۇچى، غىدىقلىغۇچى دورىلار بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى.

شۇنداق ئاجىزلىقنى دورا تۈگۈتەلەمدۇ؟ دورا بىلەن بارلىققا كەلگەن كۈچلۈكلۈك سۈنئىي ئەمەسمۇ؟ سۈنئىي نەرسە قاچانمۇ تەبىئىي نەرسىگە تەڭ بولالىغان؟ لېكىن بۇ بىر تەرەققىيات، ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان تەرەققىيات؟ ئۇنداق بولمىسا بۇنداق ئىشلارنى ئىلگىرى بولغان دەپ بېقىڭە قېنى؟

ھېس قىلىنمىغان تەرەققىياتلارنىڭ يەنە بىرى، ئاياللارنىڭ تاشقى قىياپىتىدە كۆرۈلىدۇ. يەنى بۇندىن 10

نەچچە يىل ئىلگىرى بۇ يەردىكى ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرغا خاس، ئانىسىغا خاس، قاپقارا، ئۇزۇن چاچلىرىنى قايچىلاپ جۇڭگو ئاياللىرىغا خاس سۇپەتلىگەن بولسا، ئەمدى بۇ كالتا چاچلار چېگرا ھالقىپ، رۇس، ئىنگلىزلاشتى. ساپسېرىق، قىپقىزىل كالتا چاچلارغا قاراپ ئۇلارنى شۇ پەرەڭلەردىن، ئىسارالاردىن ئايرىۋالماق تەس. ئاياللار ساتىراچخانىلىرى، ئۇستۇرا، قايچا تۇتقان ئايال ساتىراچلار، ئۆچىرەتتە تۇرغان چاچ تەگشىتىدىغان، قاش، قاپاقلىرىنى ياسىتىدىغان ئاياللار ...ئاياللار شۇنداق تەرەققىي قىلدىكى، ئۇلارنىڭ باش قىسمى ياۋروپاچە، كىيىمى خەنزۇچە، تىلى ۋە ئالتۇن زىننەتلىرى ئۇيغۇرچە شالغۇت بىر مەدەنىيەتنىڭ مۇساپىسىنى ھېچ بىر توسالغۇسىز باشلىۋەتتى. تەرەققىياتنىڭ يەنە بىر مەنىسى غەربلىشىش، باش غەربلەشسە، بۇ تەرەققىيات بولماي نېمە؟ ئۇلار ئانىلار ئەمەسمۇ، ئۇلار قىلىپ بولالمىغاننى بالىلىرى، بالىلىرى قىلىپ بولالمىغاننى نەۋرىلىرى قىلىپ، ئاخىرى پۈتۈنلەي ناسازلاشقان ياكى پەرەڭلەشكەن بىر قەۋمنى ئاپىرىدە قىلسا ئەجەب ئەمەس. شۇ چاغدا بىزدە «دانىنىڭ ئەسكىسى تېرىق، ئادەمنىڭ ئەسكىسى سېرىق» دېگەن تەمسىل بار ئىدى، دېگۈچىلەرمۇ، بىز ئۇيغۇر، بىز ئۇلار ئەمەس، ئۇلار بىز ئەمەس دېگۈچىلەرمۇ بولماسلىقى مۇمكىن. ئەر بۇزۇلسا ئۆي بۇزۇلاركەنمىش، ئايال بۇزۇلسا دۇنيا. لېكىن بۇ تەرەققىيات، بۇزۇلۇش، تۈزۈلۈش دېگەن كونا گەپ، كونىلىقنى ئېسلىۋېلىشنىڭ ئۆزى تەرەققىياتقا مۇخالىپ.

ھېس قىلىنمىغان يەنە بىر تەرەققىيات، ئائىلە مەدەنىيىتىدە كۆرۈلدۇ. ئاياللارنىڭ رېستۇرانلىشىشى، ئەرلەرنىڭ ئاشپەزلىشىشى 21 ـ ئەسىرگە خاس تەرەققىياتلارنىڭ بىرى. بۇنى ئاياللار ئائىلە تامىقىنىڭ تېتىمايۋاتقانلىقى، ئەرلەرگە رېستۇران تامىقىنىڭ خىل كەلمەيۋاتقانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەرەققىيات دەپ قارىلىدۇكى، ئائىلىدىكى كونا، ئەنئەنىۋى ئىش تەقسىماتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئاياللار ئازادلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ئەرلەر سىرتنىڭ ئادىمى، ئاياللار ئۆينىڭ دېگەن قاراشنى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئەرلەر ئاياللارنى كۈنلەش تۈگۈل، ئاياللار ئەرلەرگە ھۆرپىيىپ «سەن نېمىشقا مېنى كۈنلىمەيسەن» دەيدىغان، ئەر ـ ئايال جەدەللىشىپ قالسا ئايال ئەمەس، ئەر يارىلىنىپ دوختۇرخانىغا بارىدىغان، ئاياللىرى بولسا تەپ تارتماي «تۈز مۇشت بىلەن بىر قويىۋېدىم تىك موللاق چۈشتى»، دەپ ماختىنىدىغان، ئاياللىرى رېستۇرانلاردىن تۈن نىسپىدە قايتىپ كەلسە، ئاچچىقلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، «قانداق، كۆڭۈللۈك ئوينىدىڭلارمۇ»، دەپ ھاردۇق سورايدىغان تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. دېگىلى تۇرساق بۇنداق نەتىجىلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولماس. لېكىن مۇشۇنداق تەرەققىياتلارغا قاراپ كىممۇ بۇ يەرنى نامراتلىقتا تەڭداشسىز، ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە ئارقىدا دېيەلەيدۇ؟ دەرۋەقە ھەرقانداق تەرەققىياتنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبى بولىدۇ، مەغلۇبىيەتنىڭمۇ شۇنداق. يۇرتىمىزدا بارلىققا كەلگەن يۇقىرىقى تەرەققىياتلارنىڭ بارلىققا كېلىشىدىمۇ ئاشۇنداق سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. ئومۇملىق نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، شەھەرلەردە پاھىشىخانىلار كۆپىيىۋېدى، شەھەردىلا ئەمەس، يېزىلاردىمۇ باسقۇنچى جىنايەتچىلەر يەر يۇتقاندەكلا يوقىدى ...ئەرلەر ماغدۇرسىزلىنىپ قالغاچقا، بىرەر كىمنىڭ ئۆز ئايالىنى كۈنلەپ رەقىبىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ياكى جەدەللىشىپ قالغانلىقى توغرىسىدا سۆز ـ چۆچەك بولىنمىدى، ۋاھاكازا.

دېمەك، بۇلارمۇ ئوخشاشلا تەرەققىيات، خالاس. 2004 ـ يىلى ھەممىلا ئادەم چوقۇنىدىغان، تەرەققىي قىلغان ئامېرىكىنىڭ سان ـ فرانسىسكو شەھىرىدە 2600 جۈپ ئوخشاش جىنىسلىقلارنىڭ توي خېتى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانلىقى گېزىتتە خەۋەر قىلىندى، مانا بۇمۇ بىر تەرەققىيات. كەلگۈسىدە ئەرلەر ئاياللاشسا، ئاياللار ئەرلەشسە، غەربلىشىۋېرىپ نەچچە ئون، نەچچە يۈز كۈچلۈك ئەر بىلەن ئاجىز ئەر توي قىلىشسا، بۇ مىللەت ئۇ مىللەتكە ئايلانسا، ئۇمۇ تەرەققىيات بولىۋېرىدۇ. باشقىلار ئۇنداق ئىشلارنى تەرەققىيات ئەمەس، بىر چېكىنىش دېسىمۇ بىز قەتئىي ھالدا ئۇنى تەرەققىيات دەۋېرىمىز. خۇشىمىز كەلسە، بۇنداق ئىشلار ئۈستىدە پىكىر قىلىشنىڭ ئورنىغا ئامېرىكا ـ ئىراق ئۇرۇشى، پەلەستىن ـ ئىسرائىلىيە توقۇنۇشى ئۈستىدە ئويلىنىمىز ياكى دىنى مەزھەپ مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىپ، جەدەللىشىپ، ياتلىشىپ يۈرۈۋېرىمىز. بۇمۇ بىر تەرەققىيات. بويىغا يەتكەن قىزلىرىمىزنىڭ چەت ئەل ناخشىچىلىرىنى، دېسكوخانىلار، تورخانىلارنىڭ تىجارەت ۋاقتىنى بەش قولدەك بىلىشى بىزنى ئازابلىمايدۇ، تۇرۇپ بىلەن چامغۇرنى، چېڭسەي بىلەن يۇمغاقسۈتنى ئايرىماسلىقى ھەم بىزنى ئازابلىيالمايدۇ، بەلكى بۇمۇ بىرخىل تەرەققىيات بولىشى مۇمكىن.

(ئاپتور: خوتەن ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدا)

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت



داۋۇت ئادىل

# كەتكۈك كەلمەس، كەلسەك خوتەنگە

(فېلىيەتون)



تىلگىرى بۇ ناخشا خوتەننىڭ ھەممىلا يېرىدە ئېيتىلىپ يۈرسە، زادىلا ئېرەن قىلمىغان ئىكەنمەن، ھازىر كوچا ـ كويىلاردا بىر ئاز ئۆكسۈپ قېلىۋېدى، راستىنلا سېغىنىپ قېلىۋاتىمەن. چۈنكى، بۇ ناخشا ئەزىز دىيار خوتەننىڭ گۈزەل قىياپىتىنى، ئۆتمۈش مەنزىللىرىنى، دۇنياغا مەشھۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى مەدھىيىلەيدىغان نۇرلۇق قەسىدە ئىدى. مانا ھازىر مەن بۇ قەسىدىنى قايتا يادلاپ ئولتۇرۇپتىمەن.

«كەتكۈك كەلمەس، كەلسەك خوتەنگە، كۆرۈپ ئاڭا تويۇپ قانمايسەن ... يۈز ئەسىرنى بېسىپ ئۆتكەن ياڭاق شاھى ئەسلى خوتەندە ... نىيا شەھىرى مۇقەددەس ماكان، تارىخ چاقنار ھەر چاغ ئۆتەڭدە ... چىرا يامۇن يايلىقى مۇنبەت، ئوتلار توپ ـ توپ تېمەن پادىلار، يېشىللىققا ئايلاندى بۇدەم قارىقاشتا كەڭ چۆل ۋادىلار. كەتكۈك كەلمەس، كەلسەك خوتەنگە، گويا بولۇپ ئاشىق بىقارار...»

بۇ دۇردانىلەر نەقەدەر پاساھەتلىك ۋە گۈزەل، نەقەدەر تەسىرلىك ھەم يېقىملىق ئىدى. ئويلىسام، ئۆزۈم خوتەنلىك تۇرۇپمۇ يۇرتۇمنى ئاشۇ گۈزەل تېكىستلەرنىڭ ئاپتورىچىلىك چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن، راستىنلا مىڭ ئەپسۇس. خوتەن دىيارى ئەگەر ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۆتمۈشىدە ۋە ھازىرقى زاماندا شۇنداق ئاجايىپ مەشھۇر بولمىغان بولسا، ئۇلۇغ داھىمىز ماۋزېدۇڭ «يۈتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە»، دەپ مەشھۇر شېئىرىنىڭ بىر مىسراسى قىلىپ تەرىپلەرمىدى؟ تەتقىقاتلارمۇ «ئۇدۇن» سۆزىنىڭ «ئېدەن» (جەننەت) نىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەنلىكىنى، رىۋايەتتىكى جەننەت ئورنىنىڭ ھازىرقى خوتەن ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ، خوتەن بىلەن جەننەتنى باغلاپ يۈرەرمىدى؟ بىراق يېقىندىن بۇيان خوتەن دىيارىنىڭ يەنە باشقىلار سەزمىگەن «خاسىيەتلىك» ۋە «مەشھۇر» تەرەپلىرىنى بايقاپ قالدىم، ئۇنى نېمىكەن دېمەمسىز؟

ھازىرنىڭ ئۆزىدە خوتەننىڭ شەھەر كوچىلىرىنى، بولۇپمۇ مەركىزىي كوچىسى بولمىش گۈلباغ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ كۆرىدىغان بولسىڭىز، بۇنىڭ جاۋابىنى ھايال بولمايلا تاپالايسىز، ئۇ بولسىمۇ، بىر توپ ياشلارنىڭ سىزگە خالىسانە تارقىتىپ بېرىۋاتقان ئېلان ۋاراقلىرىدىن ئىبارەت. بۇ


ھاياتنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىمۇ بىر جەلپكار مۇزىكا، سەن ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشنى ئۆگىنىۋال.

ئېلانلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ باقسىڭىز،
خوتەندە بىر توپ «كەشپىيات»لارنىڭ
ھەقىقەتەن بازار تاپالماي قېلىۋاتقانلىقىنى،
شۇنداقلا شەپىسىز ھالدا بازار تېپىۋاتقان-
لىقىنى سېزىپ قالىسىز. قولىڭىزدىكى
بەزى ئېلانلار بىرنى ئالسىڭىز ئىككىنى
قوشۇپ بېرىدىغانلىقىنى جاكالىسا، يەنە
بەزىلىرى مال ئالسىڭىز ھەقسىز مۇكاپات
بېرىدىغانلىقىنى جاكالايدۇ. يەنە بەزىلىرى
شەھەر بويىچە ئەڭ ئەرزان باھادا ساتىدى-
غانلىقىدىن جار سالىدۇ.

دورا ئېلانلىرى تېخىمۇ قىزىقارلىق:
«XXX كومۇلچى بۆرىكىڭىزنى قۇۋۋەت-
لەپ، ئەرلىك جاسارىتىڭىزنى ئۇرغۇتىدۇ.
جىنسىي ئەزايىڭىزنى تومشۇتۇپ، ئۇزار-
تىپ، ئەرلىك لەززىتىدىن تولۇق بەھرىمەن
قىلىدۇ. ئائىلىڭىزگە بەخت، تۇرمۇشىڭىزغا
چەكسىز لەززەت بېغىشلايدۇ»، «XXX
كاپسۇلى كۆزىڭىزنى روشەنلەشتۈرۈپ،
سىزگە يېڭىچە دۇنيا ئاتا قىلىدۇ، بىر كۈن
ئىچسىڭىز، تەسىرىنى بىلەلەيسىز، ئۈچ
كۈن ئىچسىڭىز كېسىلىڭىز شىپا تاپىدۇ،
بىر كۇرس ئىچسىڭىز يىراقنى كۆرەل-
مەسلىكنى تەلتۆكۈس ساقايتىدۇ»، «XXX
تالقىنى جىگەرنى قۇۋۋەتلەپ، كۆزىڭىزنى
روشەنلەشتۈرىدۇ، جىگەر راكىنى تەلتۆ-
كۈس ساقايتىپ، ئۆمۈرلۈك ئازابتىن خالاس
قىلىدۇ»، «XXX تابلېتى نەپەس يول-
ىڭىزنى راۋانلاشتۇرۇپ، زىققا كېسىلىنى
تۈپ يىلتىزىدىن ساقايتىدۇ»، «XXX
مەلھىمى چېچىڭىزنى ئۆستۈرۈپ، قاراي-
تىپ، يىگىتلەرگە خاس بەستىڭىزنى
جەۋلان قىلىدۇ»، «XXX دەملىمىسى
سىزنى بەل، پۇت ئاغرىقىدىن ئۆمۈرلۈك
خالاس قىلىدۇ»، «...نىڭ خالتىسىدىن
رەڭلىك تېلېۋىزور مۇكاپاتى چىقىدۇ»،
«...نىڭ قېپىدىن كېسەك ئالتۇن چىق-
دۇ...». بۇ شاھانە ئىبارىلەر ھەقىقەتەن
كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بولۇپ، ئۇ-
نىڭ راستلىقىغا زادىلا ئىشەنمەي تۇرال-
مايسىز. يەنە كېلىپ بۇ دورا ۋە قۇۋۋەت
بۇيۇملىرىنىڭ كۆپىنچىسى كۆپ ئىقتى-
دارلىق بولۇپ، بېشىڭىزدىن تاپىنىڭىزغى-
چە، بۆرىكىڭىزدىن ئۆپكىڭىزغىچە، كۆزى-
ڭىزدىن ئىرىنىڭىزنىڭ ئۇچىغىچە مەنپە-
ئەت قىلىپ، سىزنى پەرىشتىگە ئايلاندۇ-
رىۋېتىدۇ ـ دە، ئىختىيارسىز دورا ئېلانىدا
ئېيتىلغان دوكانغا قاراپ ماڭىسىز.

مەن بىر ئەقلىي ئەمگەكچى بولۇش
سۈپىتىم بىلەن، ئېلانلارغا ئانچە ئېرەن
قىلىپ كەتمىسەممۇ، لېكىن سالامەتلىكىم
دېگۈدەك ياخشى بولمىغانلىقتىنمىكىن،
ئاشۇ پەرىشتە سۈپەت كەشپىياتچىلار ۋە
تالانت ئىگىلىرىگە ئاپىرىن ئېيتقۇم كې-
لىدۇ. ئۇلارنىڭ خاسىيەتلىك كەشپىيات-
لىرىدىن بىر ـ بىرلەپ سېتىۋېلىپ سىناپ
بېقىشقا قادىر بولالمىساممۇ، ئەمما ئاشۇ
ئېلانلار تارقىتىلىۋاتقان ماگىزىنلارغا كې-
رىپ ـ چىقىۋاتقان توپ ـ توپ كىشىلەر-
نى كۆرگىنىمدە، ئۆزۈمنىڭمۇ مەلۇم يەر-
لىرىدىن چاتاق چىقىۋاتقاندەك، تەندۇرۇس
جايلىرىممۇ ئاغرىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ
تېخىمۇ بىئارام بولىمەن. يەنە بەزىدە بولسا
سالامەتلىكى ياخشى ئەمەسلەر مەنلا ئەمەس
ئوخشايمەن، دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەسەللى
بېرىمەن ـ دە، دوستلىرىم مەندىن تىجارەت
يولى توغرىسىدا مەسلىھەت سورىسا، ئىك-
كىلەنمەستىن: «دورا دوكىنى ئېچىڭلار»
دەپ مەسلىھەت بېرىمەن. بىراق ئايلىنىپ
قاراپ باقسام، دوپپامچىلىك كېلىدىغان
خوتەن شەھىرىنىڭ ھەربىر چوڭ ـ كى-
چىك كوچىلىرىدا بىر ـ ئىككىدىن ھەتتا
بىر نەچچىدىن دورىخانا ۋە دوختۇرخانا ـ
داۋالاش ئورۇنلىرى قەد كۆتىرىپ تۇرۇپتۇ.
قارىغاندا ھۆكۈمەتتىن باشقا يەنە نۇرغۇن
شەخسلەر خوتەن شەھىرىدىكى ھەرمىل-

لەت خەلقىنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئوخشايدۇ، بارىكاللا! كەچقۇرۇن تېلېۋىزورغا قارايدىغان بولسىڭىز، يەنە شۇ ئۇزاقتىن - ئۇزاق داۋام قىلىپ كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئورۇقلاش ئېلانلىرى كۆزىڭىزگە «قادال»غىنى قادالغان. مېنىڭچە ئەگەر نورمال ئادەم شۇ ئېلانلارنى يەنە داۋاملىق كۆرۈۋېرىدىغان بولسا، ئاچچىقلىنىپ ئۆلۈپ كەتمىسىمۇ جەزمەن ئورۇقلاپ كېتىشىدە گەپ يوق. شۇڭا يەنىلا ئويلاپ قالدىم: خوتەن ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان يۇرتكەن، خوتەننىڭ قاشتېشى، خوتەننىڭ گېلىمى، خوتەننىڭ ياڭىقى، خوتەننىڭ گۈلە - قاقلىرى، خوتەننىڭ گۆشگىردە - كاۋاپلىرى، خوتەننىڭ مېۋە - چېۋە، ئانار، ئەنجۈرلىرى، خوتەننىڭ مازار - ماشايىخلىرى، خوتەننىڭ تاغۇ دەريالىرى، ھەتتا خوتەننىڭ قىز - يىگىتلىرىگىچە كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. ئەمدىكى گەپ — خوتەندە سانجاق - سانجاق دوختۇرخانا - دورىخانا شىپايى مۇسەللەس - مۇرابباالارنىڭ زورلاپ ساتقۇچىلىرىمۇ بۇ ئېلانغا ئىشىنىپ كېتىدىغان ساددا كىشلەرنىڭ يۇرتىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي يۈرۈپتۇ، ئۇلار تۇرغان يەردە، خوتەن دىيارىغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھەرقانداق كىشى بۇ «خاسىيەتلىك» ۋە «مەشھۇر» لۇقلاردىن مەستخۇش بولۇپ، قايتىشنى ئەسلا خىيال قىلمىسا ھەيران قالارلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمما بەزى ئېلان بەرگەن دورا ۋە ساغلاملىق بىيمەكلىكلىرى شىركەتلىرىگە ھەقىقەتەن قول قويماي تۇرالمىدىم، ئۇلار ئاشۇ رەڭلىك تېلېۋىزور، كېسەك ئالتۇنلارنى ساتىسىلا نۇرغۇنلىغان پايدا - مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغان تۇرۇقلۇق، يەنە دادىللىق بىلەن ئېلان بېرىشۈپتىپتۇ، مۇبادا ئەقىللىق كىشلەردىن بۇ كېسەك ئالتۇن ۋە رەڭلىك تېلېۋىزورلارنى «تېپىۋالدىغان»لار چىقىپ قالسا، قانداق قىلارمىز دەپ ئويلاپمۇ قويماپتۇ. نەقەدەر «خەلقچىل» كىشلەر - ھە؟ لېكىن بۇ «شەخسىيەتسىز كىشلەر» ئەجەبا شۇنچە جەبرى تارتىپ نېمە قىلىدۇ؟

ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولغان، ھەقىقىي، ساپ ۋە سۈپەتلىك بولغان ھەرقانداق مەھسۇلاتنى ئېلان ئارقىلىق تەشۋىق قىلىش ھاجەتسىز، دېھقانلار تېرىغان بۇغداي، قوناقلارنىڭ سالامەتلىككە پايدىلىق، ھاياتلىقنى ساقلىغۇچى ئەڭ ئاساسلىق مەھسۇلات ئىكەنلىكى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت، ئۇنىڭغا قىلچە ساختا بۇيۇم ئىشلىتىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىش ھاجەتسىز. ئەمما بۇغداي، قوناقلار ئۇنغا ئايلانسىلا دەرھال « ...ماركىلىق ئاق ئۇنغا ھېچقانداق قوشۇمچە بۇيۇم قوشۇلمىغان...» دېگەن ئېلان پەيدا بولىدۇ، بۇ ئەجەبا «بۇ يەردە 300 تەڭگە يوق» دېگەندەك چاندۇرغانلىق ئەمەسمۇ؟ شۇ قەدەر كۆپ ئاجايىپ - غارايىباتلار توغرىسىدىكى ئېلان ۋەرەقىلىرىگە سەرپ قىلىنغان چىقىملار، «ھەقسىز تەقدىم» قىلىنىۋاتقان ياندافچى - سوغاتلار، تېلېۋىزورلارغا پۇل خەجلەپ ئېلان بېرىۋاتقان رەڭلىك تېلېۋىزور ۋە كېسەك ئالتۇنلار ئەجەبا ئاشۇ ئېلان ئىگىلىرىگە نىسبەتەن زور يوقىتىش ئەمەسمۇ؟ قارىغاندا خوتەندىكى «تەقدىم قىلىش»تىن ئىبارەت ئالىيجاناب روھمۇ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئوخشايدۇ. بىراق غېمىم شۇكى: خوتەن دىيارى زورلاپ ساتا ئېلانبازلارنىڭ سىناق مەيدانى بولۇپ قالمىغاي ئىلاھىم!

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

NEW JADE LITERATURE

ئەنۋەر تاشتۆمۈر

# تىكەن قۇش





( نەسر )

1

سۈكۈتلەر ئىچىدە مۇلايىم يەلپۈنۈپ، بەختىڭنىڭ پىنھان ھۇزۇرىغا ھەۋەس بىلەن تىكىلەتتىم. نىگاھلىرىمنى ئوراپ ئالغان بىر پۈتۈن ھايات رەڭدارلىقلىرى بەختىڭگە نىشانەن ھالدا مېنى ئۆز ئارامىمغا بۆلەپ، چۆمكەپ باراتتى.

سېنىڭ بىلەن مېنىڭ ئارام ئەسلىدىكىگە ئوخشاشلا يېشىللىق مۆجىزىلىرىنىڭ ئاتەش نەپەسلىرىدە تۇتىشىپ تۇرغاندەكلا بىلىنەتتى. كۆكرەك قەپەسلىرىدىن ئۆرلىگەن رېتىملىق ئاۋازلار، ھەرجان چوغدانىدىن چاچرىغان ئوت ـ ئۇچقۇنلار، ھەرلەۋز ئورامىدىن تاشقان دۇت ـ ھارارەتلەر بۇنىڭغا مىسال ھەم تىمسال سۈپىتىدە سۈكۈتلىرىمنىڭ قاشالىرىنى كۆتۈرۈپ، كېڭەيتىپ باراتتى.

مەن ئۆزۈمنى گويا بارچە ئالەم سەيناسىنى بىمالال تاماشاھ ئېتىپ يۈرگەن ئەركە سەيياھلارغا ئوخشاش ھۆر ھېس قىلاتتىم ۋە سېنى بىر تىنىق نەپەس ئارىلىقىدا ئۇچرىتىش مۇقەررەرلىكىدىن مەمنۇن ئىدىم. قەدەملەرنىڭ يېنىك، خىياللارنىڭ ئۇچقۇر، سېزىم ۋە تۇيغۇلارنىڭ شاش ئىكەنلىكى ئەرك ۋە ھۆرلۈككە ئىشارە بەرگەن ھالدا مېنى ئۆز مەھكۇملۇقۇمغا سۆرەپ باراتتى...

2

نەزەر ئۇپۇقلىرىمنىڭ سىرتىدىن، ئاشۇ ئانا تەبىئەتنىڭ يېشىل تىنىقلىرى قېتىدىن ئۆرلىگەن ساپ، سەمىمىي سادالىرىڭ قۇلىقىمغا يەتتى، تەئەججۈپ ئىلكىدە ساڭا قايرىلىپ قارىدىم، تىكەنلەر ئارىسىدا مۇڭلۇق سايراۋاتقان قۇش بالىسى سۈرىتىدە ئازابلىق كۆرۈندىڭ. ھايالشىمايلا سادايىڭنى تۇغقان ئىچكى نەپەسلىرىڭگە شۇڭغۇدۇم، ئاتەش بىر پىنھاندا ھايات ھەققىگە ئوتلۇق قەسىدىلەر ئوقۇپ سارغىيىپ بارماقتا ئىدىڭ.

تىكەن قۇش، دېدىم ساڭا ئىختىيارسىز قول سۇنۇپ، ئەسەبىيلەشمەكتە ئىدىم، تىكەنلىك دالىدا تاپانلىرىمدىن قانلار ئاقاتتى.

پەرۋاز قىلماقتا ئىدىم، تىكەنلىك بوشلۇقتا قاناتلىرىمدىن پەيلەر ئۇچاتتى.

سايرىماقتا ئىدىم، ئاۋازىمدىن خورلۇق دىشۋارىنىڭ جاندىن ئۆتكەن رەنجۇ ئەلەملىرى تۆكۈلەتتى.

كۆرگىنىم بىلەن سەزگىنىم بىر ـ بىرىگە ماس رەۋىشتە قوشۇلۇپ، جانىنىڭ ئىچكى قاراڭغۇلۇقىدا دەممۇدەم ئوت بولۇپ ياناتتى. ھەر يورۇقلۇق بەھرىدە بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، سانسىز مەھكۇم

ئادەملەر كەۋدىسىنى باغرىمغا باساتتىم ۋە مەڭگۈلۈك يېشىل دۇنيانىڭ يېشىل خىسلىتىگە ئىنتائەتچان ھەمدۇ ـ سانالار ئوقۇيتتىم.

3

سادا ـــ ھاياتلىقنىڭ نىشانى، غۇرۇر ۋە پەزىلەتنىڭ ئىزھارى ئىدى.

سادا ـــ كەچكى شەپەق نۇرىدا قىپقىزىل تاۋلىنىپ يوقلۇق ئازابىغا چۆكۈۋاتقان غېرىبانى سەھرالارنىڭ ئىلتىجاسى ئىدى.

سادا ـــ رەڭۋاز دۇنيانىڭ تىكەنلىرى ئويغاتقان مەھكۇم روھىيەتنىڭ نىمەت كۈيى ئىدى.

سادا ـــ ئۆز ھەققىگە يۈزلەنگەن ئىنسان بالىسىنىڭ مەۋھۇم ئۇيۇق خىلۋەتلىرىگە قاراپ سالغان چوقانى ئىدى.

ئەنە، دەقىق ئىچىدىكى ئويلىرىمدىن شەكىللەرنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلدى، ماھىيەتلەرنىڭ دولقۇنلۇق ئېقىنىدا غۇلاچ كىرىپ ئۈزۈشكە باشلىدىم. كۆز ئالدىمدا ئوخشاشلا بىر ئادەم، ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ ئوخشاش قىسمىتى ھەم خىسلىتى كۆرۈندى. پەرقسىز دۇنيانىڭ رەڭلىرى ئۆچمەكتە، بارچە ۋاقىت ماھىيەتلىك زور بىر ئىشتىھانىڭ ئالدىدا بىچارە، ئۆز كېيىملىرى ۋە قىممەتلىرى ئالدىدا ئاۋارە ھەم سەرسانە ئىدى.

توپراق، ئەزەلىي خىسلەتلەر نۇرىدا چايقىلىپ ھەننىۋا مۆجىزىلەرگە تەۋە ھەم تەقەززا ئىدى.

ئادەم، توپراق بىلەن پەسىل ئارىسىدا تىنىمسىز چېپىپ سۈلھى لۇتفىغا مەھكۇم ئىدى.

پەسىل، ئادەم بىلەن توپراق ئارىسىدىكى زاھىر رىشتىلەرنى كوزۇر قىلىپ تاپقان تەقسىمات تەختىدىن مەغرۇر ئىدى.

شۇڭا ئادەم بەرىكەتسىز ھايات مەئىشەتلىرى ئىچىدە ئۆزىگە، توپراققا ۋە پەسىللەرگە قەرزدار بولۇپ ياشايتتى. ئۇنى ئازابلايدىغىنى، تىكەن قۇش سۈرىتىدە مۇڭلۇق ناۋالارغا ئەسرار قىلىدىغىنى توپراق ئەمەس، بەلكى پەسىل، ناچار پەسىلنىڭ ناچار خۇلقى ھەم پەيلى ئىدى.

4

ئېھ، يىراقتىكى تىكەن قۇش، بىزگە بۇرچ ـــ ئادەم بولۇش، ئادەم بولۇپ بەخت ۋە شان ـ شەرەپ قۇچتۇق!

كۆزلەرگە ھەرىكەت شوللىرى تاشلاپ توپراق ئىچىدە سوۋۇپ ئۆچكىنى ئەمەس، بەلكى يۈرەكلەرگە بەرىكەت شوللىرى تاشلاپ دۇنيانىڭ ئاتەش نەپەسلىرىدە مەڭگۈ ياشاپ قالغىنىلا ھەقىقىي ئادەمدۇر!

ھەرزامان ۋە ھەرماكان ھالىغا نەزەر سالساڭ، ھەقىقىي ئادەملەرنىڭلا ھېلىھەم ياشاپ تۇرغانلىقىنى، دۇنيانى يۆلەش قۇربىدە دۇنياغا ھاياتىي زوق بېرىۋاتقانلىقىنى، بارچە قىسمەت چالمىسىنىڭ ئۇنىڭ باغرىدا ئېزىلىپ ئەڭ يارقىن خىسلەت نۇرى بولۇپ تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن.

بۇنىڭدىن ساڭا ئىشارە شۇكى، ئۆزۈڭنى مەركەز قىلىپ قاتمۇقات بوشلۇقلىرىڭنىڭ يۈكسەك پەللىلىرىگە قاراپ ئۆرلە، گەرچە كىچىككىنە سەھرانىڭ تۇرلۇك ـ تۈمەن تىكەنلىرى ۋۇجۇدۇڭنى ئازابلاۋاتسىمۇ. ھە، شۇ تىكەنلەر ئازابى بولغىنى ئۈچۈنلا سەن تىكەن قۇشقا ئايلىنىپ، قانات، ئاۋاز ۋە بوشلۇقلىرىڭنى دەڭسىيەلىدىڭ، مۇڭلارغا پەۋەس تولغان ھاياتىي سادالىرىڭ بىلەن بوشلۇقلىرىڭدىن بوشلۇقلىرىمىغا ھالقىپ ئۆتۈپ، پىنھان كۆزلەردە نۇر ـ شولا، پىنھان يۈرەكلەردە

NEW JADE LITERATURE

زوق ـ ھەۋەس پەيدا قىلالىدىك.

ئازاب سۈپەتلىك تىكەنلەر دىلىڭغا سانجىلغاندا داغ ۋە يارا ئىزى قالدۇرىدۇ. ئۇنى ساقايتىش ئۈچۈن مۇھتاج بولىدىغان نەرسە سەن كەچكەن ۋەياكى سەندىن يۈز ئۆرىگەن، ئېنىقى، ئازابقا مۇپتىلا قىلغان نەرسىنىڭ نەق ئۆزىدۇر. بىز ئۇنى بەخت، خۇشاللىق ۋە ۋىسال دېگەن ناملار بىلەن سۈپەتلەپ ئەتىۋارلايمىز. ئازاب ئىچىدە يۈرگىنىڭدە ئۇنىڭ تىكىنى قوزغىغان ئاغرىق تۇپەيلى تىكەن قۇشقا ئوخشاش مۇڭلۇق ناۋا ئەيلىشىڭ مۇمكىن. ناۋالىرىڭنىڭ مۇڭى ناۋالىرىڭغا سەۋەب بولغان ئەسلى مۇڭلارغا ئۆرۈلۈپ شۇنداق بىر ھالنى پەيدا قىلىدۇكى، ئازابلىرىڭنىڭ تورۇلۇپ ئۇچۇۋاتقان قاتمۇقات بولۇتلىرى ئارىسىدا ئاجايىپ پارلاق نۇر شولىلىرى كۆرۈلۈپ كۆزۈڭنى قاماشتۇرىدۇ. بۇ دەل ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر چېكىدە روي بېرىدىغان ياكى ئۇنىڭ ئەكس تەرىپىدە ھەمىشە زاھىر تۇرىدىغان مۇقەددەس شادلىق نۇرى بولۇپ، سەن شۇ ھالدا ئاڭا ناۋا بىلەن، ناۋا كۆتۈرگەن روھىي يۈكسەكلىكىڭ بىلەن ئېرىشەلىشىڭ مۇمكىن، بىز ئۇنى روھىيەت تاشقىنىنىڭ جۇش ـ ئۆركەشلىرى سۈپىتىدە قوبۇل ئېتىپ، سەنئەت دەپ ئاتايمىز. ئۇ، ئۆزۈڭدە ئۆزۈڭنى داۋالىغۇچى شىپالىق دورا، شۇڭا ئۇنى تېپىشنى بىل. شۇ چاغدا ئازابلىرىڭمۇ شادلىقلىرىڭغا ئايلىنىشى، ھەم يەنە ئازاب تۇپەيلى چىقىشنى، شادلىق تۇپەيلى سۈرۈشكە ئۆزگەرتەلىشىڭ مۇمكىن.

5

ئەي يىراقتىكى مۇڭلۇق تىكەن قۇش، ئەمدى ساڭا پىنھان يۈرىكىمنىڭ ھاياتقا روشەن سادالىرىغا قۇلاق سال:

ئارام ـــ چەكسىز رەۋىشتە كۆۋەجەپ تۇرغان چىن كۆيدۈركى، ئۇنى ئۆز باغرىڭدا ھەمىشە ھازىر ـ زاھىر ھېس قىلىپ ياشاشىڭنىڭ ئۆزى ئىلاھىي ۋىسال دەملىرىنى ئىلكىڭگە ئالغان بىلەن باراۋەر.

كۆلا ـ جەندە، نىقاپ ـ پەردىلەر ئۇدۇمىدىكى شەكلەن ماھىيەتتىن كۆرە، ئۆزلۈك ئىجىللىقىدىكى ئەسلى ماھىيەتلەردە كەچۈرگەن مەجنۇن، سەرسانلىقىنىڭ پەيزى ـ ھۇزۇرى مۇقەددەسرەكتۇر.

روھىڭنىڭ پەسلى باھارىغا يەتمەي تۈرۈپ ئېچىلغان گۈللىرىڭنىڭ جاھان گۈلشەنىدە نە جۇلاسى بولسۇن!؟

ماھىيىتىڭنىڭ چەكسىزلىكى قۇچاق ئاچماي تۇرۇپ ئۈزۈلگەن مېۋىلىرىڭنىڭ جاھان بازىرىدا نە باھاسى بولسۇن!؟

ئىستەكلىرىڭنىڭ ئاڭلىرى كۆلمەي تۇرۇپ سۈرگەن ئىشرەتلىرىڭنىڭ جاھان بەختىدە نە ئىزناسى بولسۇن!؟

6

ئەي قەلبىمدىكى تىكەن قۇش، ئەمدى چەكسىزلىكىڭدىن چەكسىزلىكىمگە نەزەر سال:

قىسمەتلىرىڭنىڭ سوقۇشلىرىدا ئەڭ پارلاق نۇر بولۇپ چاقناپ سېنىڭ چەكسىز كېچەڭگە تاراپ كەتكۈم بار.

سەرسانلىقىڭنىڭ ئەۋجلىرىدە ئەڭ شېرىن ناخشا بولۇپ، جاراڭلاپ سېنىڭ چەكسىز ئارامىڭغا سىڭىپ كەتكۈم بار.

بەخت ـ سائادەتلىرىڭنىڭ يېشىل دالاسىدا ئۇچقۇر شامال بولۇپ، شۇۋىرلاپ چەكسىز ئۇيقۇ ـ غەپلەتلىرىڭدىن ئاگاھ بەرگۈم بار؟...

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق كۆزتۈپخانىدا)

**تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

NEW JADE LITERATURE

سادىر تۇرسۇنىياز



# شېئىر بىلەن يۇغۇرۇلغان ھايات

—پېشقەدەم شائىر ئابدۇغېنى سېيىتنىڭ ئىجادىي ھاياتى توغرىسىدا

ئۇ قاينام ـ تاشقىنلىق، ئەگرى ـ توقاي، گۈزەل ھاياتىنىڭ 63 باھار، ياز، كۈز ۋە قىشىدىن سالامەت ھالقىپ، 63 يىللىق ھاياتىنىڭ 47 يىلىنى ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولۇشتەك خاسىيەتلىك ئىشقا بېغىشلاپ، ئەل ـ ئاۋامنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. ئۆزى ئۇزاق مەزگىل مەشغۇل بولغان ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن خوشلىشىپ، 2001 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ، لېكىن قەلىمى دەم ئېلىشقا چىقمىدى، قەلىمىدىن ئادەمنىڭ روھى، مەنىۋى ئېچىرقاشلىرىغا مەلھەم بولىدىغان گۈزەل مىسرالار تۆكۈلۈپ تۇردى. ھازىر جاۋابلىق، تۇرمۇشنى پەردازسىز، رەڭ ـ بوياقسىز ھالدا ئىپادىلەش ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىزچىللىقى بولدى. 47 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا دۇچ كەلگەن نۇرغۇن ئاچچىق قىسمەتلەر، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي داۋالغۇشلار ئۇنى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن توختىتالمىدى. شۇڭا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدا ئازاد زامان مۇھىتىدا قىممەت قارىشى، ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغان كۆپ دەۋرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخى ئۇزاق بولغان، ياشانغان بولسىمۇ، ھېلىھەم ئىجادىيەت سەھنىسىدىن چېكىنمىگەن بۇنداق شائىرلار كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ. بۇنداق بولىشىدىكى سەۋەب دەل ئۇنىڭ تۇرمۇشقا، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇر بولغانلىقىدا، ھاياتنىڭ، تۇرمۇشنىڭ، ئانا ماكانىنىڭ گۈزەللىكىگە قانمىغانلىقىدا! شۇڭا ئۇنىڭ «ياشانغان بولسىمۇ قەلبى ياش تۇرغان شائىر، ياشانغاندىمۇ قەلىمىنى تاشلىمىغان شائىر»، دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب دەل مۇشۇ يەردە. يۇقىرىقىدەك شەرەپكە مۇيەسسەر بولغان ھۆرمەت ساھىبى پېشقەدەم مائارىپچى، لىرىك شائىر ئابدۇغېنى سېيىتتۇر.

شائىر 1942 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ پىيالما يېزىسى لەڭگەر كۆلبېشى مەھەللىسىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1952 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە پىيالما بازار باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1955 ـ يىلدىن 1961 ـ يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1961 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ، سانجۇ، پىيالما، زاڭگۇي، نىشاندا يېزىلىرىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1976 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە گۇما ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە كەسپىي يازغۇچى ھەم ئارتىس بولۇپ ئىشلىگەن. 1983 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدە كەسپىي يازغۇچى بولغان. 1985 ـ يىلدىن كېيىن خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى، خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىدە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. شائىر ئىجادىيىتىنى 1958 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «خوتەن گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ياڭرىتىپ ئېيتسام قوشاق» ناملىق شېئىرىدىن باشلىغان. شۇندىن بۇيان ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا 1000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، باللادا، داستان، ناخشا تېكىستلىرى ئې-

لان قىلغان. بىر قىسىم كومېدىيەلىرى سەھنىلەشتۈرۈلگەن، بىر قىسىم ناخشا تېكىستلىرى ئاھاڭغا سېلىنىپ رادىئودا ئاڭلىتىلغان. ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمى 1960 ـ يىللاردا نەشر قىلىنغان «ياشىسۇن خەلق كوممۇنىسى»، «ياشىسۇن باشيول» دېگەن بىرلەشمە توپلاملارغا، بىرقىسمى 1980 ـ يىللاردىن كېيىن نەشر قىلىنغان «توي تەنتەنىسى»، «ۋىسال كويلىرى»، «يۈرۈڭقاش شادلىقى»، «خوتەن يولىدا پاياندازى»، «خوتەندە راۋان يوللار»، «مەيىن سابا» ناملىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن. «باشقىغا»، «راۋان يوللار»، «ئۆمۈر ساۋاقلىرى»، «مېۋىلەرنىڭ يازما بايانى» ناملىق شېئىرلىرى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە «مۇنەۋۋەر ئەسەر» بولۇپ باھالىنىپ، مۇكاپاتلانغان. «زەپەر ناخشىسى» ناملىق شېئىرى 2000 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن 10 ـ قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئەدەبىي ئىجادىيەت، سەنئەت يېتەكچىلىكى جەھەتتىكى نەتىجىسى 1993 ـ يىلى «گۇما ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت تەزكىرىسى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. 1995 ـ يىلى ئالتۇن كۈز پەسلىدە كېرىيە ناھىيىسىدە ئېچىلغان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېزا تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا تۆھپىكار ئەدىب سۈپىتىدە تون كىيىشكە نائىل بولغان. ئىجادىيەت ھاياتىدا جۇڭگو تىياتىرچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. شائىر ھازىرمۇ ئىجادىيەت بىلەن ئىزچىل مەشغۇل بولۇپ كەلمەكتە.

ئابدۇغېنى سىيىت ئازكەم يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇستەقىل بىرەر پارچە شېئىرلار توپلىمىنى ھازىرغىچە كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرەلمىگەن. لېكىن ئۇ ئىجادىيەت ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلگەن، ئىجادىيىتىدە ساددا ـ ئاممىباپ، يۇمۇرىستىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرگەن، ئىجادىيەت كەسپىي ئەخلاقىي نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئابروي، شۆھرەت تەمەسىدىن يىراق تۇرۇپ، ئەسەرلىرىنى خەلق ئاممىسىغا يۈزلەندۈرۈشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قايىللىقىغا، ھۆرمەت ـ ئىتىبارىغا ئېرىشكەن شائىردۇر. ئۇ يازغان ئەسەرلىرىدىن «قارلۇق غەزىلى»، «سۆيگۈ غەزەللىرى»، «بازار يولىدىكى غەزەللەر»، «تال ـ تال چېۋىقلار» دېگەن توپلاملارنى تۈزۈپ، كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ رەتلەپ ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. مەن شائىرنىڭ ئائىلىسىدە تەسادىپىي پۇرسەتتە بۇ توپلاملارنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. توپلامدىكى شېئىرلارنى ئوقۇپ شائىر شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسىنىڭ كەڭ، مەزمۇن، تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى، بەدىئىي ئىپادىلەش كۈچىنىڭمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شائىر شېئىرلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىشىدىكى سەۋەبىنىڭ دەل مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى، شائىر شېئىرلىرىنىڭ قولىنىڭ ئۇچىدا مۇنداقلا يېزىپ قويۇلغان ئەسەرلەر بولماستىن، بەلكى ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن يېزىلغانلىقىنى، شۇڭا ھەرقاچان دەۋرنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندىم.

شائىرنىڭ توپلام ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن بۇ يازمىلىرىغا سان جەھەتتىن خېلى كۆپ ئەسەرلەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئاز بىر قىسمىلىرىنىڭ ئېقىمغا ماسلىشىش ئېھتىياجىدىن يېزىلغان ئەسەرلەر ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەسەرلەرنىڭ تۇرمۇشنى مەنبە قىلىپ ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ دەۋرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان ئەسەرلەر سەۋىيىسىدە يېزىلغان. شائىرنىڭ قىرانلىق مەزگىلى، ئىجادىيەتتە پىشىپ يېتىلىش مەزگىلى، دەل ئاپەتلىك يىللار ھېسابلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىگە توغرا كەلدى. شۇڭا شائىر باشقا نۇرغۇن پېشقەدەم شائىرلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ شېئىرىي تالانتىنى تولۇق نامايان قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويمىغان ئاساستا ھاياتنى داۋاملاشتۇردى. شېئىرىيەت باھارى يېتىپ كەلگەن 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن قەلبىدە پىنھان ساقلىنىپ

NEW JADE LITERATURE

كەلگەن شېئىرىي تالانتىنى قايتىدىن نامايان قىلىپ، كىتابخانلارنىڭ يۈرەك بېغىشىغا تېگىپ، ئۇلارنى ئانا ماكانىنى سۆيۈشكە، ئۇنىڭغا سادىق بولۇشقا، بىر ـ بىرىگە ۋاپادار، ساداقەتمەن بولۇشقا، مەرىپەت ئىگىلەشكە دالالەت قىلىدىغان ياخشى شېئىرلارنى يازدى.

شائىر ئابدۇغېنى سىيىت مەنزىرىسى سۈرەتتەك گۈزەل، ئىقلىمى ھاۋالىق، تۇپرىقى مۇنبەت، سۇلىرى ئەلۋەك، بايلىقى مول، ئادەملىرى ئەمگەكچان، ساداقەتمەن خاسىيەتلىك ماكان— خوتەندە توغۇلۇپ ئۆستى، بۇ يەردە ئەقلىنى تاپتى. كېيىندىك قېنى تۆكۈلگەن بۇ ماكاننىڭ تارىختىن بۇيان شائىرلارغا ئىلھام بولۇشى، مەنبەسى بولۇپ كەلگەنلىكىنى، بۇ يەرنىڭ خاسىيىتىدىن ئوزۇق ئالغان شائىرلارنىڭ بۇ يەرنى كۈيلەپ، مەدھىيىلەپ ئاجايىپ ئېسىل ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئىجادىيىتىنى ئالدى بىلەن ئانا يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش خۇسۇسىدىكى شېئىرلارنى يېزىشتىن باشلىدى. شۇڭا بۇنداق شېئىرلاردا خوتەننىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى، ئابىي ھايات سۇلىرىنى، شېرىن ـ شېكەر مېۋىلىرىنى، مۇنبەت ئېتىزلىرىنى، تاغ ـ دالىلىرىنى، يايلاقلىرىنى، باغلىرىنى، ۋاپادار، ئىشچان ئادەملىرىنى، بۇ يەرنىڭ قايناق تۇرمۇشىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن تەسۋىرلىدى. ئىجادىيەتتە گەرچە ئانا يۇرت تېمىسىدا ئەسەر يېزىش ھەممە شائىرلارغا نىسبەتەن بىرخىل ئورتاقلىق بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەت جەھەتتە ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش پەقەت ئۆز يۇرتىغا مۇھەببەت باغلىغان شائىرلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. ئابدۇغېنى سىيىتمۇ تېگى ماھىيىتىدىن ئالغاندا ئۆز يۇرتىغا مۇھەببەت باغلىغان ئادەم بولغاچقا، شېئىرلىرىدا بۇنداق ئالاھىدىلىك قويۇق ۋە روشەن ھالدا گەۋدىلەنگەن. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئانا يۇرتىغا بولغان مۇھەببەت ماھىيەتتە ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭا، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئابدۇغېنى سىيىت شېئىرلىرىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى دېسەك، مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى شېئىرلىرىدا ۋەتەننىڭ راھىتىنى ئەلا بىلىشنى ئەمەس، بەلكى ۋەتەن ئۈچۈن جاپا چېكىشنىمۇ راھەت بىلىدىغانلىقىنى، ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈپ شۆھرەت ئىزدىسە ۋەتەن ئۈچۈن يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى، ۋەتەن ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئەجىر سىڭدۈرۈشنىڭ ئۆزى ئۈچۈن مۇقەددەس بۇرچ بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شائىرنىڭ «ۋەتەن كۈيى»، «پەرۋازىڭ ناخشامنىڭ ئىلھامى گۈما»، «ئانا تۇپراق قەسىدىسى»، «ئانا يۇرت ھەققىدە ناخشىلار»، «ۋەتەن دېمەن» قاتارلىق شېئىرلىرى يۇقىرىقى پىكىرلەرنى روشەن پاكىت بىلەن دەلىللەيدۇ.

ئابدۇغېنى سىيىت تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىش ئاساسىدا شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنۇشقا ئادەتلەنگەن شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئائىلە، ئەخلاق، مۇھەببەت، ئەمگەك، مېھنەت تېمىسى بار. بۇنداق تېمىدىكى شېئىرلىرى ئىچىدە «ياخشى ئەمەس» ناملىق شېئىرى ۋەكىللىك. شېئىر 1980 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يېزىلغان بولۇپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن بۇيان، جامائەتچىلىك ئارىسىدا تەسىر قوزغىغان، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. شېئىردا «مەن» نىڭ دوستىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا «مەن» نىڭ ئائىلىسىدىكى «مەن» گە بولغان پوزىتسىيىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، ئۆي ئىچى مۇھىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، ئائىلىدىكى ئەر بىلەن ئايال مۇناسىۋىتىدە، ئايالىنىڭ ئەرگە تۇتقان مۇئامىلىدە ئادەم يىرگىنىدىغان مۇئامىلە مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى قەيت قىلىش ئارقىلىق، ئائىلە مۇھىتىدا ئىناق، قىزغىن، باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشنىڭ لازىملىقىنى، بۇنىڭ ساغلام ئەخلاق، مەدەنىيەت جۈملىسىدىكى پەزىلەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ساترا ئىجادىيىتى شائىر ئىجادىيىتىدە سالماق ئورۇنغا ئىگە. شائىر ساترالىرىدا جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك بولمىغۇر ناچار قىلمىشلارنى تەنقىد قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئەسەرلىرىگە 1994 ـ يىلى يازغان «مېھمان كېلىدۇ» ناملىق ئەسىرى ۋەكىللىك قىلىدۇ. شېئىر «مايبۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. شائىر بۇ شېئىردا ھوقۇق ئىمتىيازى، ئابروي، نوپۇزىنىڭ ئۆسۈشىنى كېچە ـ كۈندۈز تەمە قىلىدىغان، ئىش بېجىرىشتە تۆۋەننى بېسىش، يۇقىرىنى

مۇزنىڭ ئۆمرى باھارغىچە. ⊛

ئالداشقا كۆنۈپ قالغان بىر بيۇكرات باشلىقنىڭ
ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. شېئىر
باشلىقنىڭ ئىش بېجىرىش، توغۇرلاشتىكى
چارە ـ ئامالىنى ۋاستە قىلىپ قول ئاستىدىكىـ
لەرگە ئىش تاپشۇرغانلىق ئەھۋالىنى بايان قىـ
لىش شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، باشلىقنىڭ
بايانى ئارقىلىق باشلىقنىڭ پرىنسىپىنى ئاـ
ياغ ـ ئاستى قىلىشنى روھىي تۈۋرۈك قىلغان
ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. شېئىر ئامما
ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر ئورگاننى ئارقا
كۆرۈنۈش قىلغان. بۇ ئورگانغا يۇقىرىدىن تەكـ
شۈرۈشكە ئادەم كېلىدۇ. ئىدارە باشلىقى تەكـ
شۈرۈش ئۆتكۈلىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈۋالماقچى
بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خىزمەتنى ياخشى
قىلىشنى ئەمەس، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىـ
لەرنى مېھمان قىلىپ، كۆزىنى بوياپ، ئېغىزىنى
تۇۋاقلاشنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈۋېلىشنىڭ ئەڭ
ياخشى ۋاستىسى قىلماقچى بولىدۇ. شۇڭا، قول
ئاستىدىكىلەرگە ئىش تاپىلايدۇ. ئاپتور بۇ ئەھـ
ۋالنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ئىدارىنى تازىلاپ قويۇڭ مېھمان كېلىدۇ،
مۇزىكىنى سازلاپ قويۇڭ مېھمان كېلىدۇ.
كاتتا سورۇن، زىياپەت بار ھەيران قالغۇدەك،
چىراي ئېچىپ نازلاپ قويۇڭ، مېھمان كېلىدۇ.

مۇڭداشقىلى تانسا ئويناپ، (بەلنى تۇتقىلى)،
قاش ئوينۇتۇپ ناز ـ خۇلقىدا كۆڭۈل ئۇتقىلى،
مەھلىيا بوي تاس قالغۇدەك تىرىك يۇتقىلى،
ئۈز قىزلارنى چىللاپ قويۇڭ، مېھمان كېلىدۇ.

كۈتۈش بىلەن باھالىنار ئورۇن خىزمىتى،
ئېچىلىدۇ باشلىق يۈزى، ئېشىپ ھۆرمىتى،
يۆگىلىدۇ داستىخاندا نۇقسان ئىللىتى،
شەرتلەيمەن قاراپ قويۇڭ مېھمان كېلىدۇ.

شېئىردا بيۇكراتلىقنى ئادەتلىنىپ قالغان
باشلىقنىڭ ئوبرازى شۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك
يارىتىلغانكى، شېئىرنى ئوقۇغاندا ئادەمنىڭ كۆز
ئالدىدا خەلق بەرگەن ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن
ئىشلەتمەيدىغان، خەلق ئۈچۈن ئىشلەش كۆز
قارىشى ئېنىق بولمىغان، ھوقۇقنى ئۆزى ئۈچۈن
مال ـ دۇنيا توپلاش، ئىمتىياز تېپىش دەپ بىـ
لىدىغان بيۇكرات ئەمەلدارنىڭ خۇنۇك ئوبرازى
نامايان بولىدۇ. بۇ شېئىر كومپارتىيە ئەزالىرىـ
نىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش ئۆگىنىشى چوڭقۇر
ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، رەھبىرى كادىرلاردىن ئەڭ
كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىـ
لىش نۇقتىسىدىن خىزمەتنى ئەمەلىي ئىشلەش
تەلەپ قىلىنىۋاتقان، رەھبىرىي كادىرلاردا
خەلقنىڭ چاكارلىق ئېڭىنى تىكلەش تەلەپ
قىلىنىۋاتقان شارائىتتا ئوقۇپ قويۇشى، شېـ
ئىرنىڭ رېئال قىممىتىنى تەكىتلەپ قويۇش
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئابدۇغېنى سىيىت شېئىرلىرىدا يەنە ھۈـ
نەر ـ كەسىپ ئىگىلەش، مەرىپەت ئۆگىنىش،
ئەخلاق ـ پەزىلەتنى تەشەببۇس قىلىش مەزمۇـ
نىمۇ خېلى گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

ئاممىباب ئۇسلۇبتىكى سورۇن شېئىرلىـ
رىمۇ ئابدۇغېنى سىيىتنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مۇھىم
بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ بۇخىل خۇسۇسىـ
يەتتىكى شېئىرلىرى ئاساسەن خوتەن تۇپرىقىدا
ئويۇشتۇرۇلغان ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئىلمىي
مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا، نورۇزلۇق پائالىيەتلەردە
ئوقۇغان شېئىرلىرىدا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئابدۇـ
غېنى سىيىت خوتەن ۋىلايىتىدە ئېچىلغان
تۆرلۈك ئەدەبىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى، تۇرمۇش
ئۆگىنىش پائالىيىتى، نوزۇرلۇق پائالىيەتنىڭ
ئاكتىپ قاتناشقۇچىسى. ئۇ بۇنداق يىغىن،
سورۇنلاردا يازغۇچى ـ شائىرلار ئىناقلىقى، ئىتتـ
تىپاقلىقىنىڭ ئەلچىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق
يىغىنلارغا كۈلكە ـ چاقچاق ئېلىپ بارىدۇ. ھازىر
جاۋابلىق ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ،
مەزمۇنى ئاممىباب، تىلى ئوبرازلىق ئەسەرلەرنى
يېزىپ سورۇن ئەھلىنى كۈلدۈرەلەيدۇ. ئۇنىڭ
مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولغاچقا،
ئون نەچچە يىلدىن بىرى ئۇنىڭ شائىرلىق
سىماسى گۇمىنىڭ تاغلىق رايونىدا، قاراقاشنىڭ
سايباغ يېزىسى، خوتەن شەھىرىنىڭ لاسكۇي
بازىرى، خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئەنجۈر پادىشاھى
سەيلىگاھى، لوپ ناھىيىسىنىڭ بوزيەر ئېچىش
رايونى، چىرا ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايوـ
نى، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ لەنگەر يېزىسى، نىيا
ناھىيىسىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئېچىش رايونى
قاتارلىق جايلاردا قالدى. چۈنكى بۇ جايلاردا ئۇـ
يۇشتۇرۇلغان يىغىنلاردا، نورۇز پائالىيىتىدە،
يازغۇچى ـ شائىرلار بىلەن دېھقانلار ئورتاق
ئۆتكۈزگەن مەشرەپلەردە ئابدۇغېنى سىيىت



NEW JADE LITERATURE

سورۇننىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈشكە پايدىسى بار شېئىرلارنى ئوقۇپ، سورۇن ئەھلىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالغان، ئۇلارغا كۈلكە ئاتا قىلغانىدى. شۇڭا خوتەندە «شائىر ئابدۇغېنى سىيىت» دېگەن ئىسىم خېلى كۆپ جامائەتكە تونۇش، ئابدۇغېنى سىيىتنىڭ سورۇن شېئىرلىرى كىشىلەرنىڭ ياخشى ئالاھىدىلىكىنى كەۋدىلەندۈرۈش، شەخسىيەتكە، كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمىتى، غۇرۇرىغا تەگمەسلىك قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن روشەن گەۋدىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ شېئىرى ئابدۇلئەھەت قادىرى، مۇختار سۇپۇرگى بىلەن ھەرخىل يىغىلىشلاردا يېزىشىپ ئوقۇشقان شېئىرىي چاقچاقلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىدىكى شېئىرلىرى دوستلۇقنى، ئىناقلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى سورۇن شېئىرلىرى تۈرىنىڭ تەرەققىياتىدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشقا مۇناسىپ.

ئابدۇغېنى سىيىت شائىرلىق نۇقتىسىدىن ياخشى پەزىلەت يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن شائىر. بۇ يەردىكى پەزىلەت ئەلۋەتتە ساغلام ئادىمىيلىك پەزىلىتىدۇر. شائىر ھازىرغا قەدەر يازغانلىرى بەدىلىگە ھەرقانداق ئورۇندىن شۆھرەت تەمە - تەلەپ قىلغان ئەمەس. ئەكسىچە شېئىرلىرىنىڭ سۇپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم بۇرچى، دەپ قاراپ كەلگەن. شۇنىداقلا شائىرلىقنى بىرەر ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشنىڭ ۋاسىتىسى دەپ قارىغان ئەمەس، بەلكى شائىر بولغۇچى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى ساقلاشقا ھەرۋاقىت ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىزچىل رىئايە قىلىپ كەلگەن. بىر قېتىملىق خۇسۇسىي سۆھبەتتە ئۇ ماڭا «- يازغۇچى، شائىرلار بىر مىللەتنىڭ زىيالىيلىرى، مەدەنىيەت سەركىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىمىز. شۇڭا، بىز قەدىر - قىممىتىمىزنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ئالدى بىلەن بىر - بىرىمىزنىڭ ئىناۋىتىنى، ئىززەت - ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بۇ قوشۇندا پىشقەدەملەرمۇ، ئوتتۇرا ياشلىقلارمۇ، ياشلارمۇ بار. بۇلار ئۆزئارا ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشىمىز لازىم. بىز ئۆزئارا ئىناق ئۆتكەندە، بىر - بىرىمىزنى قوللىغاندا، ياردەم بەرگەندە ئاندىن ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتالايدىغان مۇھىتقا ئىگە بولالايمىز. مەن ئۈچۈن ئەڭ زور يوقۇتۇش ياخشى ئەسەر يازالماسلىق ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا قەدىر - قىممىتىمىزنى قىلىشماسلىقتا» دېدى. مەن بۇلارنى ئاڭلاپ شائىرنىڭ ئىجادىيەت كەسپ ئەخلاقىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئەھمىيەتلىك قاراش يېتىلدۈرگەنلىكىنى چۈشەندىم.

شائىر ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە، يەنە ئىجادىيەتتە ياش كۆچلەرنى بايقاش، يېتىشتۈرۈشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بولۇپمۇ ئۇ خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلىدە، يەنى 80 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن تاكى 2000 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا شۇ مەكتەپتە قۇرۇلغان «ئۈمىد غۇنچىلىرى» ناملىق ئەدەبىي كۇرژكىنىڭ پائالىيىتىگە مەرھۇم توختىياز قۇربان بىلەن بىرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىغا بىر بۆلۈك يېڭى كۆچلەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشكە ئەجىر سىڭدۈردى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان، ئوقۇش جەريانىدا ئىجادىيەت يولىغا قەدەم قويغان، بۇ جەرياندا قابىلىيەتلىك تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، ئىقتىدارلىق قەلەم ئىگىسى مەرھۇم توختىياز قۇربان بىلەن ئابدۇغېنى سىيىتنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بىر بۆلۈك قەلەمكەشلەر بۈگۈنكى كۈندە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىدىكى قابىل كۆچلەرگە ئايلاندى.

ئابدۇغېنى سىيىت شېئىرىيەتىنىڭ مۇخەممەس، غەزەل، مۇرەببە، مەسنىۋى شەكلىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، شائىرنىڭ بەلگىلىك شېئىرى تالانتىغا، ماھارىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

يۇقىرىقىلار پىشقەدەم شائىر ئابدۇغېنى سىيىت ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن شائىرنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە ئۇتۇق تىلەيمەن.

**تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

فىڭ يىسەي

# تەڭداشسىز بولاڭچىلار

كونا شەھەر بىلەن ئىجارە رايونى ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى يەر تىيەنجىن مۇداپىيە رايونى بويىچە ئەڭ ياۋايى جاي بولۇپ، ئادەملىرى قالايمىقان، بۇزۇقچىلىق چېكىگە يەتكەنىدى. 20 ـ يىللاردا بىر جۈپ ياش بۇ يەردىكى كوچىغا ياندىش بىر ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ توي قىلدى. ساندۇق ـ ئىشكاپلار يېپيېڭى، ئۆي سەرەمجانلىرى چىرايلىق بۇ ئۆيگە بىر جۈپ ياش تېخىمۇ ھۆسن قوشقان، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كۇنگۇرىسىگىمۇ بىر جۈپ قىزىل «خۇشاللىق» خېتى چاپلانغانىدى. توينىڭ ئەتىسى سەھەردىلا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئىشقا چۈشۈپ كەتتى. قوشنىلار ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى بىلمەيتتى.

ئۈچ كۈن ئۆتتى، ئىككەيلەن ئىشقا كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، تۇيۇقسىز شەرق تەرەپتىن بىر تۈز تەگلىك، ئۈچ چاقلىق يۈك ھارۋىسى ئۆچقاندەك يېتىپ كەلدى. ھارۋىنى ھەيدىگەن ئورۇق، ۋىجىك، ئۆڭى قارا، چېچى سېرىق، بۈلجۈڭ كۆشلىرى مۈشتۈمدەك بۆرتۈپ چىققان بوۋاي ئۇزۇن يىللىق ھارۋىكەشتەك قىلاتتى. ھارۋىدا ئولتۇرغان 17 — 18 ياشلار چامىسىدىكى ئىككى ئوغۇل بالا قوللىرىغا كالتەك، ئايپالتا ۋە ئارقان ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۈچەيلەننىڭ شۈملۈق يېغىپ تۇرغان پەيلىدىن ئۇلارنىڭ رەقىپلىرىنى دۇمبالاشقا كەلگەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى.

—— دادا، ئۆيدە ئادەم يوق ئىكەن. ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويۇپتۇ، —— دېدى ئىككەيلەن ئىشىككە قارىغاندىن كېيىن بوينۇلىرىنى تولغاپ.

بوۋاينىڭ غەزەپتىن ئەرۋايى ئۇچتى. كۆزى چاناقلىرىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەكلا تۇراتتى. گۆرەن تومۇرلىرى ھېلىلا پارتلايدىغاندەك بۆرتۈپ چىققانىدى. ئۇ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقارغىنىچە ئاغزىنى بۇزدى:

—— كۆرمەمسىلەر بۇ ۋاپاسىز ھايۋاننى! ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كارى يوق، بۇ يەرگە ئۇۋا ياسىۋالغىنىنى بۇ قاغىش تەككۈرلەرنىڭ، باللىرىم قۇلۇپنى چېقىڭلار!

ئۇنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا چۆرۈلگەن ئايپالتىلارنىڭ زەربىسىدە قۇلۇپ پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. ئىشىك ئېچىلىپلا يىگىت ـ قىزنىڭ ئۆيدىكى يېپيېڭى تويلۇق سەرەمجانلىرى كۆز ئالدىدا ئايان بولدى.

بوۋاي تېخىمۇ غەزەپلەنگەن ھالدا ئادەمسىز ئۆيگە قاراپ چالۋاقاپ كەتتى، ئاۋازى كىشىنى شۈركەندۈرەتتى.

—— ياخشىغۇ ۋىجدانسىزلار! كىچىكىڭىدىن ئەركىلىتىپ، كۆيۈنۈپ بېقىپ ئادەم قىلىپ قويدۇم. ئەمدىلىكتە ئاناڭ كېسەلدە مىلىق بولۇپ ياتسا، كېسەل كۆرسەتكىلى پۇل بولمىسا، سەن نائەھلى ھايۋان بىر تىيىن بەرمەكتە يوق، بىر بۇزۇقنى باغرىڭغا بېسىپ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرۈۋېتىپسەن ـ دە! ئاناڭ ئۆلەي دېمەتسا، سەنلەرگە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۈرۈپ نېمە كەپتۇ... ئوغۇللىرىم، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ بۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ بىرنى قويماي ئەكتىڭلى! ئەگەر چوڭ ئاكاڭغا يان باسقۇچى بولۇشساڭ، پاچاقلىرىڭنى چېقىۋېتىمەن!

ئىككى بالا قول ـ قولغا تەگمەستىن ئۆيدىكى كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە، چامادان ـ ساندۇق، يۈك ـ تاقلارنىڭ ھەممىسىنى ھارۋىغا بېسىشتى.

ئەتراپىنى ئورىۋالغان قوشنىلىرى بوۋاينىڭ تىللاشلىرىدىن ھېلىقى ئىككى ياش ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ كەلمىشلىرىنى بىلىپ يەتتى، بۇنداق ئۆلەي دەپ قالغان ئانىسى بىلەن كارى يوق قەبىھ كىشىلەرنىڭ ئىشىغا ھېچكىمنىڭ ئارىلاشماسلىقى بەرھەق ئىدى. يەنە كېلىپ بوۋاينىڭ غەزىپى بارغانسېرى ئۆرلەپ، گويا يېڭى يىلدىكى پوجاڭزىدەك پارتلاپ، كىم توسۇۋالسا ئۇنىڭ بىلەن جان سودىسى قىلىدىغاندەك ھۆرپىيىپ تۇراتتى.

—— دادا، چوڭ جابدۇقلارنى كۆتۈرگىلى بولمىدى، قانداق قىلىمىز؟ ـ دەپ سورىدى ئىككى بالا. بۇ چاغدا نەرسە ـ كېرەكلەر توشۇلۇپ تۈگەي دەپ قالغانىدى.

—— چېقىۋېتىڭلار! ـ بوۋاي گۈلدۈرمامىدەك ھۆكۈردى.

بىر ھازا چىققان يېقىمسىز ئاۋازلار بىر ئۈستاكان تالاغا تاشلانغاندىن كېيىن بېسىقىپ قالدى. بىراق بوۋاينىڭ غەزىپى تېخىچە بېسىقمايۋاتاتتى.

—— ئەتە كۆرۈشكەندە دېيىشەرمىز تېخى! —— بوۋاي ھۆكۈرگىنىچە پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالدى.

ئىشنىڭ ئۇلۇغ ئېچىنىشلىق يېرى ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، كونا بويى قاراپ تۇرغان قوشنىلارنىڭ بىرەرسىمۇ يېقىن يولاپ قويمىدى. بىراق ھېچكىم ئۇ يەردىن ئايرىلىپمۇ كەتمىدى. ھەممىسى ئۇ ئىككەيلەننىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ، تاماشاغا تەقەززا بولۇپ تۇراتتى.

چۈشتىن كېيىن يېڭى تويلاشقان جۈپتەكلەر چاقچاقلاشقىنىچە قايتىپ كەلدى. ئىشنىڭ تۈگۈنگە كەلگەندە، ئۇلار بىر قاراپلا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئەتراپتىكىلەردىن سورىۋېدى، تېخىچە تاماشا كۆرۈپ تۇرغان قوشنىلار دەررۇ تارقاپ كېتىشتى.

—— ئەتىگەندە دادىڭىز بىلەن ئىنىلىرىڭىز كەپتىكەن. بۇنىڭ ھەممىسىنى شۇلار قىلدى. ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىپ قاراپ باقسىڭىز بولغۇدەك، ـــ دېدى بىر بوۋاي ۋاپاسىز يىگىتتىن نارازى بولغان تەلەپپۇزدا.

يىگىت ئاڭلاپ تېخىمۇ ھاڭۋېقىپ قالدى.

—— مېنىڭ نەدىمۇ دادام بولسۇن! ئۇ ئۈچ يېشىمدىلا قازا قىلغان، ئانام ئۇزاقى يىلى ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسا! —— يىگىت تۇيۇقسىز ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋاقىراپ كەتتى، —— ھەدەم ياتلىق بولۇپ كەتتى، قېرىندىشىم نېمىش قىلسۇن!

—— نېمە دېدىڭىز؟ ـ بوۋاي چۆچۈپ كەتتى. ئەتىگەندىكى ئىش راست تۇرسا، كىشىنىڭ ئەقلى زادىلا يەتمەيتتى، ـ بىراق ئۇنىڭ دادىڭىز ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق تۇراتتىغۇ!...

ياش ئەر ـ خوتۇنلار دەرھال ساقچى ئىدارىسىغا دىلو مەلۇم قىلىشتى. بىراق دىلو ئون يىل تەكشۈرۈلۈپمۇ ئۇلارنىڭ «دادا»سى ئەسلا تېپىلمىدى.

تيەنجىن مۇداپىيە رايونىدىكى بۇلاڭچىلىق دىلوسى ئىنتايىن سىرلىق بولۇپ، راستىنلا بىرىنچى چوڭ دىلو دېيىشكە بولاتتى، بۇلاڭچىلار خەقنىڭ دادىسى بولىۋالدى. بۇلانغۇچىلار زىيانىنى ئاز دەپ بۇلاڭچىلارنىڭ «ئوغلى» بولۇپ قالدى. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك بۇ كىشىگە ئېغىر ئېچىش تولىمۇ قىيىن ئىش ئىدى. مۇبادا چىدىيالماي دەپ سالسا، كىشىنىڭ ھېسداشلىقى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە كۈلكىگە قالاتتى، ـ دە، تېخىمۇ نەس باسقىنى شۇ ئىدى. نېمىدېگەن زىيان، نېمىدېگەن ئاچچىق، نېمىدېگەن ئاجايىپ ۋە نېمىدېگەن رەزىللىك ـ ھە.

خەنزۇچە «مىكرو ھېكايىلەردىن تاللانما»نىڭ 2000 ـ يىللىق 16 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: داۋۇت ئادىل

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

NEW JADE LITERATURE

سۈتسىز ئېنەك تولا مۆرەيدۇ.

# ئالاھىدە سوۋغا

ئىدارىدە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىق نامزاتى كۆرسىتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، بىر قانچە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇش ئۈمىدى بار ياردەمچىلەر ھەرۋاقىت يەڭنى شىمايلاپ تەييار تۇراتتى.

ئۇلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئالدىراپ، ئىدارە باشلىقىغا ئازراق بىر نەرسە ئاپىرىپ، يەڭ ئىچىدىلا ئىشنى پۈتتۈرمەكچى بولدى.

لى بۆلۈم باشلىقى ئىدارە باشلىقىنىڭ هاراق ـ تاماكىغا خۇمار ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، يىغىپ ساقلىغىلى ئۇزۇن بولغان بىرقانچە مىڭ يۈەننى ئېلىپ، داڭلىق هاراق ـ تاماكىلارنى سېتىۋالدى ـ دە، قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئىدارە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردى. ئىدارە باشلىقى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

جۇ بۆلۈم باشلىقى ئىدارە باشلىقىنىڭ ھۆسنىخەت ۋە رەسىملەرنى يىغىپ ساقلاشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەشھۇر ھۆسنىخەت ۋە رەسىملەرنى يېرىم كېچىدىلا ئىدارە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردى. ئىدارە باشلىقى قىلچىلىك رەت قىلمايلا قوبۇل قىلدى.

ۋۇ بۆلۈم باشلىقى ئىدارە باشلىقىنىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ خەلق پۇلىنى مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ئالماشتۇرۇپ كونۋېرتقا سېلىپ، ئىدارە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئىدارە باشلىقىمۇ ھېچبىر تۇزۇت قىلمايلا يانچۇقىغا سالدى.

لى، جۇ، ۋۇ بۆلۈم باشلىقلىرى مۇشۇنداق ئالدىراش چېپىپ يۈرگەن چاغلاردا شۇلارغا ئوخشاش كۆتۈرۈلىدىغان جاۋ بۆلۈم باشلىقى بىپەرۋا يۈرەتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىپەرۋا ھالىتىدىن ئىدارە باشلىقىغا ھېچنېمە بەرمىگەندەك قىلاتتى.

تەيىنلەش نەتىجىسى چىققاندىن كېيىن، جاۋ بۆلۈم باشلىقىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنلىكىدىن كىشىلەر ھەيران قالدى. بۇ ۋاقىتتا ئىدارىدىكىلەر جاۋ بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئارقا تىرىكىنى پەرەز قىلىشتى ـ يۇ، ئۇنىڭ قانداق ئالاھىدە جايلىرى بارلىقىنىمۇ تېپىپ چىقالمىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بويتاق يۈرگىنىگە كۆپ يىل بولغان ئىدارە باشلىقى ئويۇقسىز توي قىلماقچى بولدى. كېلىن ھەم ياش ھەم چىرايلىق بولۇپ، توي مۇراسىمىدا كۆپچىلىك جاۋ بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئىدارە باشلىقى يېنىدىكى ئەلچى ئورنىدا ئولتۇرغانلىقىنى، ئىدارە باشلىقىنىڭ ئايالى ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن ئۇنىڭغا هاراق تۇتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر جاۋ بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئىدارە باشلىقىغا ئەسلىدە ئالاھىدە سوۋغا بەرگەنلىكىنى بىردىنلا چۈشەندى.

خەنزۇچە «كۈلكە ـ چاقچاقلار» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئاتىكەم نىزامىدىن

(تەرجىمان: كېرىيە ناھىيە لەنگەر يېزىسىدىن)

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت


## كىتابخانىلار سەمىگە:

ۋىلايىتىمىز تەۋەسىدىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا ئېھتىياجى بولسا «بۇلاق كىتابخانىسى» ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى تارمىقىغا قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى سورايمىز.

خوتەن «بۇلاق كىتابخانىسى» مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق، «ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئەرلەر كېسەللىكىنى داۋالاش»، «كارل ۋېتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى»، «مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇدلۇقىمىز»، «چىرايلىق ئىسلا مەشقى»، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»، «خەنزۇچە سۆزلەشنى تېز ئۆگىنىش»، «سوۋغات» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇردى.

خوتەن «بۇلاق» كىتابخانىسى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. بۇ كىتابلارغا ئېھتىياجلىقلارنىڭ «بۇلاق» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: خوتەن شەھىرى تېببىي يولى ئات بازار دوقمۇشىدا

ئالاقىلاشقۇچى: ئابدۇلقۇدۇس ئىمىنتوختى

تېلېفون: 6876372، 2051010 ـــ 0903

مەتتۇرسۇن ئېلى

# «يېڭى قاشتېشى»دىكى دېھقان روھى

بۈگۈن كىتابخانىنى ئارىلاۋېتىپ يېڭى كىتاب تىزىلغان جازىلارغا خۇددى قازانغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاچ قورساق بالىدەك قاراشقا باشلىدىم. كۆز ئالدىمدا بولسا، ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان گۈزەل ساھىپجامالدەك «تارىم»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «يېڭى قاشتېشى» ... قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ژۇرناللار كۆزۈمنى قاماشتۇرماقتا ئىدى. شۇ تاپتا قايسىنى تاللاشنى بىلمەي قالغانىدىم. قانداق قىلسام بولار؟ نېمە ئۈچۈندۇر كاللام ھېچنەرسىگە ئىشلىمەيۋاتاتتى. بىرلا ۋاقىتتا ھەممىنى كۆرگۈم، ھەممىنى ئوقۇپ چۈشەنگۈم بار ئىدى. ئامال قانچە؟ بىر ئادەم ئۆزىگە مەڭگۈ ھەمرا بولىدىغان سادىق دوستىغا ئىنتىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ كىتاب جازىلىرى ئىچىدىن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 5 ـ سانىنى قولۇمغا ئالدىم ـ دە، ۋاراقلاشقا باشلىدىم. مۇھەممەت كامال خۇشخۇينىڭ «چىن قاياشمۇ بىزدە بار» ناملىق شېئىرى دىققىتىمنى ئۆزىگە ئالاھىدە تارتتى. پۈتكۈل ئوي ـ خىيالىم شۇ شېئىرغا مەركەزلەشتى:

رەڭ بېرىپ ئىللەتكە ئاھ، ھەرخىل بوياشمۇ بىزدە بار،
ئاق كۆڭۈل دېھقاننىلا ئالداش ـ قويۇشمۇ بىزدە بار.

شۇئان كەلگەن تېلېفون ئاۋازى دىققىتىمنى بۇزدى. كىتابنى ئېلىپ ئاستا ئىشخانىغا قايتىپ كەلدىم. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، شېئىرنى يەنە باشتىن ـ ئاخىر بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم، ئانچە ـ مۇنچە بىر نەرسە كۆرگەچكىمىكىن ئۆزۈم يازالمىسامۇ، باشقىلارنىڭ ئەسىرىگە باھا بېرىپ يۈرىدىغان ئادىتىم بار ئىدى. «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقىدۇ»، دېگەندەك كاللامغا كەلگەن ئوي ـ خىيالنى ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىم بىلەن ئورتاقلىششنى توغرا تاپتىم. شۇ تاپتا سالا ـ سالا ئېتىزلاردا ئىشلەۋاتقان دېھقان ئاتام بىلەن دېھقان ئاكام كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئارامىمنى بۇزدى. كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق، ئۆزۈمنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ مۇشۇ ھالغا يېتىشكە شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بەرگىنى دېھقان ئاتام ئەمەسمۇ، توۋا، ھېلىقى قىلىقسىزلىقىمچۇ؟ ئۇلارنى نېمىشقىمۇ كەمسىتكەندىمەن. پۇشايمان قىلماقتىن باشقا ئامال يوق. خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەسلىمگە قايتتىم:

تېرىسا بۇغداي ئۆزى يەيدۇ، قوناقنى ـ زاغرىنى،
باش باھار كەلمەي تۇرۇپ تىلغايدۇ ئاچلىق باغرىنى،
باشقىلار قىزىتسا توي، چالغاي پەقەت ئۇ ناغرىنى،
«ئەسسالام» دەپ كەلسە ئۇ ھېچكىم كۆتۈرمەس ساغرىنى،
شۇ جاپاكەش دېھقاندىن بەك تويۇشمۇ بىزدە بار.

يەنە خىيالغا پاتتىم. مەرھۇم شائىرىمىز روزى سايىت ئەپەندىمنىڭ غايىۋانە سىماسى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ مېنى تېخىمۇ ئازابلىدى. شۇ تاپتا يىغلاۋاتىمەن، يۈرىكىمدىن چىقىرىپ ئىچ ـ ئىچىمدىن بوغۇلۇپ يىغلاۋاتىمەن. بىز دېھقان بالىسى تۇرۇپ ئۆزىمىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنى ئۆزىمىز خارلاۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن.

كۆردۈڭلار ھالىمىز شۇ قەدەر ناچار،
قازنالار قوپقۇرۇق چاشقانمۇ قاچار،
يەي دېسەك تۈگىدى، يېمىسەك ئاچار،
بوپ قالدۇق بىز نېچۈن بۇ ھالغا دۇچار،
جاھاندا ھەممىدىن دېھقان بولماق تەس.
(روزى سايىتنىڭ «دېھقان بولماق تەس» شېئىرىدىن)
گىردىمىزنى پەش قىلىپ دېھقاننى كۆزگە ئىلمىدۇق،
توي ـ تۆكۈن، ئايىمدە كەلسە تۆردە مېھمان قىلمىدۇق،
ياكى دېھقان كۆڭلىمىزنى رەنجىتكەنمۇ (بىلمىدۇق)،
باستىمۇ نەس، يا بۇرۇندىن شۇنداق قارا دىلمىدۇق،
شۇ جاپاكەش مېھرىباندىن بەك تويۇشمۇ بىزدە بار.

مەرھۇم شائىر روزى سايىت ئەپەندىم كېيىنكى ھاياتىدا دېھقان ئۈچۈن گەپ قىلغانىدى، تاپىنىدىن ـ بېشىغىچە دېھقان، خەلقىم، مىللەت دەپ قەلەم تەۋرەتكەنىدى. بولۇپمۇ دېھقانلىرىمىز ئۈستىنە كۆپ قەلەم تەۋرىتىپ دېھقانلىرىمىز ئارىسىدىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانىدى. مانا، ئارىمىزدا يەنە بىر ھايات روزى سايىت پەيدا بولدى. ئۇنىڭ «چىن قاياشمۇ بىزدە بار» دېگەن شېئىرى بۇنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتى. داڭلىق بىر ئوبزورچى بولۇپ قالسامچۇ؟ مەندەك ئوڭلاپ بىرەر كۇپلېت قوشاق توقۇيالمايدىغان ئادەم قانداقمۇ باشقىلارنىڭ شېئىرى ئۈستىدە سىستېمىلىق گەپ قىلالايدۇ، دېمىسىز؟ ھەر ھالدا دېھقان ئاتام ئوقۇتۇپ ساۋادىمنى چىقارغاچقا، شۇنچىلىك بىر نەرسە يازالىدىم. ھېلىمۇ ياخشى ـ ياماننى كۆرگىلى كۆزۈم، ئاڭلىغىلى قۇلىقىم، سۆزلىگىلى تىلىم، ئويلىنالايدىغان مېڭەم بار ئىكەن، مەن مۇھەممەت كامال خۇشخۇي ئەپەندىنىڭ «چىن قاياشمۇ بىزدە بار»ناملىق شېئىرىنى ياخشى يېزىلغان شېئىر دەپ قارايمەن. ئۇ ھەقنى سۆزلىگەن، راست گەپ قىلغان، دېھقانلىرىمىز ئۈچۈن كەتمەن چاپقان، سەن، مەن ئۈچۈن يىغلىغان، كۈلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شېئىر ئادەم قەلبىنى زىلزىلىگە سالالىدىغان. ئۇنىڭ بۇ شېئىرى ھەممىلا ئادەمنىڭ ئوقۇپ چىقىپ، ئويلىنىپ بېقىشىغا ئەرزىيدۇ. خوتەن يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن چىققان قاشتېشى پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان بولسا، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ ئانا مەكتىپىدە ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشالايدىغان مۇھەممەت كامال خۇشخۇي ئەپەندىمدەك ئوت يۈرەك ئوغلانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى ۋە چىقماقتا. ئۇلار ئىجاد قىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىيات سەھنىسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

ئاخىردا مۇھەممەت كامال خۇشخۇي ئەپەندىمنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، قەلىمىگە بەرىكەت تىلەيمەن.

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئەبەيدۇللا ئەقسەرى

# كەنزۇرراغىبىن (قىزىقتۇچىلار غەزىنىسى)دىن تاللانمىلار

كىشىكى ئۆيىنى ئېگىزلەر ئۇ ھەم كېتەر بىر كۈن،
ئىمارەتنى قېنى سىز دەپ قىچىرسە يېتەر بىر كۈن.
بۇرادىرىم ئاكىجان ئەتىسىگىزمۇ بەك ئىشلەپ،
قوڭىغە تاشنى قويۇپ، ئۈستۈننى قىشقىشلەپ.
بۇ ئۆيلەرىڭغە كىرەلمەي تۇرارمۇ ئەزرائىل،
ئەجەلگە توغرا بولالماس ئىمەسمۇ سەن قائىل.
ئەجەبمۇ ئۇز يەراشىبىدۇر ئۆيۈڭغا دەربازى،
يىراق يەتكۈسى توپدەك ئېچىلسە ئەۋازى.
ئەجەب تۆمۈرنى قاقىبسەن ئىشىككە چەنبەرلەپ،
بۇ ئۆيغە مانجەنى بەردىڭ كۈمۈشنى سەر ـ سەرلەپ.
غەرەز ئىشىك بىلە ئۆيدىن نېمە دېگىل ئەي يار،
سېنىڭ بۇ جەبرۇ ـ جافايىڭ بىكارغەدۇر ـ بىكار.
قەچانكى بىر كۈنى كەلسە جان ئالغۇچى ئەلچى،
ئىشىك توسارمۇ خوجامنى قېنى دېگىل غالچى.
ئەقسەرى ئەبەيدۇللا بۇ جەھاندا مەستانە،
سەككىزىنچى بابىدىن سۆزلىگىلى مەردانە.

※ ※

ئۆزۈڭ ۋۇجۇدىنى بىلمەي كىيەرمۇسەن تونىنى،
قەنائەت ئەتمەيۇ بىرگە تېخى كىيىپ ئۇننى.
ئىچىڭدە شايەدە كەمزۇر تاشىڭدە ئەلفاكى،
باشىڭدە دوففەسى مەخمەل دىلىڭدە ناپاكى.
يەتار تېگىدە تۈشەكلەر تەۋارۇ ـ مەخمەلدىن،
ئىنىڭ دىلىدە خەبەر يوق ئەخىرقى ئەھۋالدىن.
قەچانكى بىركۈنى تەگرىم بۇ جان ئەمانەتنى،
بېرىشكە ئەمرى تۈشۈرسە كۆرۈڭ نەدامەتنى.
خام كىيىشكە نامۇسۇڭ بەكمۇ كۆپ ئىدى ئەي جان،
ئەخىرى كىفەنلىكنى خامدىن ئەتتى ۋاي ئەرمان.
سۆزلىگىل ئەبەيدۇللا قەبرىنىڭ ئەزابىدىن،
مۇنكىرۇ ـ نەكىرلەرنىڭ ھۇۋەلناك سوئالىدىن.

※ ※

موللانىڭ ئەزابى چوڭ گورغە كىرسە ئەي جانىم،
تەگرىدىن تىلەرمەنكى ساق قالۇرمۇ ئىمانىم.

ئىلىم بەردىلەر تەگرىم بىر ئەمەل فەقەت يوقدۇر،
شۈبھەلىك تەئامләردىن قارنىمىز ئەجەب توقدۇر.
ئاغزىمىزدا رەڭگا ـ رەڭ ۋەئىزنى دىدۇك ئەلگە،
قىلمادۇق ئەمەل بىزلەر ۋە ئىزىمىز كېتەر يەلگە.
خەلقلەر دېگەي بىزنى ياخشى ئېيتتى داموللام،
خەلقنىڭ سۆزى بىزنى خۇشمۇ قىلدىلەر گوللام.
ئاخۇنۇم بولۇبدۇرمىز ياڭزا بىرلە تون سىيلاپ،
ساياغە قەرابدۇرمىز سەللەنى ئەجەب قىيلاپ.
ئۆزىمىز ياساپ ھەردەم ئۆزىمىزنى فەندۇردۇق،
تەرك ئېتىپ ئىبادەتنى نەفسىمىزنى قاندۇردۇق.
بەلكى نەفس قانمايدۇر بۇ جەھانغا ھەرگىزما،
نەفسى شۇم بەلاخورغە تۇتۇلۇپ ئىكەنمىزما.
ئىلىمنى بېرىبدۇر ھەق قەدرىنى بىلەلمەيمىز،
كىم تەئام ئېتىپ بەرسە شۇ بىلەن ئۇنى يەيمىز.
ئۇشبۇ كۈندە ئاخۇنلەر بولدىلەر تونۇردەك ھەي،
باتىنى بۇ ئاخۇننىڭ تىنجىغان ئۇرۇكدەك ھەي.
غۇرۇر كىبىر ئۈچۈن ئۇشبۇ كۈندە موللالەر،
زەمانە ھىلە قىلىپ بىر ـ بىرىنى گوللالەر.
ئۇشبۇ كۈندە موللالەر كۆزلەرىنى چەكچەيتىپ،
تەلمۈرۈپ يۈرەر بولدى بەللەرىنى مۈكچەيتىپ.
بۈگۈن كىم ئۆلدىكى دەپ ئۆز ئىچىدە تىڭ ـ تىڭلاپ،
بىر كىشى ۋەفات قىلسە ئۆيگە كەلدى شىڭ ـ شىڭلاپ.
شۇنچىلىك تەفاۋەتكە بۇ جانىڭنى قىينايسەن،
ئەرتەگە فۇشايمان يەپ ئۆز ئېتىڭنى تىينايسەن.
فەقەت ئىچىدە ئەلق يوق كىشى مۇدەررىس نام،
كىتابنى بەرسە قۇلىغە بولۇر بۇ ئاخۇن تام.
زەمانە ئەھلى بىلەن بىر بولۇپ ئالۇر يەمنى،
كىتاب قاشىغە كېلىپ قالسا ئەيتتى نەم ـ نەمنى.
ئەقسەرى ئەبەيدۇللا ئۇشبۇلەردىن ئىبرەت ئال،
ھەشرىنىڭ ئەلامەتنى ئۈستۈنىدەكى ئەھۋال.

※ ※

ھەق ئۈچۈن ئاداش بولغان ئەھلى مەئرىفەت بارمۇ،



كۈمۈش پەقەت كۈمۈش، ئۇنىڭ ئالتۇن بولىشى مۇمكىن ئەمەس.

NEW JADE LITERATURE

بىر ـ بىرىگە كۆيمەكتە ئىشقىلىغ سۇفەت بارمۇ.
ئىشقسىز قەرەدىل ھەق ئۈچۈن ئاداش بولماس،
ئىشقسىز كۆڭۈللەرگە مەئرىفات ئوتى تولماس.
بۇ جەھاندا سۇلتانىكىم، دىلكەباب مەسەللىك فۇل،
بولسەغۇ گەدزادە تەنلەرىدە بىر قات جۇل.
ئەھلى زاھىرى بىلمەس، ئىشىق بولسە بىر گۆھەر،
قەدىرنى بىلىشلىككە لازىم ئولدى بىر زەرگەر.
مەئرىفات بەزارىدە ئىشقىدىن دوكان ئاچتى،
كىم شىكەستە دىل بولسە ئىشقىدىن گۆھەر ساچتى.
ئەھلى تەن بەزارىدە فۇل بىلەن بولۇر جۇدا،
ئەھلى دىل بەزارىدە مەئرىفەت بىلە سودا.
كىم يوغان قىلۇر كەفنى ئەھلى تەن ئۇنى چوڭ دەر،
كىم ئۆزىنى خار ئەتسە ئەھلى دىل ئۇنى ئۇلۇغ دەر.
ئەھلى تەن ئەدارىسىدە تون بىلەن بولۇر ئىززەت،
مەردى ھەق تونى جۇلدۇر جەندەدىن تەفار لەززەت.
بارچە نەرسە سىنىغاندا نەرقى فەستلەنىپ كەتكەي،
دىلنى سۇندۇرۇپ سالىغىل ئۆزگە مالىغە يەتكەي.
سىنىمىغان پۈتۈن چىنىنى ئوغرى كىرسىلەر ئالغاي،
پارچە ـ پارچە بولغان چىن ئۆز مەكانىدە قالغاي.
تەنپەرەست ھاماقەتلەر كۆڭلىنى پۈتۈن ئوتغاي،
كەلسە بىر كۈنى شەيتان ھەممىنى پۈتۈن يۇتغاي.
دىلنىڭ ئوغرىسى شەيتان ھەممە ۋاقىت ھازىر بول،
زىكرى ھەق بىلەن شەيتان ئوغرىلەرغە نازىر بول.
شىكەستىلىك بىلە ھەركىم خۇدانى ياد ئەيلەر،
ئۇ شول كىشىنى خۇدا ھەممە ۋەقىت شاد ئەيلەر.
تەگىرمىز پۈتۈنلەيدۇكىمكى دىلنى سۇندۇرسە،
ئىشقىنىڭ ھوسۇلى كۆپ كىمكى دىلدە ئۈندۈرسە.
ئۇستەلەر دۇكانىدە كۆرمەدىڭمۇ ئاتەشنى،
مۇم سۇفەت قىلۇر ئۇستا يۇمشاتىپ تۆمۈر تاشنى.
كۆرسەگىز ئۇ ئاشىقنىڭ زاھىرى كۆمۈرچىدۇر،
ئىشقىڭ دۇكانىدا شۇل كىشى تۆمۈچىدۇر.
تاش دىلىڭنى ئەي سالىك شول تۆمۈرچىگە تاپچۇر،
قىل ئۆزۈڭنى فەرۋانە ئوتغە سەن ئۆزۈڭنى ئۇر.
بازغانى ئىنىڭ شەرىئى، سەندەلى تەرىقەتدۇر،
مەئرىفات ئۆزى ئوتدۇر، قۇچلارى ھەقىقەتدۇر.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

(ئاپتور: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ پېنسىيونېرى)

تەھرىرى: **تۇرسۇنجان مۇھەممەت**

新玉文艺　*NEW JADE LITERATURE*　يېڭى قاشتېشى

2005年　第4期　（文学双月刊）
编　　辑：《新玉文艺》杂志编辑部
出版单位：和田地区文联
印　　刷：乌鲁木齐隆益达印务有限公司
发　　行：和田地区邮政局
订　　阅：全国各地邮政局
开　　本：1/16，787×1092，6印张
国外发行号：BM6670
国外发行点：中国国际图书贸易总公司
国内统一刊号：CN65－1088/1
国际标准刊号：ISSN 1002－929X
邮政代号：58－26
邮政编码：84800

2005 ـ يىل 4 ـ سان (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
ئۈرۈمچى لوڭيىدا باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 1/16، 787×1092 م م، 6 تاۋاق
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: BM6670
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى: CN65 — 1088/I
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1002 — 929X
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 — 26
پوچتا نومۇرى: 848000

电话：2023792　　定价：4.00元
تېلېفون 2023792　　باھاسى: 4.00 يۈەن

# مايبوياق رەسىملەردىن ھۇزۇرلىنىڭ



خەلق قوشاقچىسى رامۇك موللام يۇسۇپجان سىزغان



زوقلىنىش يۇسۇپجان سىزغان



قەدىمىي كوچا قەيسەر ھىسامىدىن سىزغان



ھۈنەرۋەن بوۋاي مۇھەممەت سۇلتان سىزغان



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يۇرۇڭقاش «نەقشۈەن» گىلەمچىلىك كارخانىسىدا ئابلەھەت ھاجىم بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەكتە .



ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئابلەھەت ھاجىمنىڭ گىلەمچىلىك كارخانىسىدا تۆگە يۇڭىدا توقۇلغان گىلەملەرنى ئىخلاس بىلەن كۆزدىن كەچۈرمەكتە .



مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد ئابلەھەت ھاجىم بىلەن بىللە .



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ، مۇئاۋىن رەئىس نۇرلان ئابىلمەجىن ھەمدە لوپ ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئابلەھەت ھاجىم بىلەن بىللە .




# ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان يۇرۇڭقاش «نەقشۈەن» گىلەمچىلىك كارخانىسى

قاشتېشى چايقاپ ئاقىدىغان دولقۇنلۇق يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي ساھىلىدا ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر پۈتۈن قوللىنىش گىلەمچىلىك قول ھۈنەر - سەنئەت كارخانىسى بار ، ئۇ لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇرۇڭقاش بازىرىدىكى مەرپەتپەرۋەر دېھقان كارخانىچى ئابلەھەت ھاجىم قۇرغان يۇرۇڭقاش «نەقشۈەن» گىلەمچىلىك كارخانىسى . بۇ كارخانا 2000 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇ قىسقىغىنە بەش يىل داۋامىدا ، كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ ، ھازىرغا كەلگەندە 3500 كۋادرات كۆلەمگە ئىگە توقۇش سېخى بولغان ، ئاجىز ، نامراتلارنىڭ پەرزەنتى ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغانلاردىن 328 كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ، ئىشلەپچىقىرىش يىلسېرى راۋاجلانغان كارخانا بولۇپ قالدى . بۇ كارخانىدا توقۇلغان 28 خىل نۇسخىدىكى گىلەم ئۆتكەن يىلدىن ئېتىبارەن ، خوتەن قاشتېشى مەدەنىيەت - ساياھەت بايرىمى ، ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى ، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىگە قويۇلۇپ ، قىزغىن ئالقىشلاندى . بۇ كارخانىنىڭ ساپ تۆگە يۇڭىدا توقۇلغان گىلەملىرى ئىنتايىن بازار تېپىپ ، ئېھتىياجنى قاندۇرالمىدى . بۇ كارخانىنى ھازىرغىچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يۇرۇڭقاش بازىرى ، لوپ ناھىيىسى ، خوتەن ۋىلايىتى رەھبەرلىرى ھەمدە ۋاڭ لېچۈەن ، ئىسمائىل ئەھمەد ، ئىسمائىل تىلىۋالدى ، شيۇڭ خۇيىلىڭ ، نۇرلان ئابىلمەجىن قاتارلىق دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى كۆزدىن كەچۈرۈپ ، بۇ كارخانىغا يۇقىرى باھا بەردى ۋە نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ، مەرپەتپەرۋەر دېھقان كارخانىچى ئابلەھەت ھاجىمنى تېخىمۇ كۈچىنىپ ئىشلەپ ، كارخانىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى .